# تابىئىنلار ھاياتىدىن تاللانمىلار

مۇندەرىجە


ئابدۇراھمان غافىقى........................................................................2
ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى (ئابدۇللا ئىبنى سۇۋەب)......................................13
ئەھنەف ئىبنى قەيس.......................................................................19
ئەمر ئىبنى ئابدۇللا تەمىمى.............................................................32
ئەمر ئىبنى شۇراھەبىيل.................................................................39
ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ...................................................................44..
ھەسەنۇل بەسەرى.........................................................................50
ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە ئەلمۇزەنى.....................................................57
قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى...........................................65
مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە.................................................................70
مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن...............................................................77
مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدى........................................................82
نەجاشى.......................................................................................92
نۇئمان ئىبنى سابىت (ئەبۇ ھەنىفە)...................................................103
رەبىيئە ئىبنى خۇسەيم...................................................................112
رەبىيئەتۇر رەئيى...........................................................................118
رەجا ئىبنى ھەيۋە..........................................................................126
رۇفەي ئىبنى مىھران (ئەبۇلئالىيە).....................................................134
سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر ئىبنى خەتتاب...................................140
سەئىد ئىبنى جۇبەير......................................................................150
سەئىد ئىبنى مۇسەييەب.................................................................159
سەلەمە ئىبنى دىينار......................................................................165
سىلە ئىبنى ئەشيەمەل ئەدەۋى.........................................................171
تاۋۇس ئىبنى كەيسان....................................................................176
ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىك..........................185
ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير.......................................................................200
شۇرەيھۇل قازى.........................................................................208
زەينۇل ئابىدىن (ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى)..............................214

## ئابدۇررەھمان غافىقى

**«غافىقى ئىرادىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، غايىسىنىڭ بۈيۈكلىكىدە مۇسا ئىبنى نۇسەيىر، تارىق ئىبنى زىيادنىڭ ھەققى كۆرۈنۈشى»**

**- تارىخچىلار**

مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ۋە توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ بەشىنچىسى- ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەپنە ئىشلىرىدىن قولى بوشىشىغىلا، ھەر قايسى شەھەر، ۋىلايەتتىكى رەھبەرلەرنىڭ قالدۇرىدىغانلىرىنى قالدۇرۇپ، تەيىنلەيدىغانلىرىنى تەيىنلىدى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەنلەر ئىچىدە سەمھە ئىبنى مالىك خەۋلانىمۇ بار ئىدى. خەلىپە ئۇنى ئىسپانىيە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېڭىدىن ئازات قىلىنغان فىرانسىيە زېمىنلىرىغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. يېڭى ۋالىي ئىسپانىيە دىيارىغا باردى ۋە سەمىمى، ياخشى كىشىلەرنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەردىن:

- بۇ ئەلدە تابىئىنلاردىن بىرەرى ھايات بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- ھەئە، بار، ئى ئەمىر! بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئابدۇللا غافىقى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇلۇغ تابىئىن بار، - دېيىشتى ۋە ئەمىرگە ئۇنىڭ الله نىڭ كىتابىغا ئالىم ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى، جىھاد مەيدانلىرىدا تەجرىبىسىنىڭ موللىقى، شەھىدلىككە قاتتىق ئىنتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. يەنە ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

- ئۇ ساھابە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەردىن تەلىم ئالغان. (الله ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ دادىسىدىن رازى بولسۇن!) ھەمدە ئۇنىڭ يولىنى تۇتقان.

سەمھە ئىبنى مالىك خەۋلانى ئابدۇررەھمان غافىقىنى چاقىرتتى. ئۇ كەلگەندە سەمھە ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە يېنىدىن ئورۇن بەردى، ئاندىن سەمھە ئۇنىڭدىن كۆڭلىدىكى بارلىق مۇھىم ئىشلارنى سورىدى، قىيىن بىلىنگەن ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەت سورىدى، ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى ئاستىرتتىن سىناپ كۆردى. ئەمەلىيەتتە ئابدۇررەھمان كىشىلەر دېگەندىنمۇ ئۈستۈن چىقتى- دە، سەمھە ئۇنى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىگە قويماقچى بولۇۋىدى، ئابدۇررەھمان مۇنداق دېدى:

- ئى ئەمىر! مەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچىدىكى بىر ئادەم. مەن بۇ يۇرتقا مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرەرىدە تۇراي دەپ كەلگەن. ئۆزەمنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتىغان، الله نىڭ سۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچ ئالغان. الله خالىسا مەن ھوقۇق تۇتمىسامۇ سەن ھەقىقەتەن مۇستەھكەم تۇرساڭلا، سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولغانلىقىمنى؛ الله ۋە رەسۇلۇللاغا بويسۇنساڭلا، مېنىڭ ساڭا بارماقلىرىڭدىنمۇ بەكرەك بويسۇنغانلىقىمنى كۆرىسەن.

ئۇزاق ئۆتمەي سەمھە ئىبنى مالىك خەۋلانى پۇتكۇل فىرانسىيەگە غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇنى بۈيۈك ئىسلام ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىگە قوشۇش، بۇ ئارقىلىق بالقان رايونىغا يول ئېچىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « قۇستانتىنىيە چوقۇم ئازات قىلىنىدۇ. شۇ قوشۇن ھەقىقەتەن ياخشى قوشۇن، ئۇنىڭ قوماندانى ھەقىقەتەن ياخشى قوماندان.») ئۈچۈن، بالقان رايونىدىن قۇستانتىنىيەگە ئاتلىنىش ئىرادىسىگە كەلدى. بۇ بۈيۈك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى- ئەربۇنە شەھرىنى ئېلىش ئىدى. چۈنكى ئەربۇنە شەھرى فىرانسىيەنىڭ ئىسپانىيە چېگرىسى ئىچىدىكى شەھەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مۇسۇلمانلار فىرنىيە تاغلىرىدىن چۈشكەن ھامان، ئەربۇنە شەھرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا گويا يېڭىلمەس كۈچكە ئوخشاش بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ ئۇ پۇتكۇل فىرانسىيەنىڭ ئاچقۇچى، ئىستىراتىگىيە جەھەتتىن ئاساسلىق كىرىش يولى ئىدى.

سەمھە ئىبنى مالىك خەۋلانى ئەربۇنە شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ئاھالىسىگە مۇسۇلمان بولۇش ياكى جىزيە تۆلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئارقا- ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىشقا، مەنجانىقلار بىلەن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئاخىرى ياۋروپا تارىخىدا بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يەتتە ھەپتە باتۇرلارچە جەڭ قىلىش ئارقىلىق، بۇ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم شەھەر مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. زەپەر قۇچقان بۇ غالىپ قوماندان زور قوشۇنى بىلەن تېزلىكتە ئوكتانىيە ئۆلكىسىنىڭ كولۇز شەھرىگە قاراپ ماڭدى. يېتىپ بېرىپلا، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا مەنجانىقلارنى تىكلىدى، ياۋروپالىقلار كۆرۈپ باقمىغان جەڭ قۇراللىرىنى ئىشلەتتى. ئاخىرى مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بۇ شەھەر مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكىلى ئازلا قالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. بىز گەپنى فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس رىينوغا قالدۇرايلى.

رىينو مۇنداق دەيدۇ:

«غەلبە قاش بىلە كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغاندا، ئوكتانىيە كىنەزى ھەر قايسى ئەل قايسى ئەل ۋە خەلىقلەرنى ياردەم بېرىشكە چاقىردى، ئەلچىلەرنى يولغا سالدى. ئۇلار پۈتۈن ياۋروپانى ئايلىنىپ، پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنى ئۆز يۇرتلىرىنىڭ دۈشمەن قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن، ئايال ۋە باللارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ياۋروپا ئوكتانىيەلىكلەرگە ياردەمگە كەلدى. ئۇلارنىڭ سانى ۋە كۈچى شۇنچىلىك كۆپەيدىكى، دۇنيا بۇنداق زور قوشۇننى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇلارنىڭ ئايىقى ئاستىدىن ئۆرلىگەن چاڭ- توزان رۇم رايونىنى قۇياش نۇرىدىن توسۇۋالدى. ئىككى تەرەپ يېقىنلاشقاندا، كىشىلەرنى خۇددى تاغ بىلەن تاغ ئۇچرىشىۋاتقاندەك خىيالغا كەلتۈردى. ئىككى تەرەپ دۇنيا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە شىددەتلىك جەڭ قىلدى. سەمھە ياكى بىز ئاتىغاندەك «زاما» ھەر بىر جايدىكى

ئەسكەرلەر ئالدىدا ئاشكارە تۇرۇپ، ئۇلارنى يېتەكلەپ دۈشمەنگە ئېتىلاتتى. ئۇ شۇنداق تۇرۇۋاتقاندا ئوق تېگىپ ئېتىدىن يىقىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ يەرگە يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، جاسارىتى بوشىشىپ كەتتى، سەپلىرى قالايمىقانلاشتى. ئەگەر كېيىن ياۋروپا تونىغان تالانتلىق قوماندان ـ ئابدۇررەھمان غافىقى ئارقىلىق ئىلاھى ياردەم كەلمىگەن بولسا، ئۇمۇمىيۈزلۈك دۈشمەن قوشۇنى ئۇلارنى بىر پۈتۈن تار ـ مار قىلىشقا تاسلا قالغان ئىدى. ئابدۇررەھمان غافىقى ئەك تۆۋەن زىيان بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى ئىسپانىيەگە قايتۇرۇپ كەلدى، لېكىن ئۇ بىزگە قايتا ھۇجۇم قىلىشنى ئەھدە قىلدى.

سىز قارا بولۇتلارنىڭ قاراڭغۇ كېچىدىكى تولۇن ئايدىن قانداق تارقىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نۇرىدا ئازغانلار يورۇقلۇقتا ئېرىشكەنلىكىنى، گاڭگىراپ قالغانلار يول تاپقانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ سەھرانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈمگە يېقىنلاپ قالغان كىشىگە سۇ كۆرۈنگەندە، قانداق قىلغانلىقىنى، ھايات قېلىش ئۈچۈن سۇ ئېلىپ ئىچىشكە قولىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟

مۇسۇلمانلار قوشۇنى نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلۇغ قوماندانغا قولىنى ئاشۇنداق سوندى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، تولۇز جېڭى مۇسۇلمانلار ياۋروپاغا قەدەم باسقاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇلارغا چوڭقۇر جاراھەت ئېلىپ كەلدى. ئابدۇررەھمان غافىقى مۇشۇ جاراھەتنىڭ شىپالىق مەلھىمى، كۆڭۈل بولۇپ پەرۋىش قىلىدىغان مېھرىبان قولى، غەمخورلۇق بىلەن تولغان ئۇلۇغۋار قەلبى... بولدى.

مۇسۇلمانلار فىرانسىيەدە ئۇچرىغان زور ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ خەۋىرى دەمەشقتىكى خەلىپە ۋە باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئازاپلىدى. شىجائەتلىك باتۇر قوماندان سەمھە ئىبنى مالىك خەۋلانىنىڭ ۋاپاتى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قىساس ئېلىش ئوتىنى لاۋۇلداتتى ـ دە، قوشۇننىڭ ئابدۇررەھمان غافىقىغا بەيئەت قىلغانلىقى ئىتىراپ قىلىنىپ، بۇيرۇق كەلدى. ئابدۇررەھمانغا پۈتۈن ئىسپانىيەنىڭ رەھبەرلىكى تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئازات قىلىنغان فىرانسىيە زېمىنلىرى قوشۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭغا خالىغانچە ئىش تۇتۇش ھوقۇقى بېرىلدى. ھەيران قېلىش ھاجەتسىز، ئابدۇررەھمان غافىقى پۇختا، كەسكىن، تەقۋا، دىيانەتلىك، پاك، تەدبىرلىك، قەيسەر ئادەم ئىدى. ئابدۇررەھمان ئۆزىگە ئىسپانىيەنىڭ رەھبەرلىكى تاپشۇرۇلغاندىن باشلاپلا، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، شان ـ شەرەپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەلبە تۇيغۇسىنى قايتا ئۇرغۇتۇشقا، مۇسا ئىبنى نۇسەيردىن باشلاپ سەمھە ئىبنى مالىك خەۋلانىغىچە بولغان ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانلىرى ئارزۇ قىلغان بۈيۈك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلدى. بۇ قەھرىمانلار فىرانسىيەدىن ئىتالىيە ۋە گېرمانىيەگىچە، ئۇ يەردىن قوستانتىنىيەگىچە ئاتلىنىشقا، ئوتتۇرا ئاق دېڭىزنى ئىسلام دېڭىزى قىلىشقا، ئۇنى رۇم دېڭىزى دېگەننىڭ ئورنىغا، شام دېڭىزى دەپ ئاتاشقا ئىرادە باغلىغان ئىدى.

ئابدۇررەھمان غافىقى بۈيۈك جەڭلەرگە تەييارلىق قىلىشنىڭ روھىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى پاكلاشتىن باشلىنىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى ھەمدە ھەر قانداق بىر مىللەت غەلىبە قىلىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىچكى مۇداپىئەنى مۇستەھكەم ، پۇختا قىلغاندا ئاندىن قادىر بولالايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىسپانىيەنى يۇرتمۇ- يۇرت ئايلىنىشقا باشلىدى. ئىلان قىلغۇچىلارنى تۆۋەندىكىدەك ئىلان قىلىشقا بۇيرىدى:

«ۋالىيلار ياكى قازىلار ۋە ياكى قانداقلا بىر كىشى تەرىپىدىن ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان كىشى بولسا، ئەرزىنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن».

بۇنىڭغا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ياشاۋاتقانلار ئوخشاش بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئابدۇررەھمان غافىقى ناھەقچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ ئەرزىنى بىر- بىرلەپ كۆرۈشكە باشلاپ، كۈچلۈكتىن ئاجىزغا، زالىمدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا قىساس ئېلىپ بەردى. بۇلانغان، بېكىتىدىن سىيلىنغان چىركاۋلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلدى. ۋاقتى توشقانلارنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى، ناتوغرا يول بىلەن سېلىنغانلىرىنى چېقىۋەتتى، ئاندىن ھەر قايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلىرىنى بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈپ، خىيانەت قىلغان ياكى ئازغانلىقى ئىسپاتلانغانلىرىنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىدى. تەدبىرلىك، تەجرىبىلىك ۋە دۇرۇسلىقى ئىسپاتلانغانلىرىنى ئۇلار ئورنىدا قويدى. ھەر قانداق يۇرتقا كىرسە، كىشىلەرنى جامائەتلىك نامازغا چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەپ، كىشىلەرنى جىھاد قىلىشقا قىزىقتۇردى. شەھىد بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى. الله نىڭ رازىلىقى ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە ئۈمىدلەندۈردى.

ئابدۇررەھمان سۆز بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈمىدنى ئەمەلىيەت بىلەن كۈچلەندۈردى. ئۇ ۋالى بولغان ۋاقتتىن باشلاپلا، تەييارلىقنى پۇختا قىلىش، قورال- ياراقلارنى تولۇقلاش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. قورغان ۋە ئىستىھكاملارنى رېمونت قىلدى، كۆۋرۈكلەرنى سالدى. ئۇ سالغان كۆۋرۈكلەردىن بىرى- ئىسپانىيەنىڭ پايتەختىدىكى قۇرتۇبە كۆۋرۈكىدۇر. ئابدۇررەھمان ئۇ كۆۋرۈكنى كىشىلەر ۋە ئەسكەرلەر ئۆتۈشى ئۈچۈن، بۈيۈك قۇرتۇبە دەرياسىغا سالغان. بۇ كۆۋرۈك دۇنيادىكى ئاجايىپ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 غۇلاچ، ئېگىزلىكى 60 غۇلاچ، كەڭلىكى 20 غۇلاچ بولۇپ، ئەگمىسىنىڭ سانى 18 گە يەتكەن، 19 كۆزنەتش مۇنارى بار. بۇ كۆۋرۈك بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ پەخرى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋاتىدۇ. ئابدۇررەھمان غافىقى ئۆزى چۈشكەن ھەر بىر يۇرتتا ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇلاق سالاتتى، تەلەپلىرىنى خاتىرىلىۋالاتتى، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۇ بۇنداق سورۇنلاردا ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلايتتى. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. كۆپىنچە

ئۇلاردىن ئۈز يۈرتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى، پادىشاھ ۋە قوماندانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورايتتى. بىر قېتىم ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ياشاۋاتقان فىرانسىيەلىكلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرىنى چاقىردى ھەمدە ھەرخىل تىمىدا پاراڭلاشتى، ئاندىن ئابدۇررەھمان ئۇنىڭدىن:

ـ نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ كاتتا ئىمپىراتۇرۇڭلار بىز بىلەن ئۇرۇش قىلمايدۇ؟ ھەر قايسى ئۆلكە باشلىقلىرى نېمىشقا ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. فىرانسىيەلىك:

ـ «ئى ئەمىر! سىلەر بىزگە قىلغان ۋەدەڭلارغا تولۇق ئەمەل قىلدىڭلار. بىزمۇ سىلەر سورىغان سۆزلەرگە سەمىمى جاۋاپ بەرمىسەك بولمايدۇ. سىلەرنىڭ مەشھۇر قوماندانىڭلار مۇسا ئىبنى نۇسەير پۈتكۈل ئىسپانىيەنى قولغا كىرگۈزدى، ئاندىن ئىسپانىيە بىلەن بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان فىرىنېيە تاغلىرىدىن ئۆتۈش ئىرادىسىگە كەلدى. ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ باشلىق ۋە پوپلىرى بىزنىڭ ئىمپىراتۇرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى پادىشاھ! بىز ۋە بالىلىرىمىزغا بىر ئۆمۈر چاپلىشىۋالغان نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟ بىز مۇسۇلمانلار توغرىسىدا نۇرغۇن سۆز ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ شەرىق تەرەپتىن بىزگە باستۇرۇپ كېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدۇق، مانا ھازىر ئۇلار غەرىپ تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار پۈتكۈل ئىسپانىيەنى ئىگەللەپ بولدى. ئۇلار بارلىق ھازىرلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بىز ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغ چوققىسىغا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئاز، قوراللىرى يارامسىز. نۇرغۇنلىرى ئۆزىنى قېلىچتىن قوغدايدىغان بىر تال قالقان ياكى جەڭ مەيدانىغا مىنىپ كىرىدىغان ئاتقا ئىگە ئەمەس، ـ دېيىشتى. پادىشاھ ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ـ سىلەرنى بىئارام قىلغان ئىشلار ئۈستىدە مەن كۆپ ئويلاندىم، ئۇزاق مۇلاھىزە يۈرگۈزدۈم. ئاخىرى ئۇلارنىڭ بۇ قېتىملىق ھۇجۇمغا قارشى تۇرماسلىقنى توغرا تاپتىم. ئۇلار ھازىر يولنى توسقان ھەر بىر نەرسىنى قومۇرۇپ، كۆتىرىپ ئاپىرىپ خالىغان يەرگە تاشلايدىغان شىددەتلىك كەلكۈنگە ئوخشايدۇ. مەن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى، تەييارلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغىنى- ئېتىقات ۋە نىيەت. ساۋۇت- دۇبۇلغىلارنىڭ ۋە ئاتنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغىنى ئىنساپ ۋە سەمىمىيەت ئىكەن. سىلەر ھازىر ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇلارنىڭ قوللىرى غەنىمەتلەرگە تولسۇن. ئۆزلىرىگە قەسىر سارايلارنى سالدۇرسۇن، خىزمەتچى دېدەكلەرنى كۆپ ئىشلەتسۇن، ئۆز- ئارا ھوقۇق تالاشسۇن. مانا شۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، ئاسان يول بىلەن كۆپ بەدەل تۆلىمەي ئۇلارنى يېڭەلەيسىلەر.» ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا، ئىمپىراتۇرىمىز سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىمىدى، ـ دېدى جاۋابەن.

ئابدۇررەھمان بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قايغۇ بىلەن يەرگە قارىدى. سورۇن تارقالدى. ئابدۇررەھمان:

ـ نامازغا بارايلى، ناماز ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى، ـ دېدى.

*        *        *

ئابدۇررەھمان غافىقى بۈيۈك ئۇرۇشقا تولۇق ئىككى يىل تەييارلىق قىلدى، ئاندىن قوشۇنلارنى رەتكە سېلىپ تەييارلىدى. ئەمىردىن ئافرىقىغا ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇ جىھادقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان، شەھىدلىكنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدىغان قوشۇننىڭ جەۋھىرىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئاندىن ئابدۇررەھمان چېگرىدىكى ئەمىر- ئوسمان ئىبنى ئەبۇ نۇسئەگە چوڭ قوشۇن بېرىپ بولغىچە، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن دۈشمەننى ئالداپ تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن ئوسمان ھەسەتخور، ئىچى تار ئادەم ئىدى. ئۇ فىرانسىيەگە قىلغان ئىلگىرىكى ھۇجۇملىرىنىڭ بىرىدە، ئوكتانىيە كىنەزىنىڭ مىنىن دەپ ئاتىلىدىغان قىزىغا ئېرىشكەن بولۇپ، مىنىن كېلىشكەن، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان، تەڭداشسىز گۈزەل بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە يۇقىرى مەرتىۋىلىك شان- شەرىپى قوشۇلغان، تەبىئىتىگە ياشلىقنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ساراي قىزلىرىنىڭ لاتاپىتى سىڭىپ كەتكەن ساھىپجامال ئىدى. ئوسمان ئىبنى ئەبۇ نۇسئە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن بېرىلىپ ئاشىق بولدى ۋە ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. بۇ قىز ئوسماننى دادىسى بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە ئالدىدى. ئوسمان ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇنى ئىسپانىيە چېگرىسىغا تۇتىشىدىغان رايونلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن خاتىرجەم قىلدى. قېيناتىسى- ئوكتانىيە كىنەزىنىڭ يۇرتىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىلىق ئابدۇررەھمان غافىقىنىڭ بۇيرىقى كەلگەندە، ئۇ نېمە قىلارنى بىلەلمەي، بېشى تازا قاتتى. ئۇ ئويان ئويلاپ- بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئابدۇررەھمان غافىقىغا ئوكتانىيە كىنەزىنىڭ كېلىشىمنىڭ ۋاقتى توشمىغىچە بۇزالمايدىغانلىقى توغرىلىق خەت يازدى. ئابدۇررەھمان غافىقىنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى ۋە مۇنداق دەپ خەت ئەۋەتتى:

«سېنىڭ ئەمىرگە بىلدۈرمەي ئۆز ئىختىيارىڭچە فىرانسىيەلىكلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىمىڭگە ئۇ ئەمەل قىلمايدۇ، مۇسۇلمانلار قوشۇنىمۇ ئەمەل قىلمايدۇ. سەن ئىككىلىنىپ توختاپ قالماستىن، مېنىڭ بۇيرۇغۇمنى ئىجرا قىل».

ئوسمان ئەمىرنى ئىرادىسىدىن ياندۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ، دۈشمەندىن ئاگاھ بولۇشقا ئۈندەپ قېيناتىسىغا خەت ئەۋەتتى. ئابدۇررەھماننىڭ پايلاقچىلىرى ئوسمان ئىبنى ئەبۇ نۇسئەنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ دۈشمەن بىلەن ئالاقىلاشقانلىقىنى ئەمىرگە يەتكۈزدى. غافىقى تېزلىك بىلەن تەجرىبىلىك بىر باتۇرنى قوماندان قىلىپ، كۈچلۈك، زەبەردەست پالۋانلاردىن تاللانغان بىر قوشۇن تەييارلاپ، ئۇلارنى ئوسمان ئىبنى ئەبۇ نۇسئەنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا سالدى. بۇ قوشۇن ئوسماننىڭ بارگاھىنى سەزدۈرمەستىن قورشىۋالدى. ئەگەر ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئوسمان سېزىۋالمىغان بولسا، ئۇنى قولغا چۈشۈرگىلى ئاز قالغان ئىدى. ئوسمان بىر قانچە ئادىمى بىلەن تاغقا قاراپ قاچتى. يېنىدىن ئايرىمايدىغان، دۇنيادا ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان

گۈزەل ئايالى مىيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. قوشۇن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ، ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئوسمان ئۆزىنى ۋە ئايالىنى يولۋاس باللىرىنى قوغدىغاندەك قوغداپ جەڭ قىلىپ، ئاخىرى يىقىلدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قىلىچ تەككەن، نەيزە سانچىلغان جايلار ھېساپسىز ئىدى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، چىرايلىق ئايالى بىلەن بىرگە ئابدۇررەھمان غافىقىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئايال ئابدۇررەھماننىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئابدۇررەھمان ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى كۆرۈپ كۆزىنى يۇمىۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىۋالدى. ئاندىن ئۇنى سوۋغات سۈپىتىدە، خەلىفىلىك مەركىزىگە ئەۋەتتى. بۇ فىرانسىيەلىك خېنىمنىڭ ھاياتى دەمەشقتە ئۇمەۋىيلەر خەلىفىلىكىنىڭ ھەرەمخانىسىدا ئۆتتى.

* * *

ئەنگىلىيىلىك شائىر مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئىسپانىيەنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ، مۇنداق دەيدۇ:

- «ئەرەپ، بەربەر، پارىس، قىبتى، تاتار... لاردىن بولغان ھېساپسىز ئادەم بىر بايراق ئاستىغا قوشۇلدى. ئۇلارنى ئىمان، مەردلىك، جاسارەت، ئوت يالقۇنىدەك لاۋۇلداپ تۇرغان قىزغىنلىق، ھېچقانداق ئىنسان پەرقلەنمەيدىغان ئاجايىپ قېرىنداشلىق بىرلەشتۈردى.

ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى جەڭچىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار ئاشۇنداق تۇسالغۇسىز كۈچ بىلەن روھى ئۈستۈن ئىدى. ئەسكەرلىرىمىز مۇشۇنداق جاسارەت بىلەن ھېرىپ- چارچىمايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. بۇ ئەسكەرلەر دەسلەپتىككە ئوخشاشلا، لاۋۇلداپ تۇرغان يانغىن ئىدى. ئۇلار شۇنداق ئىتتىپاق قىلاتتىكى، قەدەملەر ھەركەتلەنسە غەلىبە، نۇسرەت بار، غەرىپمۇ يېڭىلىپ شەرىققە ئوخشاش بولىدۇ. باشلار مۇھەممەد(ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن)نىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ ئېگىلىدۇ، ھەتتا ئەرەپ چۆلىگە تارقالغان قىزىق قۇملارغا ئىمانى قەدەملەر بىلەن دەسسەش ئۈچۈن، شىمالى قۇتۇپنىڭ ئەڭ چېتىدىن ھەج قىلغۇچىلار ماڭىدۇ، مەككىنىڭ تاشلىقلىرى ئۈستىدە تۇرىدۇ.»

ھەي شائىر! سەن ھەقىقەتەن خاتالاشمىدىڭ! سېنىڭ ئەجدادىڭنى جاھالەت پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ماڭغان، مۇجاھىد قوماندانلار رەھبەرلىك قىلغان قوشۇن دەل سەن سۈپەتلىگەندەك ئىدى. ئۇلار ئىچىدە الله بىلەن كۈچلەنگەن، شام، ھىجاز، نەجدى، يەمەن ۋە ئەرەپ ئارىلىدىكى ھەر بىر ئورۇندىن كەلگەن ئەرەپلەر سىلەرگە خۇددى توختاۋسىز بۇران يۈرۈش قىلغاندەك يۈرۈش قىلغان، ئىسلام بىلەن ئۇلۇغلۇقتا ئېرىشكەن بەربەرلەر ئاتلاش تاغلىرى ئۈستىدىن سىلەرگە شىددەتلىك كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شاھلارغا چۇقۇنۇش ئىدىيىسىدىن جاق تويغان، ئىسلامنىڭ توغرا يولىغا قايتىپ كەلگەن پارىسلار، سەن دېگەندەك ئايرىلىپ چىققان رۇملۇقلار بار، لېكىن ئۇلار ئاسىيلىق قىلىپ ئايرىلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى زۇلۇم ۋە زالالەتكە چىدىماي ئايرىلىپ چىقىپ، ئاسمان ۋە

زېمىننىڭ نۇرىغا يۈزلەنگەن، توغرا، ھەققانى دىنغا ئەگەشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇم شاھلىرىغا قول بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئانىسىدىن ئەركىن تۇغۇلغاندەك ئەركىن ياشاش ئۈچۈن ئىسلام قوينىغا كىرگەن قىبتىلەر بار ئىدى.

شۇنداق، ئابدۇررەھمان غافىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى قوماندانلار ئەجدادلىرىڭنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلغان قوشۇندا، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، ئەرەپ ۋە غەيرى ئەرەپلەر بار ئىدى. لېكىن ئۇلار ئىسلامنىڭ داشقازىنىدا ئېرىپ تاۋلىنىپ، الله نىڭ نىئمىتى بىلەن قېرىنداشقا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن نىشانى ـ سەن ئېيتقاندەك ـ پۈتۈن غەرىپنى بۇرۇن شەرىقنى كىرگۈزگەندەك الله نىڭ دىنىغا كىرگۈزۈش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىر ئىلاھقا باش ئەگدۈرۈش، پۈتكۈل زېمىنلارغا ئىسلام نۇرىنى تارقىتىش، ئىسلام قۇياشىنى ھەر بىر ئائىلىدە يورۇتۇش، ئىسلام ئادالىتى ئارقىلىق شاھ ۋە پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىسىنى باراۋەر قىلىش... ئىدى. ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ ھىدايىتىگە باشلاش، دوزەختىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى تەقدىم قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى.

* * *

ئەمدى سىلەرگە بۇ قوشۇننىڭ يەنە بىر ۋەقەلىكىنى ۋە تەڭداشسىز قەھرىمان غافىقىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىمىز:

كۆيئوغلى ئوسمان ئىبنى ئەبۇ نۇسەئەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ۋە چىرايلىق قىزى مىنىنىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەرلەر ئوكتانىيە كىنەزىگە يېتىپ باردى. ئۇ جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ چۇقۇم چېلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئىسلام يولۋىسى ئابدۇررەھمان غافىقىنىڭ پات ـ ئارىدا دىيارىغا باستۇرۇپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر غېرىچ زېمىننى جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قوغداشقا ھازىرلىق كۆردى، ئۆزىنى ۋە يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ئاخىرىدا شامدىكى خەلىفىلىك مەركىزىگە قىزى ئاپىرىلغاندەك ئەسىر سۈپىتىدە ئاپىرىلىشىدىن، ياكى بۇرۇن ئىسپانىيە پادىشاسى لوزەرىقنىڭ كاللىسى سازايى قىلىنغاندەك، دەمەشىق كوچىلىرىدا تاۋاقتا ئېلىنىپ سازايى قىلىنىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئابدۇررەھمان كىنەزنىڭ گۇمانىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ زور قوشۇن بىلەن ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىن گويا قارا بوراندەك يولغا چىقتى. فرانسىيەنىڭ جەنۇبىغا فىرنىيەھ تاغلىرى ئۈستىدىن كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلدى. پۈتۈن قوشۇننىڭ سانى يۈز مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا يولۋاسنىڭ يۈرىكى، جىسمىدا يېڭىلمەس، قۇدرەتلىك كۈچ بار ئىدى. ئىسلام قوشۇنى رون دەريا ساھىلىغا جايلاشقان ئارىل شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارغا جىزىيە تاپشۇرۇش توغرىسىدا سۈلھى تۈزۈشكەن بولسىمۇ، سەمھە ئىبنى مالىك خەۋلانى تولۇز جېڭىدە شەھىد بولغان، مۇسۇلمانلار مۇسىبەت قايغۇسى بىلەن قالغان ۋاقىتتا، ئارىل

ئاھالىسى ئاسىيلىق قىلىپ كېلىشىمنى بۇزۇپ، جىزيە تۆلەشكە قارشى چىقتى. ئابدۇررەھمان غافىقى شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە، ئوكتانىيە كىنەزىنىڭ شەھەر سىرتىدا زور كۈچ تەييارلىغانلىقىنى بىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككى قوشۇن يۈزمۇ- يۈز ئۇچراشتى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ بولدى. ئابدۇررەھمان دۈشمەن ئىچىگە دۈشمەنلەر ھاياتلىقىنى ياخشى كۆرگەندىن بەكىرەك ئۆلۈمنى ياخشى كۆرىدىغان مۇجاھىدلار قوشۇنىنى ئەۋەتتى. ئۇلار دۈشمەننىڭ غەيرىتىنى بوشاشتۇرۇپ، سەپلىرىنى بۇزدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى شەھەرگە جەڭ بىلەن كىردى. شەھەردە قاتتىق قىرغىنچىلىق بولدى، ھېساپسىز غەنىمەتلەر ئېلىندى. كىنەز ھايات قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ كەتتى ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن قايتا تۇتۇشۇش ئۇچۇن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى ئۇ ئارىل جېڭى باشلىنىش بولۇپ، ئاخىرلىشىش ئەمەسلىكىنى بىلەتتى.

ئابدۇررەھمان غافىقى قوشۇنى بىلەن جارۇن دەرياسىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ غالىپ قوشۇنى ئوكتانىيە رايونىنى ئوڭ ۋە سولدىن ئايلىنىپ كۆزىتىشكە باشلىدى. شەھەر ۋە قىشلاقلار ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇۋاقلىرى ئاستىدا كۆز پەسلىدە يوپۇرماق بۇرانىدا ئېگىلگەندەك باش ئەگدى. مۇسۇلمانلار بۇرۇنقى غەنىمەتلەرگە بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان دەرىجىدىكى ھېساپسىز غانىمەتلەرنى قوشتى. ئوكتانىيە كىنەزى يەنە بىر قېتىم بۇ زور قوشۇنغا قارشى تۇرماقچى بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، مۇسۇلمانلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ، قوشۇنلىرى ئومۇميۈزلۈك تار- مار قىلىندى.

ئاندىن مۇسۇلمانلار ئەينى ۋاقىتتىكى فىرانسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ۋە ئوكتانىيەنىڭ پايتەختى- بوردۇ شەھرىگە قاراپ ماڭدى. مۇسۇلمانلار بۇ يەرنىڭ قوماندانى بىلەن بۇرۇنقى جەڭلەردىن ھەرگىز قېلىشمايدىغان دەرىجىدە شىددەتلىك جەڭ قىلدى. جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ كىشىنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىغۇدەك دەرىجىدە جانپىدالىق كۆرسىتىشتى. لېكىن بۇ چوڭ شەھەرمۇ باشقا بويسۇنغان شەھەرلەرگە ئوخشاشلا، ئۇزاققا بارماي مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشتى، قوماندانى جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلار نۇرغۇن ئېسىل غەنىمەتلەرنى ئالدى. بوردۇ شەھرى باشقا نۇرغۇن مۇھىم شەھەرلەرنى قولغا ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. بۇلارنىڭ مۇھىمى: لىيون، بىزاسون ۋە سانىس شەھەرلىرى بولۇپ، سانىستىن پارىژغا يۈز مىڭدەك مۇساپە قالاتتى.

بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا فىرانسىيەنىڭ جەنۇبى يېرىمىنىڭ ئابدۇررەھمان غافىقىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى پۈتۈن ياۋروپانى تەۋرىتىۋەتتى. ھەر بىر ئورۇندا ئاجىز، كۈچلۈك ھەممىسىنى شەرقتىن كېلىۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق خەتەرگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىش چۇقانلىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار بىر- بىرىنى قېلىچ ئەسقاتمىسا كۆرەكلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا، ھېچقانداق قورال ئەسقاتمىسا ئۇلارنىڭ ئالدىنى جەسەتلەر بىلەن توسۇۋېلىشقا چاقىراتتى. بارلىق كىشىلەر

تاش- توقماق، شاخ- شۇمبا، قۇرال- ياراق ئېلىپ شارىل مارتىننىڭ بايرىقى ئاستىغا قوشۇلدى.

شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار قوشۇنى فرانسىيە شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى «تورس (Tours)»غا يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى كۆپ، مۇداپىئەسى كۈچلۈك، ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەر ئەڭ نەپىس نەرسىلەر ۋە قىممەتلىك ئاسارە- ئەتىقىلەر بىلەن ئاجايىپ بېزەلگەن، ئېگىز، ھەيۋەت چىركاۋلىرى بىلەن ياۋروپانىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. مۇسۇلمانلار بۇ شەھەرنى قاتتىق مۇھاسىرە قىلدى ۋە شەھەرنى ئازات قىلىش ئۈچۈن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ كۈرەش قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ شەھەرمۇ شارىل مارتىننىڭ كۆز ئالدىدىلا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ھىجرىيەنىڭ 104- يىلى شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرى ئابدۇررەھمان غافىقى زور قوشۇن بىلەن بوۋاتىيە شەھرىگە قوشۇن تارتىپ كەلدى. بۇ يەردە شارىل مارتىن قوماندانلىقىدىكى ياۋروپا قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭلەر بولدى. بۇنداق جەڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن بولۇپ، «شەھىدلەر مەيدانى جېڭى» دەپ ئاتالدى.

شۇ كۈنلەردە مۇسۇلمانلار قوشۇنى شانلىق غەلىبىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئىدى. لېكىن يامغۇر تۆكۈلگەندەك كېلىۋاتقان غەنىمەتلەر ئۇلارغا يۈك بولۇۋاتاتتى. ئابدۇررەھمان غافىقى بىئارام بولۇپ، چەكسىز بايلىققا ئەنسىرەش نەزىرى بىلەن قارىدى، مۇسۇلمانلارغا كېلىدىغان خەۋپتىن ئەنسىرىدى. ئۇ ئەسكەرلەر دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان جىددى مىنۇتلاردا كۆڭۈللەرنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن، بىر كۆزى دۈشمەندە، بىر كۆزى ئارقىسىدىكى غەنىمەتتە بولۇپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايتتى. ئۇ ئەسكەرلەرنى بۇ زور بايلىقلارنى تاشلاپ كېتىشكە بۇيرىماقچىمۇ بولدى، لېكىن بۇ خەتەرلىك قارارغا ئۇلارنىڭ قايىل بولماي قېلىشىدىن، بۇ قىممەتلىك بايلىقتىن ئايرىلىشقا كۆڭۈللىرى ئۇنىماسلىقىدىن ئەنسىرىدى. ئاخىرى بۇ ماللارنى جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن بارگاھىنىڭ ئارقىسىدىكى مەخسۇس چېدىرلارغا جۇغلاشتىن باشقا يول تاپالمىدى.

ئىككى تەرەپ گويا ئىككى تاغ تىزمىسى بىر- بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغاندەك، بىر قانچە كۈن بىر- بىرنى كۈتۈپ جىمجىت سۈكۈتتە تۇرۇشتى. بۇ خىل ھالەت ئۇزارغانسېرى ئابدۇررەھمان غافىقى ئەسكەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا غەيرەت ۋە جاسارەتنىڭ قايناۋاتقانلىقىنى بىلدى- دە، ئەسكەرلەرنىڭ مۇشۇ سۈپەتلىرىگە ئاساسەن، دۈشمەنگە دەسلەپ ھۇجۇم قىلىشنى، بۇنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ بىشارىتى بولۇشنى تاللىدى. ئابدۇررەھمان چەۋەندازلىرى بىلەن دۈشمەن سېپىگە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. ياۋروپالىقلار تەۋرەنمەس تاغقا ئوخشاش تەۋرەنمەي قارشى تۇردى. ئىككى تەرەپ قاراڭغۇ چۈشكىچە توختىماي جەڭ قىلدى. بىرىنچى كۈنى يېڭىش- يېڭىلىش ئايرىلماي ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىسى تاڭ يورىغاندا جەڭ يەنە باشلاندى. مۇسۇلمانلار دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئېتىلدى، لېكىن ئۇلارنى تەۋرىتەلمىدى. جەڭ مۇشۇ ھالەتتە يەتتە

كۆن داۋام قىلدى. 8- كۈنى مۇسۇلمانلار دۈشمەنگە بىراقلا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ سېپىدىن يۈچۈق ئاچتى، قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىن تاڭ نۇرى كۆرۈندى. مۇشۇ پەيتتە، دۈشمەننىڭ بىر بۆلۈك قۇشۇنى غەنىمەت بارگاھىغا ھۇجۇم قىلدى. مۇسۇلمانلار غەنىمەتلىرىنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇرغۇنلىرى ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئارقىغا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن قۇشۇن پارچىلىنىپ، بىرلىك بۇزۇلدى، غەيرەت، جاسارەت بوشاشتى. بۈيۈك قوماندان چېكىنگۈچىلەرنى قايتۇرۇشقا، ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى توسۇشقا، يۈچۈقنى ئېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئىسلام قەھرىمانى ئابدۇررەھمان غافىقى قوڭۇر تۇلپارنىڭ ئۈستىدە جەڭ مەيدانىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ جەددى جەڭ قىلىۋاتقاندا ئوق تېگىپ، خۇددى بۈركۈت تاغ چوققىسىدىن پەسكە شۇڭغۇغاندەك ئېتى ئۈستىدىن شەھىد بولۇپ يىقىلدى. بۇنى كۆرۈپ مۇسۇلمانلار قۇشۇنىنى ئالاقزادىلىك ۋە چۆچۈش قاپلىدى. دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى كۈچەيدى، ئۇلارنى پەقەت قاراڭغۇنىڭ چۈشۈشىلا توسۇپ قالدى. تاڭ يورىغاندا شارىل مارتىن مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بۇۋاتىھتىن چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن ئۇ چېكىنىشنىڭ كېچىسى پىلانلانغان ھىلە- نەيرەڭ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاشۇ غەلىبىسى بىلەن بولدى قىلىپ، مۇسۇلمانلار قۇشۇنىنىڭ كەينىدىن قوغلىمىدى.

شەھىدلەر مەيدانى كۈنى تارىختا ناھايىتى مەشھۇر كۈن بولدى. بۇ كۈندە مۇسۇلمانلار ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ يۈكسەك ئارزۇلىرىنى يۈقاتتى. ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىمانىنىڭ بىرىدىن ئايرىلدى. بۇ كۈندە ئوھۇد كۈنىدىكى تىراگېدىيە قايتا تەكرارلاندى.

بۇ الله نىڭ مەخلۇقلار ئىچىدىكى قانۇنىيىتى.الله نىڭ قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

شەھىدلەر مەيدانى كۈنىدىكى پاجىئە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى قاتتىق تەۋرىتىۋەتتى. دىللار شىددەتلىك تىترىدى. پۈتكۈل شەھەر، كەنت ۋە ھەر بىر ئائىلىنى غەم- قايغۇ قاپلىدى. بۇ ئەجەللىك جاراھەت ھەتتا بۈگۈنگە قەدەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى خۇن قىلىپ كەلمەكتە. يەر يۈزىدە مۇسۇلمانلار بولىدىكەن، ھەم مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ.

بۇ چوڭقۇر جاراھەت پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنىلا ئازاپلىدىمىكىن دەپ قاراپ قالماڭ، بۇنىڭغا ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئاقىللىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرمۇ ئورتاق. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ بۇۋاتىھتە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلبە قىلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيانى ئەلەمدە قويغان چوڭ مۇسىبەت، ماھىيەتتە ياۋرۇپاغا كەلگەن كاتتا زىيان، مەدەنىيەتكە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق دەپ قارايدۇ. ئەگەر شەھىدلەر مەيدانى كۈنىدىكى پاجىئە توغرىسىدا يۈقىرىقى كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۆز قارىشىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالىسىڭىز، فىرانسىيەدە چىقىدىغان «رىيگى بارلىمىنتر» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى- ھىندى دىشامبونىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

- ئەگەر ۋەھشى شارىل مارتىننىڭ قۇشۇنى فىرانسىيەدە مۇسۇلمانلار قۇشۇنىنى مەغلۇپ

قىلمىغان بولسا، ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا گىرىپتار بولمىغان، (ئوتتۇرا ئەسىر دېگىنىمىز- 476- يىلىدىن 1500- يىلىغىچە بولغان زۇلمەتلىك يىللار) شۇ سەۋەپلىك ئېچىنىشلىق مۇسىبەتكە ئۇچرىمىغان، دىنى مەزھەپ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللى قىرغىنچىلىققا پېتىپ قالمىغان بولاتتى. ئەگەر بۇۋاتىھتە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن قەبىھلىك بىلەن غەلبە قىلىش بولمىغان بولسا، ئىسپانىيە ئىسلام قوينىدا بەختلىك ياشىغان بولاتتى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سەتچىلىكىگە پېتىپ قالمايتتى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەككىز ئەسىر كېچىكمەيتتى. بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلبە قىلغانلىقىمىز توغرىسىدىكى ھېسسىيات جەھەتتىكى توقۇنۇش قانچىلىك ئوخشىمىسۇن، بىز ئىلىم- مەرىپەت، سانائەت، پەن- تېخنىكا جەھەتتىكى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىمىز ئالدىدا مۇسۇلمانلارغا قەرىز. شۇنداقلا بىز ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىزكى، بىز ياۋايىلىقنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مۇسۇلمانلار ھەقىقى مۇكەممەل ئىنسانىنىڭ ئۆلگىسى بولغان. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تارىخ ئەسلىگە قايتتى. مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى دەۋردە بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ھالىتىمىزگە قايتتى دېيىشىمىز- تۆھمەت. مۇسۇلمانلار ھازىرقى ھالىتىدىمۇ بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىمىزدىن نەچچە ھەسسە ئىلغار.

ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى (ئابدۇللا ئىبنى سۇۋەب)
«ئەبۇ مۇسلىم ئىبادەتكە شۇنچىلىك بېرىلدىكى، ئۇ: مەن جەننەتنى ۋە دەۋزەخنى ئاشكارە كۆرسەم، ماڭا باشقىسى كېرەك ئەمەس، دەيتتى.»
ـ ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاتىكە

ۋىدالىشىش ھەجىدىن قايتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ كېتىپتۇ ـ دېگەن خەۋەرلەر تارقالدى. شەيتان ئەسۋەدىل ئەنسىنى ئىماندىن يېنىش، الله غا تۆھمەت چاپلاش، يەمەندىكى قەۋمىگە ئۆزىنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دېيىش ۋەسۋەسىسىگە سالدى.

ئەسۋەدىل ئەنسى كۈچلۈك، تەمبەل، كۆڭلى قارا، يامانلىق پۈراپ تۇرىدىغان ئادەم بولۇپ، جاھىلىيەتتە رەمباللىقنى پۇختا ئۆگەنگەن، جادۇگەرلىكتە كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزگە ئۇستا، سەزگۈر، يالغان بىلەن، سوۋغات ۋە مۇكاپاتلار بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ ئويىنىتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ سۆز ۋە ھەيۋەت پەيدا قىلىش ئۇچۇن كىشىلەر ئارىسىغا قارا چۈمپەردە بىلەن يۈزىنى ئورىۋېلىپ چىقاتتى.

* * *

ئەۋەدىل ئەنسىنىڭ دەۋىتى يەمەندە نا ھايىتى تېز تارقالدى. بۇنىڭغا بەنى مەزھەب

قەبىلىسىدىكىلەردىن ئەگەشكەنلەر ياردەملەشتى. بەنى مەزھەپ قەبىلىسى شۇ ۋاقىتتا دائىرىسى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، كۈچلۈك بىر قەبىلە ئىدى. ئەسۋەدەل ئەنسىنىڭ دەۋىتىنىڭ يەمەندە بۇنداق تارقىلىشىغا ئۇنىڭ كۆز بويامچىلىقى، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پەم- پاراسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىشى ياردەم بەردى. ئۇ كىشىلەرگە ئاسماندىن ئۆزىگە ۋەھىي ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. كىشىلەرنى بۇنىڭغا قايىل قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئىشپىيونلارنى ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتتى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا دىققەت قىلاتتى. سىر- ئەسرارلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئارزۇ- ئارمانلىرى، دەرت- ئەلەملىرىنى ئىگىلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئەسۋەدەل ئەنسىنىڭ يېنىغا بېرىپ يىلىنىشقا، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشقا قىزىقتۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە، ھەر بىر ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى دەپ بېرەتتى، قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئىچكى دۇنياسىنى ئۇقۇپ تۇرىدىغان قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان ئاجايىپ- غارايىپ ئىشلارنى كەلتۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئوزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىشلىرى زورايدى. ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيدى- دە، ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن سەنئانى، ئاندىن باشقا جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئىگەللىدى. ھەتتا ھەزرەلمەۋت بىلەن تائىف، بەھرەيىن بىلەن ئەدەن ئوتتۇرىسىدىكى يۇرتلا ئۇنىڭغا بويسۇندى.

ئەسۋەدەل ئەنسىنىڭ ئىشى مۇقىملىشىپ ئۇنىڭغا ئەل- يۇرت بويسۇنغاندا، ئۆزىگە قارشى تۇرغانلار ۋە الله نىڭ پەزلى بىلەن ئۆزىنىڭ توغرا دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چىن- دىلىدىن ئىشەنگەن، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ھەقىقى دوست تۇتقان، ھەقىقەتنى ئوچۇق- ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويغان، خاتاغا قەتئى قارشى تۇرغان كىشىلەرنى جىددى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇلارنى قىيناشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى دەپ ئاتىلىدىغان ئابدۇللا ئىبنى سۆۋەب بار ئىدى.

* * *

ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى دىنى ناھايىتى مۇستەھكەم، ئىمانى كۈچلۈك، ھەقنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا قەتئى ئادەم ئىدى. ئۇ روھىنى الله ئۈچۈن ساپلاشتۇرۇپ، دۇنيانىڭ زىبۇ- زىننەتلىرىدىن يۈز ئۆردى. تۇرمۇشنىڭ قىزىقتۇرۇشلىرىغا يېقىن يولىمىدى. ئۆزىنىڭ ھاياتىنى الله غا بويسۇنۇش ۋە شۇ تەرەپكە چاقىرىشقا ئاتىدى. بۇ باقى دۇنيانى سېخىلىق بىلەن پانى دۇنياغا سېتىۋالدى. شۇ سەۋەپتىن كىشىلەر ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى ھەمدە ئۇنى روھى پاك، الله غا يېقىن، دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان كىشى دەپ قارايتتى.

ئەسۋەدەل ئەنسى ئەبۇ مۇسلىمنى قاتتىق جازالاپ، ئۆزىنىڭ چاقىرىقىغا ئاشكارە ۋە يۇشۇرۇن قارشى چىققانلارنى چۆچۈتۈپ، قارشىلىقتىن ياندۇرماقچى بولدى- دە، سەنئانىڭ بىر مەيدانىغا

ئۆتۈن دۆۋلەپ ئوت يېقىشقا بۇيرىدى ھەمدە كىشىلەرنى يەمەننىڭ ئالىمى، ئابىدى ـ ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانىنىڭ قىلمىشلىرىدىن تەۋبە قىلىشنى، ئەسۋەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېقرار قىلىشنى كۆرۈشكە چاقىردى. ئەسۋەدەل ئەنسى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا، كىشىلەر قىستىلىشىپ كەلگەن مەيدانغا كەلدى. ئەسۋەدەل ئەنسىنىڭ ئەتراپىنى ئادىمى شەيتانلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى قورشاپ كېلىۋاتاتتى، مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانلىرى قوغداۋاتاتتى. ئۇ كېلىپ ئوتنىڭ ئۇدۇلىدا قويۇلغان كاتتا تەختتە ئولتۇردى. كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭغا ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى باغلاپ بېرىلدى. ئەبۇ مۇسلىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، مەلئۇن كەززاپ ئۇنىڭغا مۇغەمبەرلىك بىلەن قاراپ، ئالدىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا رەھىمسىزلەرچە نەزەر سالدى، ئاندىن ئەبۇ مۇسلىمغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ سەن مۇھەممەدنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ قارامسەن؟

ـ شۇندىق، ئۇ الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، ـ دېدى ئەبۇ مۇسلىم تەمكىنلىك بىلەن. ئەسۋەدنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، مۇنداق دېدى:

ـ مېنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ قارىمامسەن؟

ـ مېنىڭ قۇلۇغۇم گاس، سۆزۈڭنى ئاڭلىيالمايمەن.

ـ ئەگەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئېقرار بولمىساڭ، سېنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىمەن.

ـ ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، بۇ ئوتۇننىڭ ئوتى ئارقىلىق ئادەم ۋە تاشلار يېقىلغۇ قىلىنغان قاتتىق قول، رەھىمسىز، الله نىڭ دېگىنىدىن قىلچە چىقىپ كەتمەيدىغان، نېمىنى بۇيرىسا شۇنى قىلىدىغان پەرىشتىلەر قارايدىغان ئوتتىن قۇتۇلىمەن.

ـ ئالدىراپ كەتمەيمەن، ئەقلىڭنى تېپىۋېلىشىڭغا پۇرسەت بېرەي. مۇھەممەدنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ قارايسەن؟

ـ ئەلۋەتتە، ئۇ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى. الله ئۇنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن پەيغەمبەرلىكنى تاماملىغان.

ئەسۋەد ئاچچىقتىن قاتتىق بوغۇلۇپ:

ـ مېنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ قارامسەن؟

ـ مېنىڭ قولۇغۇمدا گاسلىق بار، سۆزۈڭنى ئاڭلىمايمەن دېمىدىممۇ؟

ئەسۋەدەل ئەنسى غەزەپتىن ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، سالماقلىقىنى يوقۇتۇپ، ئەبۇ مۇسلىمنى ئوتقا تاشلاشقا بۇيرىماقچى بولىۋىدى، ئۇنىڭ تاغۇتلىرىنىڭ كاتتىسى ئالدىغا كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ مۇنداق دېدى:

ـ سەن بىلىسەن، بۇ روھى پاك، دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان ئادەم. قىيىنچىلىق ۋاقتىدا الله نى ئۇنتۇمىغان مۆئمىننى الله ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ. ئەگەر سەن ئۇنى ئوتقا تاشلىساڭ، الله ئۇنى قۇتۇلدۇرىۋېلىپ قالسا، قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجەڭنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋەيران

قىلسەن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سېنى ئىنكار قىلىشىغا سەۋەبچى بولسەن. ئەگەر ئۇنى ئۆت كۆيدۈرسە، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىشى ۋە ئۇلۇغلىشى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، ئۇنى شەھىدلار سېپىگە قوشىدۇ. ئۇنى قويىۋېتىپ يۇرتتىن سۈرگۈن قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەت.

ئەسۋەد بۇ تاغۇتنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەھەردىن ئايرىلىشقا بۇيرىدى. ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى مەدىنە تەرەپكە يول ئالدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە تەشنا ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى كۆرمەي، ئۇنىڭ سۆھبىتى بىلەن كۆڭلىنى خۇشال قىلماي تۇرۇپلا ئىمان ئېيتقان ئىدى. لېكىن ئۇ مەدىنە ئەتراپىغا كېلە- كەلمەيلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى بولغانلىغى يېتىپ كەلدى. ئەبۇ مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇردى. ئەبۇ مۇسلىم مەدىنىگە يېتىپ بىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە كەلگەندە، تۆگىسىنى مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە يېقىن جايغا چۆكتۈرۈپ مەسجىدكە كىردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە سالام قىلدى. ئاندىن مەسجىد تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىر يېنىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازدىن بىكار بولغاندا ئۇنىڭ يېنىغا ئۇمەر ئىبنى خەتتاب كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە:

- ئۆزەڭ قەيەردىن؟ - دەپ سورىدى.

- يەمەندىن.

- الله نىڭ دۈشمىنى ئوت يېقىپ كۆيدۈرمەكچى بولغان، ئاندىن الله قۇتقۇزۇۋالغان قېرىندىشىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ - سورىدى ئۇمەر ئىبنى خەتتاب.

- الله نىڭ ياردىمى ۋە نېئمىتى بىلەن ياخشى.

- الله بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئۇ سەن ئەمەسسەن؟!

- مەن شۇ.

ئۇمەر ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە:

- الله سېنىڭ دۈشمىنىڭنى قانداق قىلغانلىغىنى بىلەمسەن؟

- ياق، يەمەندىن ئايرىلغاندىن بېرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئۇقمىدىم.

- الله ئۇنى قالغان راستچىل مۇئمىنلەرنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈردى، دۆلىتىنى ۋەيران قىلدى، ئەگەشكۈچىلىرىنى الله نىڭ دىنىغا قايتۇردى.

- الله غا يۈزمىڭ شۈكرى. ئۇ مېنى ئۆلۈشتىن بورۇن ئەسۋەدنىڭ ئۆلۈمىنى ۋە يەمەنلىكلەردىن ئالدانغانلارنىڭ ئىسلام قويىنىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلدى.

ئاندىن ئۇمەر ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئەبۇ مۇسلىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنى «خەلىفە» دەپ ئاتاپ سالام قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى ئۇنى ئۆزى بىلەن ئۇمەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئەسۋەدىل ئەنسى بىلەن

بولغان ئىشلىرىنى سوراپ، ئاڭلاشقا باشلىدى.

* * *

ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانى مەدىنىدە مۆئەۋۋەرەدە بىر مەزگىل تۇردى. بۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدىن ئايرىلمىدى، رەۋزەتۇل مۇتەھھەرەدە ناماز ئوقۇدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئەبۇ رەزىل غەففارى، ئۇبادە ئىبنى سامىت، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى قاتارلىق ساھابىلەردىن بىلىم ئالدى. ئاندىن شام دىيارىغا بېرىپ، شۇيەردە ئورۇنلىشىپ قېلىش خىيالىغا كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى- رۇمغا قارشى مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قاتنىشىش، جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، شام چېگرىسىغا يېقىن جايدا تۇرۇش ئىدى. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان خەلىفە بولغاندا، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ چىقىشى ۋە سورۇنلىرىغا قاتنىشىشى كۆپەيدى. ئەبۇ مۇسلىم بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ئالىجاناپلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەشھۇر ئىشلىرى بار. بۇ ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلاردىن بىرى:

ئەبۇ مۇسلىم مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا كىرىپ، مۇئاۋىيەنىڭ ئاۋات سورۇنلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى، دۆلەت ئەربابلىرى، قوماندانلىرى ۋە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەتلەپ ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرىدى ۋە ئالدىراپلا:

- سالام ساڭا، ئى ئەجىيرۇل مۇئمىنىين! - دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

- ئى ئەبۇ مۇسلىم! ئەمىيرۇل مۇئمىنىين دېگىن! - دېدى. ئەبۇ مۇسلىم يەنىلا پەرۋا قىلماي:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئى ئەجىيرۇل مۇئمىنىين! - دېدى. كىشىلەر يەنە:

- ئى ئەبۇ مۇسلىم! ئەمىيرۇل مۇئمىنىين دېگىن! - دېدى. ئەبۇ مۇسلىم ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇلار تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى ۋە:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئى ئەجىيرۇل مۇئمىنىين! - دېدى. كىشىلەر ئۇنى ياندۇرماقچى بولغاندا، مۇئاۋىيە ئۇلارغا قاراپ:

- ئەبۇ مۇسلىمدىن يىراق تۇرۇڭلار، ئۇ نېمە دېگەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، - دېدى.

ئەبۇ مۇسلىم مۇئاۋىيە تەرەپكە كېلىپ، مۇنداق دېدى:

- الله سېنى كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلغاندىن كېيىن، ساڭا ئوخشاش ئادەم ئىجارىگە ئىشلەيدىغان ياكى قوينى بېقىش تاپشۇرۇلغان قويلارنى ياخشى باقسا، زىيان- زەخمەتتىن ساقلىسا، يۈك ۋە سۈتلىرى تولۇق بولسا، ئەجرى بېرىلمەكچى بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىجارىگە ئىشلىگەن ئادەم تاپشۇرۇلغان ئىشنى ياخشى ئادا قىلسا، كىچىكى چوڭايسا، ئورۇقى سەمرىسە، كېسەللى ساقايسا، مال ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ۋە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلماي سەل قاراپ، ئورۇقلىرى ئۆلۈپ، سېمىزلىرى ئورۇقلاپ، يۈك-

سۆتلىرى ۋەيران بولسا، مال ئىگىسى ئۆزىنىڭ ھەققىنى تولۇق بەرمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭغا ئاچچىقلىنىپ جازالايدۇ. سەن ئۆزەڭگە كۆپ ياخشىلىق ۋە ئەجىر بار ئىشنى تاللا.

يەرگە قاراپ تۇرغان مۇئاۋىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

- ئى ئەبۇ مۇسلىم! الله ساڭا بىز ۋە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن! بىز سېنىڭ پەقەت الله ، رەسۇلۇللا ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمىز.

* * *

ئەبۇ مۇسلىم دەمەشىق جامەسىدە جۈمە نامىزىغا قاتناشتى. مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى مۇئاۋىيە كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى پاكلاش ئۈچۈن بەرەدا ئۆستىڭنى قازدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. كىشىلەر تولىپى ئىچىدىن ئەبۇ مۇسلىم تووۋلاپ، مۇنداق دېدى:

- مۇئاۋىيە! ئېسىڭدە بولسۇن! سەن بوگۈن ياكى ئەتە ئۆلۈپ قەبرىگە كىرىدىغان ئادەم. ئەگەر سەن قەبرىگە بىر نەرسە ئېلىپ بارساڭ، شۇ يەردە شۇ نەرسىگە ئېرىشىسەن. ئەگەر قۇرۇق قول بارساڭ، قۇپقۇرۇق جايغا بارىسەن. مۇئاۋىيە! سەن الله نىڭ پاناھلىقىغا ئۆتكىن. سەن خەلىفىلىكنى ئۆستەڭلەرنى قېزىش... مال- دۇنيا يىغىش... دەپ قارامسەن؟ خەلىفىلىك دېگەن ھەققانى ئىشلەش، ئادىل سۆزلەش، كىشىلەرنى الله رازى بولىدىغان ئىشقا يېتەكلەش... ئى مۇئاۋىيە! بىزنىڭ بېشىمىز پاك بولسا، ئۆستەڭلەرنى قېزىش ئىشىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيمىز. سەن بىزنىڭ بېشىمىز. سەن ساق بولۇشقا تىرىشقىن! ئى مۇئاۋىيە! بىر ئادەمگە زۇلۇم قىلساڭ، بارلىق ئادالىتىڭ شۇنىڭ بىلەن يوقايدۇ. زۇلۇم قىلىشتىن ساقلان. زۇلۇم- قىيامەتنىڭ زۇلمىتىدۇر.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ سۆزى تۈگىگەندە، مۇئاۋىيە مۇنبەردىن چۈشتى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدى:

- ئى ئەبۇ مۇسلىم! ساڭا الله رەھمەت قىلسۇن، ياخشى مۇكاپات بەرسۇن!

* * *

يەنە بىر قېتىم مۇئاۋىيە مۇنبەرگە چىقىپ سۆز باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ھەقلىرى بېرىلمىگىنىگە ئىككى ئاي بولغان ئىدى. ئەبۇ مۇسلىم مۇئاۋىيەنى تووۋلاپ مۇنداق دېدى:

- ئى مۇئاۋىيە! بۇ سېنىڭ ياكى داداڭنىڭ ۋە ياكى ئاناڭنىڭ مېلى ئەمەس! نېمە سەۋەب بىلەن ئۇنى كىشىلەرگە بەرمەيسەن؟

مۇئاۋىيەنىڭ چىرايىدا غەم ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. كىشىلەر نېمە ئىش يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردى. مۇئاۋىيە باشقا ئىش قىلماستىن كىشىلەرگە ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىماسلىققا ئىشارەت قىلدى. ئاندىن مۇنبەردىن چۈشۈپ تاھارەت ئالدى ۋە ئۆزىگە ئازراق سۇ چاچتى، ئاندىن

مۇنبەرگە چىقىپ، الله ئەززە ۋەجەللەگە مۇۋاپىق ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ بولۇپ، مۇنداق دېدى:
ـ ئەبۇ مۇسلىم بۇ مالنىڭ مېنىڭ، دادامنىڭ ياكى ئانامنىڭ ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئەبۇ مۇسلىم توغرا دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «غەزەپ شەيتاندىن بولىدۇ، شەيتان ـ دوۋزەخ ئوتىدىن يارىتىلغان. سۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئەگەر بىرىڭلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا تاھارەت ئالسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ئى خالايىق! ئۇلۇغ الله نىڭ رەھمىتى بىلەن بېرىپ ھەققىڭلارنى ئېلىڭلار.

* * *

الله ئەبۇ مۇسلىم خەۋلانىغا چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلسۇن! ئۇ ھەقىقەتنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويىدىغانلارنىڭ مىسلىسىز ئۈلگىسى ئىدى. الله مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياندىن چەكسىز رازى بولسۇن! ئۇ ھەق سۆزگە قايىل بولۇشنىڭ ئاجايىپ ئۈلگىسى ئىدى.

## ئەھنەف ئىبنى قەيس
## (بەنى تەمىمنىڭ رەھبىرى)

«ئەھنەف ئىبنى قەيس شەرەپ بىلەن نۇپۇز جەھەتتە ھۇقۇق تۇتۇش ۋە ئايرىلىش تەسىر كۆرسەتمىگۈدەك دەرىجىگە يەتتى»
ـ زىياد ئىبنى ئەبىيھە

دەمەشىق قوْيۇق بوستانلىقلىرى ۋە گۈل باغچىلىرى بىلەن پەخىرلەنگەندەك، ئىللىق باھارنى كۈلۈپ قارشى ئېلىۋاتاتتى. مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ قەسىرى ۋەكىللەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى. خەلىفە كەلگۈچىلەرگە رۇخسەت قىلىشتىن بۇرۇنلا، خەلىفىنىڭ ھەمشىرىسى ئۇممۇلھەكەم خەلىفىنىڭ سورۇنىدا بايان قىلىنىدىغان ھەدىسلەرنى ئاڭلاش، خەلىفىنىڭ سورۇندىكىلەر ئوتتۇرىغا قويىدىغان نادىر خەۋەرلەر، بەدىئىي شېئىرلار، ھېكمەتلىك ھېكمەتلەرگە قۇلاق سېلىش ئۈچۈن پەردىنىڭ ئارقىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئەقىللىق، يۈكسەك ئىرادىلىك، ئۇلۇغۋار غايىگە تەلپۈنىدىغان ئايال بولۇپ، قېرىندىشىنىڭ كىشىلەرگە ئۆلارنىڭ مەرتىۋىسى بويىچە ئىجازەت بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. دەسلەپ ساھابىلەر كىرەتتى، ئاندىن تابىئىنلارنىڭ پېشۋالىرى، بىلىم ئەھلى، مەرتىۋىلىكلەر كىرەتتى. لېكىن ئۇممۇلھەكەم قېرىندىشىنىڭ تۈنجى زىيارەتچىنى قوبۇل قىلىشىدا ئادەتتىكىگە ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ زىيارەتچىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى:
ـ ئى ئەھنەف! الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ سىففىين كۈنى (ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە

ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ)دە بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ تەرەپتە تۇرغىنىڭنى ئويلىسام، ئۆلگىچە قەلبىمدە داغ بار.

ئۇ كىشى ئالدىراپ مۇنداق دېدى:

- ئى مۇئاۋىيە! الله بىلەن قەسەمكى، ساڭا غەزەپلەنگەن قەلبلەر ھازىرمۇ ۋۇجۇدىمىزدا، سەن بىلەن ئۇرۇشقان قىلىچلار تېخىچە قولىمىزدا. ئەگەر سەن ئۇرۇشقا بىر ئىلىك يېقىنلاشساڭ، بىز يۈگۈرۈپ بارىمىز. بىز سېنىڭ يېنىڭغا مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن ياكى دۈشمەنلىك قىلىشىڭدىن قورقۇپ كەلمىدۇق. بەلكى ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىش، مۇسۇلمانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلدۇق.

ئۇ سۆزلەپ بولۇپ، ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى. ئۇممۇلھەكەم خەلىفىنىڭ گېپىنى ئېغىزىغا تىقىپ قويغان، بىرگە ئىككىنى قايتۇرغان بۇ ئادەمنى كۆرۈش ئۈچۈن پەردىنىڭ بىر تەرىپىنى ئازراقلا ئۆرىيەلىدى. ئۇ پاكار، ئاۋاق، تاقىرباش، تاماق چىش، زاڭىقى قىڭغىر، كۆزلىرى ئالغاي، پۇتلىرى ئىچ مايماق بولۇپ، ئىنسانىدا بولىدىغان ھەر قانداق ئەيىپ ئۇنىڭدا تېپىلاتتى. ئۇممۇلھەكەم تۇغقىنىغا قاراپ دېدى:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! خەلىفىگە ئۆز ئۆيىدىلا تەھدىت سېلىپ قورقۇتقان بۇ كىشى كىم؟

مۇئاۋىيە چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ:

- ئۇ ئەگەر ئاچچىقلانسا، بەنى تەمىمدىن يۈزمىڭ ئادەم نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلمەيلا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ غەزەپكە كېلىدىغان ئادەم، - دېدى.

بۇ كىشى- بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ رەھبىرى، ئەرەپلەرنىڭ كاتتا كىشىسى ۋە غالىپ باتۇرلاردىن بىرى- ئەھنەف ئىبنى قەيس ئىدى. قېنى كېلىڭلار! بىز ئۇنىڭ ھاياتلىق ھېكايىسىنى بېشىدىن باشلايلى:

* * *

ھىجرىيەدىن ئىككى يىل بۇرۇن، قەيس ئىبنى مۇئاۋىيە سەئىدنىڭ بىر بالىسى تۇغۇلدى. ئۇ ئۇنىڭغا زەھھاك دەپ ئىسىم قويدى. لېكىن ئۇنىڭ پۇتى ئىچ مايماق بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي «ئەھنەف- (ئىچ مايماق)» دەپ چاقىردى. كېيىن لەقىمى ئىسمىنى بېسىپ كەتتى. ئەھنەفنىڭ دادىسى قەيىس قەۋمى ئىچىدە يۇقىرى مەرتىۋىلىكمۇ ئەمەس، بەك تۆۋەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى. ئەھنەف ئۆز قەبىلىسى، نەجدى زېمىنى، يەمامەنىڭ غەربىدە تۇغۇلدى، يېتىم ھالدا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. چۈنكى دادىسى تېخى ئۇنىڭ ئايىغى چىقمىغاندا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇرۇتى خەت تارتماستىنلا، ئىسلام دىنى ئۇنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بىر نەچچە يىل ئالدىدا، ئەھنەف ئىبنى قەيسنىڭ قەبىلىسىگە ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىپ، ساھابىلەردىن تەشۋىقاتچىلارنى ئەۋەتتى. ئۇ قەۋمنىڭ

پىشقەدەملىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئىمانغا قىزىقتۇرۇپ تەشۋىق قىلدى. لېكىن كىشىلەر جىم تۇرۇۋېلىپ، بىر- بىرىگە قاراشقا باشلىدى. ئەھنەف ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا مۇنداق دېدى:

- ئى قەۋمىم! نېمە بولدى؟ ئىككىلىنىپ ئالدى- كەينىڭلارغا دەسسەپ تۇرىسىلەرغۇ! الله بىلەن قەسەمكى، بۇ كىشى ھەقىقەتەن ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچى ئىكەن. ئۇ بىزنى ئېسىل ئەخلاققا چاقىرىپ، ناچار تەرەپلەردىن توسۇۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن پەقەت ياخشى سۆزنىلا ئاڭلىدۇق. ھىدايەتكە چاقىرغۇچىغا ئاۋاز قوشۇڭلار. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىسىلەر.

ئۇلار ئىسلام كەلتۈردى. بۇ ياشمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىسلام كەلتۈردى، ئاندىن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ۋەكىل بولۇپ باردى. لېكىن ئەھنەف يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بارمىدى. ئۇ ساھابىلىق شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقى ۋە ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسىدىن مەھرۇم قالمىدى. ئەھنەف سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

« مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىۋاتاتتىم. مەن تونىمايدىغان بىر ئادەم كېلىپ قولۇمنى تۇتتى ۋە:

- ساڭا خۇشخەۋەر بېرەيمۇ؟ - دېدى.

- بولىدۇ، - دېدىم مەن.

- ئېسىڭدە بارمۇ؟ مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىڭنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەندە، مەن ئۇلارنى چاقىرىپ الله نىڭ دىنىغا كىرىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. سەن شۇ كۈنى ھېلىقى گەپلەرنى قىلدىڭ.

- ئېسىمدە.

- مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ: "ئى الله! ئەھنەفكە مەغفىرەت ئاتا قىلغىن" دېدى.

ئەھنەف:

- مېنىڭ ئەمەل ئىبادىتىم ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى مېنىڭ ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھەممىدىن بەك ئۈمىتلىك، - دەيتتى.

* * *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىنىڭ يېنىغا سەپەر قىلغاندا، مۇسەيلىمەدەك كاززاپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەيتى- بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، شۇ سەۋەپلىك مۇرتەد بولىدىغانلار مۇرتەد بولغان ۋاقىتتا، ئەھنەف ئىبنى قەيس تاغىسى مۇتەشەممىس بىلەن بىرلىكتە مۇسەيلىمە بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كىردى. ئەھنەف شۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن ياش

ئىدى. ئۇ ئىككىسى مۇسەيلىمەنىڭ يېنىدىن چىققاندا، مۇتەشەممىس جىيەنى ئەھنەفكە:
- ئى ئەھنەف! بۇ ئادەمگە (مۇسەيلىمەگە دېمەكچى) قانداق قارايسەن؟
- ئۇ الله ۋە كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلايدىغان يۈزغۇنچى ئىكەن.
تاغىسى چاقچاق قىلىپ مۇنداق دېدى:
- سېنىڭ ئۇنى كەززاپ دېگەنلىكىڭنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇشۇمدىن قورقمامسەن؟
- ئۇنداقتا مەن سېنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. سەن ئۇنى مەن دېگەندەك كەززاپ ئەمەس دەپ قەسەم قىلالامسەن؟
ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى ھەمدە ئىسلامدا تەۋرەنمىدى.

* * *

ئەھنەفنىڭ يېشى كىچىك تۇرۇپ مۇھىم ئىشلارغا كەسكىن پۇزىتسىيە تۇتىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. سىز بەنى تەمىملىق بۇ ياشنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان زېھنى ئۆتكۈرلىكى، پاراسەتلىك، بىلىمى چوڭقۇر، تەبىئىتى پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىڭىز تېخىمۇ ھەيران قېلىپ ئەجەپلىنىسىز.
ئــۇ كىچىكــىدىن باشــلاپ قەۋمىنــىڭ ئاقســاقاللىرى بىــلەن بىلــلە ئولتۇراتــتى، يىغىــن ۋە سايلاملىرىغا قاتنىشاتتى، بىلىملىك، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن تەلىم ئالاتتى. ئۇ ئۆزى توغرىلىق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:
- بىز سەۋىرچانلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قەيس ئىبنى ئاسىمنىڭ سورۇنلىرىغا، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئالىملارنىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشاتتۇق.
ئۇنىڭدىن:
- ساڭا ئۇنىڭ سەۋىرچانلىقىدىن نېمە بەك تەسىر قىلغان؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:
«مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ ھويلىسىنىڭ بىر تەرىپىدە قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قەۋمىگە سۆزلەۋاتقان ئىكەن، مەن سالام قىلىپ ئولتۇردۇم. بىر ئازدىن كېيىن ۋاراڭ- چۇرۇڭنى ئاڭلاپ شۇ تەرەپكە قارىدۇق. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا بىرى باغلانغان، يەنە بىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ياش كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلدى:
- بۇ سېنىڭ جىيەنىڭ، ئۇ پالانى ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرۈپتۇ.
الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى، سۆزىنىمۇ ئۈزۈپ قويمىدى. ئاندىن جىيەنىگە قاراپ:
- قېرىندىشــىمنىڭ ئوغلــى! ســەن تاغاڭنىــڭ ئوغلــىنى ئۆلتــۈرۈپ تۇغقانچىلىقنىــڭ يۈزىــنى قىلماپسەن، ئۆزەڭگە ئۆز ئوقۇڭنى ئېتىپسەن، - دېدى.
ئاندىن ئۇ بىر ئوغلىغا قاراپ:
- تۇر بالام، تاغاڭنىڭ ئوغلىنىڭ قولىنى يېشۋەت. قېرىندىشىڭنى دەپنە قىل، ئاندىن ئۇنىڭ

ئانىسىغا يۈز تۆگە دىيەت- تۆلەم ئاپىرىپ بەر، ئۇ ئاجىز. - دېدى.»

*　　　*　　　*

ئەھنەف ئىبنى قەيس ساھابە- كىراملارنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ھۆكۈم ۋە ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆمەرنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئۇچرىغان، ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن شاگىرتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭغا:

- كەڭ قۇرساقلىق، سالاپەت ۋە تەدبىرنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ - دېيىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

- ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆگەنگەن. ئۇ مۇنداق دەيتتى: "تولا چاقچاق قىلغان ئادەمنىڭ سالاپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، كۆپ سۆزلىگەن ئادەم كۆپ خاتالىشىدۇ، كۆپ خاتالاشقان ئادەمدە ھايا ئازلايدۇ. ھايا ئازلىغان ئادەمنىڭ تەقۋالىقى ئازلايدۇ. تەقۋالىقى ئازلىغان ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ"

*　　　*　　　*

ئەھنەف ئىبنى قەيس مەرتىۋە جەھەتتە قەۋمىنىڭ يۇقىرىسى، نەسەپ جەھەتتە ئۆلۈغ بولمىسىمۇ، ئۇلارغا رەھبەر بولدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغۇچىلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا:

- ئى ئەبۇ ھازىم! قانداق كىشىنى قەۋمى ئۆزىگە رەھبەر قىلىدۇ؟ - دېدى. ئۇ:

- خىسلەت بار ئادەمنى قەۋمى تۇسالغۇسىز رەھبەر قىلىدۇ، - دېدى.

- ئۇ خىسلەتلەر قايسى؟

- توغرا يولغا باشلايدىغان دىن، ئۇنى پاك تۇتىدىغان مەرتىۋە، توغرا يول كۆرسىتىدىغان ئەقىل، خاتالىقتىن تۇسىدىغان ھايا.

ئۇنىڭ سەۋىرچانلىقى توغرىلىق بىرەيلەن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇنىڭ كەڭ قۇرساق، سەۋىرچانلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئەمىر ئىبنى ئەھتەم بىر ئادەمنى ئەھنەفنى سەۋىر قىلغىلى بولمايدىغان سەت تىللار بىلەن تىللاشقا كۈشكۈرتتى. لېكىن ئەھنەف بېشىنى سىلىپ جىم تۇردى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ جاۋاپ بەرمەي پەرۋاسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ، باش بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ چىشلەشكە باشلىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

- ۋاي، ئۇيات! نومۇس! الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ مېنى كۆزگە ئىلماي ماڭا جاۋاپ ياندۇرمىدى.

يەنە بىر قېتىم ئەھنەف ئىبنى قەيس بەسرەنىڭ ئەتراپىدا ئۆز يالغۇز كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم چىقىپ، ئۇنى تىللاپ ئەيىپلەشكە، سەت گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى. ئەھنەف ئۈن- تىنسىز يولغا مېڭىۋەردى. ئىككىسى كىشىلەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئەھنەف ھېلىقى ئادەمگە:

ـ قىرىندىشىمنىڭ ئوغلى! يەنە دەيدىغان گېپىڭ بولسا ھازىر دېگىن. قەۋمىم سېنىڭ دېگەن سۆزۈڭنى ئاڭلىسا زەربىگە ئۇچرايسەن، ـ دېدى.

ئەھنەف بۇلاردىن سىرت قاتتىق ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى، كېچىسى ئۇخلىمايدىغان، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە نەزىرىنى سالمايدىغان كىشى بولۇپ، كېچە قاراڭغۇلۇقى چۈشكەندە چىرىغىنى ياندۇرۇپ يېنىدا قويۇپ، ناماز ئوقۇيتتى. الله نىڭ ئازاۋىدىن قورقۇپ، غەزىۋىدىن ئەنسىرەپ، كېسەلدەك ھەسرەتلىنىپ يىغلايتتى. بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى سەزسە ياكى بىرەر ئەيىۋى ئاشكارە بولسا، بارمىقىنى چىراققا يېقىن ئەكىلىپ مۇنداق دەيتتى:

ـ ئەھنەف! ئويلاپ باقە! سەن نېمە دەپ ئاشۇ گۇناھنى ئۆتكۈزدۈڭ؟ ھەي ئىسىت سېنى، ئەھنەف! سەن بۈگۈن چىراقنىڭ تەپتى ۋە قىزىقىغا چىدىيالمىساڭ، جەھەننەمنىڭ ھارارىتىگە ۋە ئازاۋىغا قانداق چىدايسەن؟ ئى الله! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن. سەن شۇنداق قىلالايسەن. ئەگەر مېنى ئازاپلىساڭ، سەن شۇنىڭغا لايىق.

* * *

بىز ھازىر ئۇمەرۇلفارۇقنىڭ خەلىفىلىك دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە.

بەنى تەمىملىق ئەھنەف ئىبنى قەيسنىڭ جەسۇر، ئالىجاناپ قەۋمى ئاتلارغا مىنىپ، ئۆتكۈر قىلىچلارنى ئېسىپ، ئەھسائە ۋە نەجدەدىكى يۇرتلىرىدىن بەسرەگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار الله يولىدا جىھاد قىلىپ، الله نىڭ ساۋابىنى ئىزدەپ پارىسلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن، ئۇتبە ئىبنى غەزۋاننىڭ قوماندانلىقى ئاستىغا يىغىلغان مۇسۇلمانلار توپىغا قوشۇلماقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش يىگىت ـ ئەھنەف ئىبنى قەيسمۇ بار ئىدى.

بىر كۈنى ئۇتبە ئىبنى غەزۋان مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى ـ ئۇمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى خەتتە قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن، ئۇتبەنى ئۇرۇشتىن خەۋىرى بار، ئىقتىدارلىق جەڭچىدىن ئوننى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىشكە بۇيرىغان ئىدى. ئۇتبە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، جەڭچىلەرنىڭ ياخشىسىدىن ئوننى تەييارلاپ، ئۇلارنى مەدىنىگە يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەھنەف ئىبنى قەيسمۇ بار ئىدى.

ۋەكىللەر مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ يېنىغا باردى. مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئومۇمى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى سورىدى. ئۇلار ئۇمەرگە ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېيىشتى:

ـ كىشىلەرنىڭ ئىشىنى دېسەك، سەن ئۇلارنىڭ ئىگىسى ۋە ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچى. بىز ئۆزىمىز توغرىلىق سۆزلەيمىز.

خەلىفە ئۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ ھاجىتىنى سورىدى. ئەھنەف ياش جەھەتتە ھەممىدىن كىچىك بولغاچقا، ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلىدى. ئۇ الله غا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ بولۇپ، مۇنداق دېدى:

ـ ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! مىسىرغا چۈشكەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى فىرئەۋننىڭ يۇرتىدىكى

بېشىل، باراقسان جايغا چۈشتى. شام دىيارىغا چۈشكەنلەر خانلارنىڭ زېمىندىكى مۈنبەت، مېۋىلىك باغچا يەرگە چۈشتى. پارىس دىيارىغا چۈشكەنلەر پارىس شاھلىرىنىڭ زېمىندىكى تاشلىق دېڭىز قىرغاقلىرىغا، باراقسان بوستانلىقلارغا چۈشتى. لېكىن بەسرەگە چۈشكەن بىزنىڭ قەۋمىمىز تۇپرىقى قۇرىمايدىغان، گىياھ ئۈنمەيدىغان، ساسلىق، شورلۇق يەرگە چۈشتى. بىر تەرەپ شاكىراپ تۇزلۇق دېڭىز، يەنە بىر تەرەپ قاقاس باياۋان... ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىن. بەسرەدىكى ۋالىنى چارۋا ۋە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن تاتلىق سۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭ قېزىپ بېرىشكە بۇيرىغىن. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ تۇرمۇشى جانلىنىدۇ، باھا تۆۋەنلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار الله يولىدىكى جىھادقا تېخىمۇ كۈچ چىقىرىدۇ.

ئۆمەر ئەجەپلىنىش نەزىرى بىلەن ئەھنەفكە قارىدى ۋە ۋەكىل بولۇپ كەلگەن كىشىلەرگە:

ـ سىلەرمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى دېسەڭلار بولمامدۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى ئۇ ھەقىقەتەن رەھبەر، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلارغا مۇكاپات بەردى، ئەھنەفكىمۇ ئۆز نېسۋىسىنى بەردى. ئەھنەف:

ـ ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! الله بىلەن قەسەمكى، بىز چۆل- جەزىرىلەرنى بېسىپ، تۆگىلەرنى ھاردۇرۇپ، مۇكاپات- سوغىلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن كەلمىدۇق. مېنىڭ مەن ساڭا دېگەن قەۋمىمنىڭ ھاجىتىدىن باشقا ھاجىتىم يوق. ئۇلارغا ئاشۇنى قىلىپ بەرسەڭ ناھايىتى زور مۇكاپات بەرگەن بولىسەن.

ئۆمەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشتى ۋە:

ـ بۇ بالا بەسرەلىكلەرنىڭ رەھبىرى ئىكەن، ـ دېدى. سورۇن ئاخىرلىشىپ ۋەكىللەر ياتاقلىرىغا قايتماقچى بولغاندا، ئۆمەر ئۇلارنىڭ بوخچىلىرىغا نەزەر سېلىپ. بىرىدىن تېشىغا چىقىپ قالغان كىيىمنىڭ پېشىنى كۆردى- دە، قولى بىلەن تۇتۇپ:

ـ بۇ كىمنىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەھنەف:

ـ مېنىڭ، ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ـ دەپ جاۋاپ قايتۇردى. خەلىفە ئۇنىڭ باھاسى قىممەت كىيىم ئىكەنلىكىنى بايقاپ سورىدى:

ـ قانچە دىرھەمگە ئالدىڭ؟

ـ سەككىز دىرھەمگە.

ئەھنەف ئۆزىنىڭ مۇشۇ قىممىتىدىن باشقا چاغدا يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۇنى 12 دىرھەمگە سېتىۋالغان ئىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

ـ بىرى بىلەن بولدى قىلىپ، قالغىنىنى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىگە ئىشلەتسەڭ بولماسمۇ!؟ ـ دېدى، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ماللىرىڭلاردىن ھاجىتىڭلارغا چۈشلۇق پايدىلىنىڭلار. زىيادىسىنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، كۆڭلۈڭلار ئارام تاپىدۇ ۋە نەتىجىگە ئېرىشىسىلەر.

ئەھنەف خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ، ھېچنەرسە دېمىدى. مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى ۋەكىللەرنىڭ بەسرەگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى، لېكىن ئەھنەفنى ئۇلار بىلەن قايتىشقا يول قويماي، تولۇق بىر يىل يېنىدا ئېلىپ قالدى. ئۆمەر ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن بۇ تەمىملىك يىگىتنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈر، بايانىنىڭ ئۇچۇق، روھىنىڭ ئالىجاناب، ئىرادىسىنىڭ يۈكسەك، قابىلىيىتىنىڭ ئەتراپلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى كۆز ئالدىدىلا يېتىشتۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ ساھابىلەرنىڭ پېشقەدەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ يولى بىلەن مېڭىشى، ئۇلارنىڭ قولىدا دىنى تەلىم ئېلىشى ئۈچۈن، يېنىدا ئېلىپ قېلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەھنەفنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، يېنىدا روھى دۇنياسىنى كۆزىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۆمەر سۆزگە ماھىر، ئەقىللىق كىشىلەردىن بەك ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۇلار ياخشىلانسا، دۇنيا ياخشىلىققا تولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇزۇلسا، ئۇلارنىڭ پاراسىتى كىشىلەرگە بالا بولىدۇ، دەپ قارايتتى. بىر يىل توگىگەندىن كېيىن ئۆمەر ئەھنەفكە:

- ئى ئەھنەف! سېنى سىناپ كۆزەتتىم، پەقەت ياخشىلىقنىلا كۆردۈم. سېنىڭ سىرتقى دۇنيايىڭنىڭ ياخشىلىقىنى كۆردۈم، ئىچكى دۇنيايىڭنىڭمۇ سىرتقى دۇنيايىڭغا ئوخشاش بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن، - دېدى. ئاندىن پارس جەڭ مەيدانىغا يولغا سالدى ۋە جەڭ قوماندانى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىگە:

- ئەھنەف ئىبنى قەيسنى يېنىڭدىن ئايرىما، ئۇنىڭغا مەسلىھەت سال، سۆزىنى ئاڭلا، - دەپ خەت يازدى.

ئەھنەف پارس دىيارىدا كۈرەش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار بايرىقى ئاستىغا قوشۇلدى. نام-شۆھرىتىنى جاھانغا تارىتىدىغان قەھرىمانلىق نەمۇنىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ ۋە قەۋمى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشتا قاتتىق باتۇرلۇق كۆرسەتتى ۋە بېرىلىپ جەڭ قىلدى، ھەتتا الله نىڭ ئۇلارنىڭ قولى بىلەن كىسرالارنىڭ تاجىنىڭ گۆھىرى بولغان تۇستەر شەھرىنى ئازات قىلدى ۋە ھورمۇزان ئۇلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. ھورمۇزان پارس قوماندانلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، خارەكتىرى ئۇستۇن، ئىرادىلىك، ھىلە- مىكرى كۆپ ئادەم ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى ئۇنى كۆپ قېتىم سۈلھىگە قىستاپ كەلدى، لېكىن ئۇ سۈلھى پۇرسىتى كەلسىلا، ئۆزىنى غەلىبە قىلالايمەن دەپ قاراپ، سۈلھىنى رەت قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى تۇستەردە قورشىۋالغاندا، شەھەر قەلئەلىرىدىن بىرىگە بېكىنىۋېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- مەندە يۈز ئوق بار. الله بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئوق قولۇمدا بولسىلا، سىلەر ماڭا ھەرگىزمۇ يېقىن كېلەلمەيسىلەر. سىلەر بىلىسىلەر، مەن ئۇستا مەرگەن. سىلەردىن يۈز ئادەمنى ياردار ياكى ئۆلۈككە ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مېنى ئەسىر ئالغىنىڭلارنىڭ نېمە پايدىسى؟

- نېمە دېمەكچى سەن؟

- مەن سىلەرنىڭ خەلىفەڭلار ئۆمەرنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنماقچىمەن. ئۇ ماڭا خالىغىنىنى

قىلسۇن.

- بولىدۇ، شۇنداق قىل.

ئۇ ئۇقىياسنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇپ چۈشتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى باغلاپ، غەلىبە قەھرىمانلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر بىلەن مەدىنىگە ئەۋەتتى. ۋەكىللەرنىڭ بېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى- ئەنەس ئىبنى مالىك ۋە ئەھنەف ئىبنى قەيس ئىدى. ۋەكىللەر مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىگە غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھورمۇزاننى ئېلىپ مەدىنىگە ئالدىراپ ماڭدى. ئۇلار غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە يەتكۈزۈش، خىيانەتچى ۋە دىنى بۇزغۇنچىنى خەلىفىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئالدىرايتتى. ئۇلار مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە، ھورمۇزاننى مۇسۇلمانلارغا ئەسلى ھالىتىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ياساندۇردى. ئۇنىڭغا ئالتۇن يىپلار بىلەن زەر تۇتۇلغان قىممەت باھالىق يىپەك كىيىمنى كەيدۈردى، بېشىغا گۆھەر ۋە جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەن تاشنى قويدى. ساپ ئالتۇن بىلەن ياسالغان، ياقۇت ۋە مەرۋايىت بىلەن زىننەتلەنگەن ھاسىنى ئاستى. ئۇلار مەدىنە زېمىنىغا قەدەم قويۇشىغىلا، كىشىلەر ياش- قېرى ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ ئەسىرگە قاراشقا، ئۇنىڭ ھالىتى ۋە شەكلىدىن قاتتىق ئەجەبلىنىشكە باشلىدى. ۋەكىللەر ئۆمەرنى ئىزدەپ تاپالماي كىشىلەردىن سوراپ، ئۇنىڭ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەسجىدكە كەتكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن مەسجىدكە بېرىپ ئۇنى تاپالمىدى. ئۇلار خەلىفىنى ئىزدىگەنسېرى كىشىلەر كۆپىيىپ، قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى. ئۇلار شۇ ھالدا گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئوينىۋاتقان كىچىك باللار ئۇلارنى كۆرۈپ:

- ئۇياق- بۇياققا مېڭىپ يۈرىسىلەر، نېمە ئىشىڭلار بار؟ خەلىفىنى ئىزدەيدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

- شۇنداق، - دېدى ئۇلار.

- ئۇ مەسجىدنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پىلاشنى ئاستىغا سېلىپ ئۇخلاۋاتىدۇ، - دېيىشتى باللار.

ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كۇفەدىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پىلاشى بىلەن چىققان بولۇپ، ئەلچىلەر قايتقاندا ئۇنى سېلىپ بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇيقىغا كەتكەن ئىدى. ۋەكىللەر ھورمۇزاننى ئېلىپ مەسجىدنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ماڭدى. ئۇلار خەلىفىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، ئەمىرنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزدى. ھورمۇزان ئەرەپ تىلىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيتتى ھەمدە مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇخلاۋاتقان بۇ كىشىنىڭ مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. توغرا، ئۇ ئۆمەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ نا ھايىتى ئاددى ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ زىبۇ- زىننەتلىرىگە قەتئى بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. لېكىن ئۇ رۇمنى قورقۇتقۇچى، كىسرالارنى بېسىپ چۈشكۈچىنىڭ مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە يېپىنچىسىز، يۆلەنچۈكسىز، قوغدىغۇچىسىز،

قاراۋۇلسىز ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ جىم ئولتۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى نامازغا ساقلاۋاتىدۇ، خەلىفىنىڭ كېلىشىنى كۈتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن ئەھنەف ئىبنى قەيس خەلىفىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كىشىلەرگە گەپ قىلماسلىققا، ھەركەتتىن توختاشقا ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆمەرگە ھەمرا بولۇش جەريانىدا ئۇنىڭ كېچىسى بەك ئاز ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. خەلىفە كېچىسى ياكى الله غا ئىبادەت قىلىپ جەينامازدا بولاتتى، ياكى پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن كېيمىنى كېيىپ، مەدىنە كوچىلىرىنى ئايلىناتتى ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆتكۈنچىلەردىن قوغدايتتى.

ئەھنەفنىڭ كىشىلەرگە ئىشارەت قىلىشى ھورمۇزاننىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. دە، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبەگە قارىدى، ئۇ پارىسچىنى بىلەتتى. ھورمۇزان ئۇنىڭدىن:

- ئۇخلاۋاتقان كىشى كىم؟ - دەپ سورىدى.

- ئۇ مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى، - جاۋاپ بەردى ئۇ.

ھورمۇزان ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى ۋە مۇنداق دېدى:

- ئۇ ئۆمەرما؟!! ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، مۇھاپىزەتچىلىرى قېنى؟!!

- ئۇنىڭ ھېچقانداق قوغدىغۇچى ۋە مۇھاپىزەتچىسى يوق.

- ئۇ پەيغەمبەر بولۇشى لازىمكەن، - دېدى ھورموزان.

- ياق. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر يوق.

كىشىلەر كۆپەيدى، ۋاراڭ- چۇرۇڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۆمەر ئويغاندى، ئورنىدا ئولتۇرۇپ كىشىلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ پارىس ئەمىرىنى كۆردى، بېشىدا قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان تاجى، قولىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھاسىسى... ئۆمەر ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدى ۋە مۇنداق دېدى:

- ھورمۇزان!؟

- شۇنداق، مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى، - دېدى ئەھنەف.

خەلىفە يېپەكلەرگە تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن يۈزىنى ئۆرۈپ مۇنداق دېدى:

- الله دىن دەۋزەختىن پاناھ بېرىشىنى تىلەيمەن، بۇ دۇنياغا بېرىلىشتىن ساقلىنىشتا ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىمەن. بۇنى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئىسلامغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن الله غا چەكسىز مەدھىيەلەر بولسۇن.

ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- ئى مۇسۇلمانلار! بۇ دىنغا مۇستەھكەم ئەمەل قىلىڭلار، ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىڭلار، دۇنياغا بېرىلمەڭلار، ئۇ بىر ئالدامچى، - دېدى.

ئۆمەر سۆزىنى توختاتقاندا، ئەھنەف ئىبنى قەيس غەلىبە خۇشخەۋىرىنى يەتكۈزدى ھەمدە الله مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان غەنىمەتلەردىن خەۋەر بېرىپ بولۇپ مۇنداق دېدى:

- ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ھورمۇزان بىزگە تەسلىم بولدى، ئۇ سېنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭنى تەلەپ قىلدى، خالىساڭ ئۇنىڭغا گەپ قىل.

- ئۇ ھاكاۋۇرلۇق كۆرۈنۈشلىرىنى سىلىۋەتمىگىچە ئۇنىڭغا گەپ قىلمايمەن، - دېدى ئۆمەر.

ئۇلار ئۇنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىنى، تاجىنى سالدۇردى، ھاسىسىنى ئالدى، بەدىنىنى ياپقۇدەك ئاددى كىيىم كەيدۈردى. ئاندىن ئۆمەر ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

- گەپ قىل، ھورمۇزان! ئالدامچىلىقىڭ ۋە الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنماسلىقىڭ ئاقىۋىتى قانداق ئىكەن؟!

ھورمۇزان تۆۋەنچىلىك بىلەن يەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

- ئى ئۆمەر! بىز ۋە سىلەر ھەممىمىز جاھىلىيەتتە ئىدۇق، بىزنىڭ ھېچقايسىمىز الله غا ئېتائەت قىلمايتتۇق. بىز سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىن غەلىبە قىلغان. سىلەر ئىسلام كەلتۈرۈپ، الله غا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغىنىڭلار، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلدىڭلار.

ئۆمەر مۇنداق دېدى:

- سىلەر سەن دېگەندەك يول بىلەن ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلدىڭلار، يەنە بىرى سىلەرنىڭ بىرلىكىڭلار، بىزنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىمىز سەۋەپ بولدى.

ئاندىن جىددى نەزەر بىلەن قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- ھورمۇزان! سەن نېمىشقا كېيىنى - كەينىدىن ۋەدەڭگە ۋاپاسىزلىق قىلىسەن؟

- مېنى ئۆلتۈرىۋېتىشىڭدىن قورقىمەن،- دېدى ھورمۇزان.

- ئەھۋالنى دەپ بولغۇچە ئەنسىرىمە.

ھورمۇزان ئۇلاردىن بۇنى ئاڭلاپ قورقۇنچىسى سەل بېسىقىپ:

- مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، - دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا سۇ بېرىشكە بۇيرىدى.

- ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ بۇنداق قاچىدا سۇ ئىچەلمەيدىكەنمەن، - دېدى ھورمۇزان قاچىغا قاراپ. ئۆمەر بۇيرۇپ، ھورمۇزان رازى بولىدىغان قاچا كەلتۈردى. ئۇ قاچىنى قولىغا ئالغاندا قولى تىترەشكە باشلىدى.

- نېمە بولدى؟

- مەن سۇدىن ئىچىۋاتقاندا مېنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىمدىن قورقىۋاتىمەن.

- ئەنسىرىمەي ئىچكىن.

ھورمۇزان قاچىنى تاشلاپ، سۇنى تۆكىۋەتتى. ئۆمەر:

- ئۇنىڭغا باشقا قاچىدا سۇ بېرىڭلار، ئۇنى ئۇسسۇز ھالدا ئۆلتۈرمەڭلار، - دېدى.

- سۇنىڭ كېرىكى يوق. مەن ئۇ ئارقىلىق ئۆزەمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرماقچى ئىدىم.

- مەن سېنى چۇقۇم ئۆلتۈرىمەن.
- سەن ماڭا ئەمىنلىك بەردىڭ.
- سەن يالغان ئېيتتىڭ.
- راست ئېيتىدۇ، ئەمىنلىك بەردىڭ، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! - دېدى ئەنەس ئىبنى مالىك.
- ۋاي ئەنەس! سېنىڭ قېرىندىشىڭ بەرا ئىبنى مالىك ۋە مەجزەئە ئىبنى سەۋرىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە ئەمىنلىك بېرەمدىمەن؟ مۇمكىن ئەمەس.
- سەن ئۇنىڭغا ئەنسىرىمەي ئەھۋالىڭنى ئېيت دېدىڭ، يەنە ئەنسىرىمەي سۇنى ئىچ دېدىڭ، - دېدى ئەنەس.
ئەھنەف ئەنەسنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ھورمۇزانغا ئەمىنلىك بەرگەنلىكىگە گۇۋاھ بولدى. ئۆمەر ھورمۇزانغا غەزەپ بىلەن قارىدى ۋە:
- سەن مېنى ئالدىدىڭ، الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن مۇسۇلمانلاردىن باشقىسىغا ئالدانمايمەن، - دېدى.
ھورمۇزان مۇسۇلمان بولدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ دىنار تۆلەم بۇيرىدى.

* * *

پارىسلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى تولا بۇزۇشى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغىلىشى، ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋەتتى، شۇ سەۋەپتىن ھورمۇزان بىلەن كەلگەن ۋەكىللەرنى يىغدى ۋە ئۇلارغا:
- مۇسۇلمانلار زىمىيلارغا زىيان سالامدۇ ياكى يامان مۇئامىلە قىلامدۇ، پارىسلار ۋەدىسىنى بۇزغۇدەك؟ - دېدى. ۋەكىللەردىن بىرى مۇنداق دېدى:
- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! الله بىلەن قەسەمكى، بىز بىرەرسىنىڭ يامان مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ياكى ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى ۋە ياكى يولسىزلىق قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز.
- ئۇنداقتا سىلەر بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم بار تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا ئىسيان كۆتىرىدۇ؟ - دېدى ئۆمەر. ۋەكىللەر ئۆمەرنى قانائەتلەندۈرەلىگىدەك جاۋاپ بېرەلمىدى، ئەھنەف ئىبنى قەيس تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! سەن سورىغان سۇئالىغا مەن جاۋاپ بېرەي.
- قېنى بىلىدىغانلىرىڭنى ئېيتقىن.
- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! سەن بىزنى پارىس دىيارىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن توستۇڭ، قولىمىزدىكى زېمىن ۋە شەھەرلەر بىلەن بولدى قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ. پارىسلارنىڭ پادىشاھى ھايات ۋە ئۆز ئىچىدىلا بولىدىكەن، ئۇلار بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئادەم ۋە يۇرتلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بىز بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلەر ئۇلارنىڭ چاقىرىغىنى ئاڭلىسا ۋە غەلىبە پۇرستى كەلسىلا ئۇلارغا قوشۇلىدۇ. ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى!

بىر زېمىندا ئىككى پادىشاھ ياشىيالمايدۇ، بىرى يەنە بىرىنى قوغلاپ چىقىرىشى لازىم. ئەگەر بىزگە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقىنى يوقۇتۇپ، پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن پارىس دىيارىغا ھۇجۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلساڭ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ ھەرىكىتى بېسىقاتتى، ئىشىمىز ياخشىلىناتتى.

ئۆمەر بىردەم يەرگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

- ئە ھنەف! ماشا راست گەپ قىلدى، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يېڭى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى، - دېدى.

ئەھنەفنىڭ بۇ سۆزى كېيىنكى ئىشلارغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ پىكرىنىڭ تەسىرى تارىخنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىش بولدى.

الله ئە ھنەف ئىبنى قەيستىن رازى بولسۇن ھەم ئۇنى رازى قىلسۇن! ئۇ زامانىنىڭ ئاجايىپ نامايەندىسى، كىشىلەر ئىچىدىكى مىسلىسىز ئۈلگە ئىدى.

## ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا تەمىمى
## « دۇنياغا بېرىلمەسلىك سەككىز كىشىدە ۋايىغا يەتكەن، ئۇلارنىڭ ئالدىنقىسى ـ ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا تەمىمى »
## ـ ئەلقەمە ئىبنى مەرسىد

بىز ھازىر ھىجرىيىنىڭ 14 ـ يىلىدا.

مانا بۇ ساھابىلەرنىڭ مۆھتىرەملىرى، تابىئىنلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلۇشچى ئۈستىلار مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى ـ ئۇمەر ئىبنى خەتتاب (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ) نىڭ ئەمرى بۇيىچە، بەسرە شەھىرىنىڭ لاھىيەسىنى سىزىۋاتىدۇ.. ئۇلار بۇ يېڭى شەھەرنى پارىس دىيارىغا ھۇجۇم قىلىدىغان مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بازىسى، ئىسلام تەشۋىقاتىنىڭ مەركىزى، يەر يۈزىدە الله نىڭ سۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان مەشئەل قىلىشنى نىيەت قىلغان.

مانا، مۇسۇلمانلار توپى ئەرەپ ئارىلىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردىن، نەجدە، ھىجاز، يەمەندىن ياش شەھەرنى مۇستەھكەم قورغان قىلىش ئۈچۈن بۇ شەھەرگە كۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ... نەجددىن كەلگەن مۇھاجىرلار ئىچىدە، ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا تەمىمى دەپ ئاتىلىدىغان بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر ياشمۇ بار ئىدى. ئەمىر ياشلىق گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان، تېرىسى يۇمران، چىرايى نۇرانە، ئەقىللىق، روھىيىتى پاك، تەقۋادار ياش ئىدى.

بەسرە شەھرى ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىماي، جەڭ غەنىمەتلىرىدىن كىرگەن مال ـ دۇنيا، ساپ ئالتۇنلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئېرىشىدىكى ئەڭ باي شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان، لېكىن تەمىملىق ياش ئەمىر ئىبنى ئابدۇللانىڭ بۇلار بىلەن چاتىقى يوق ئىدى. ئۇ الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئەجىرگە قىزىقىپ، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيادىن ئۆزىنى يىراق تۇتقان، الله ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىدىن يۈز ئۆرىگەن ئىدى...

* * *

شۇ كۈنلەردە بەسرەنىڭ رەھبىرى ۋە يېتەكچىسى ـ ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ) بولۇپ، ئۇ بۇ نۇرلۇق شەھەرنىڭ ۋالىسى، ھەر قايسى تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىدىغان مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى، بەسرەلىكلەرنىڭ ئىمامى، ئوقۇتقۇچىسى، الله تەرەپكە يېتەكلىگۈچىسى ئىدى.

ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ھەر قانداق ۋاقىتتا يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭدىن الله نىڭ كىتاۋىنى الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ( ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن ) قەلبىگە چۈشۈرگەندەكلا ئەسلى پېتى تەلىم ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باغلاپ سەھىھ توغرا ھالىتىدە قوبۇل قىلىپ بايان قىلدى. ئۇنىڭ قولىدا الله نىڭ دىنىغا ئائىت نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندى. ئەمىر

بىلىمدە ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بولغاندىن كېيىن، ھاياتىنى ئۈچكە بۆلدى:
بىرىدە، بەسرە مەسجىدىدە كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىپ، الله نى ئەسلەش سورۇنلىرىدا ئۆتەتتى.
بىرىدە، ئۇلۇغ الله ئالدىدا تۇرۇپ، پۈتلىرى تالغىچە ناماز ئوقۇپ، ئىبادەت ئۈستىدە ئۆتكۈزەتتى.
يەنە بىرىدە، الله يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن قىلىچ كۆتۈرۈپ، جىھاد ساھەسىدە ئۆتەتتى.

* * *

ئەمىر ئىبنى ئابدۇللانىڭ خەۋەرلىرىدىن بىرى توغرىسىدا، بەسرەلىك ياشلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ:
مەن ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا بار كارۋان بىلەن سەپەرگە ئاتلاندىم، كەچ كىرگەندە بىر ساسلىقتا چۈشتۇق... ئەمىر ئۆزىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، ئېتىنى ئۇزۇن قىلىپ بىر دەرەخكە باغلىدى ۋە ئەتراپتىن تويغىدەك ئوت - چۆپ يىغىپ، ئات ئالدىغا تاشلاپ بەردى، ئاندىن ساسلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. مەن ئۆز - ئۆزەمگە: مەن چۇقۇم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بۇ كېچىدە ساسلىق ئىچىدە نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقاي، دەپ ئويلىدىم. - دە ئىزىغا چۈشتۈم. ئاخىرى ئۇ دەرەخ بىلەن ئورالغان، كۆزلەردىن خالى بىر چوققىغا يېتىپ باردى، قىبلىغا قاراپ نامازنى باشلىدى... مەن ئۇنىڭ نامىزىدەك چىرايلىق، مۇكەممەل، دىل ھوزۇرى بىلەن ئوقۇلغان نامازنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇ الله خالىغان نامازنى ئوقۇپ، نامىزى تۈگىگەندە دۇئا قىلىشقا، الله بىلەن سىردىششقا باشلىدى، ئۇ دۇئاسىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:
- ئى رەببىم! مېنى سەن ئۆز ئەمرىڭ بىلەن ياراتتىڭ، ئۆزەڭ خالاپ بۇ دۇنيانىڭ سىناقلىرىغا قويدۇڭ، ئاندىن ئۆزەڭنى تىزگىنلە، دېدىڭ، ئى كۈچلۈك، غالىپ رەببىم! سەن ئۆز لۇتفى - كەرەمىڭ بىلەن مېنى تىزگىنلىمىسەڭ، مەن ئۆزەمنى قانداق تىزگىنلەي؟ ئى رەببىم! ئەگەر پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ ئىلكىمدە بولسا، ئاندىن سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن تەلەپ قىلىنسا، ھەممىنى بېرىۋېتەتتىم... ئى مەھرىبان، رەھىمدىل رەببىم! سەن روھىمغا ئالىجاناپلىق، تەقۋادارلىق ئاتا قىلىپ، ماڭا رەھمەت قىلغىن. ئى رەببىم! مەن سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەنكى، ماڭا ھەر قانداق مۇسىبەت ھېچنەرسە ئەمەس، بارلىق ھۆكۈملىرىڭگە رازىمەن، مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭ سەۋەبىلىك، ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەت ۋە ئەرزىيەتلەرگە پەرۋا قىلمايمەن...
بەسرەلىك ھېلىقى كىشى مۇنداق دەيدۇ:
مېنى مۈگدەك بېسىپ، ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن، ئۇخلاپ ئويغۇنۇپ تۇردۇم، ئەمىر ناماز ئوقۇپ، پەرۋەردىگارى بىلەن سىردىشىپ، ئۆز ئورنىدا تۇراتتى. ئاخىرى تاڭ يورىدى، تاڭ يورىغاندا بامدات نامىزنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە دۇئا قىلىشقا باشلىدى:
- ئى ئىلاھىم! تاڭ يورىدى، كىشىلەر ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار سېنىڭ مەرھەمىتىڭنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېھتىياجى بار. ئەمرىنىڭمۇ

ساڭا ئېھتىياجى بار، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن... ئى الله! مېنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىن، ئى ئەڭ كەرەملىك الله! مەن سەندىن ئۈچ ئىشنى سورىدىم، ئىككىسىنى بەردىڭ، بىرىنى بەرمىدىڭ، ماڭا ئاشۇنى بەرگىن، مەن ساڭا ئۆزەم ياخشى كۆرگەندەك ۋە ئىرادە قىلغاندەك ئىبادەت قىلالىۋالاي...

ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە مېنى كۆرۈپ قېلىپ، كىچىچە مېنىڭ كۆزەتكەنلىكىمنى چۈشەندى. ـ دە، قاتتىق بىئارام بولۇپ، قايغۇ ئىچىدە مۇنداق دېدى:

ـ ئى بەسرەلىك قېرىنداش، كېچىچە مېنى كۆزىتىپ چىقىپسەندە؟!

ـ ھەئە.

ـ كۆرگەنلىرىڭنى مەخفى تۇتقىن، الله سېنىڭمۇ مەخفىيەتلىكىڭنى ساقلىغاي.

ـ ئۇ نداقتا، سەن ماڭا پەرۋەردىگارىڭدىن سورىغان ئۈچ ئىشنى ئېيتىپ بەرگىن، بولمىسا كۆرگەنلىرىمنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرىۋېتىمەن.

ـ ھەي سىنى، ئۇنداق قىلما.

ـ ئىش مەن ساڭا دېگەندەك.

ئۇ مېنىڭ چىڭ تۇرىۋالغانلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

ـ ھېچكىمگە دېمەسلىككە الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلساڭ، ئاندىن دەپ بېرەي.

ـ بولىدۇ، سەن ھايات ۋاقتىڭدا سىرىڭنى ئاشكارىلىماسلىققا الله نىڭ نامى بىلەن ۋەدە بېرەي.

ـ مەن ئاياللارنىڭ دىنىمغا زىيان سېلىشىدىن بەك قورقاتتىم، پەرۋەردىگارىمدىن قەلبىمدىن ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشنى چىقىرىپ تاشلىشىنى تىلىدىم، تىلىگىم ئىجابەت بولۇپ، ئايال كىشىنى كۆردۈممۇ ياكى تامنىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان بولدۇم.

ـ بۇ بىرىنچىسى، ئىككىنچىسىچۇ؟

ـ ئىككىنچىسى، رەببىمدىن مېنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماس قىلىپ بېرىشىنى سورىدىم، تىلىگىمنى ئىجابەت قىلدى. يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن.

ـ ئۈچىنچىسىچۇ؟

ـ رەببىمدىن كېچە ـ كۈندۈز خالىغانچە ئىبادەت قىلىشىم ئۈچۈن ئۇيقۇنى كەتكۈزىۋېتىشىنى سورىدىم، ئۈچىنچىسىنى بەرمىدى.

ئەمىردىن بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدىم:

ـ ئۆزەڭگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، سەن كېچىنى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزنى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزىدىكەنسەن، جەننەتكە بۇنچىۋالا قىلمىساڭمۇ ئېرىشەلەيسەن، دوزەختىن بۇنىڭدىن ئازراق جاپا چەكسەڭمۇ ساقلىنالايسەن.

ـ مەن پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان كۈندە پۇشايمان قىلىشتىن ئەنسىرەيمەن، الله بىلەن قەسەمكى، تىرىشالىسام، ئىبادەتتە چۈقۇم تىرىشىمەن. ئەگەر نىجاتلىققا ئېرىشەلىسەم، بۇ الله

نىڭ رەھمىتى. ئەگەر دەۋزەخكە كىرىپ قالسام، بۇ مېنىڭ يېتەرسىزلىكىمدىن...

* * *

ئەمىر كېچىسى ئىبادەت قىلىدىغان زاھىدلا ئەمەس، بەلكى يەنە كۈندۈزنىڭ چەۋەندازلىرىدىن ئىدى. چاقىرغۇچىلار الله يولىدا جىھاد قىلىشقا چاقىرسا، ئەمىر چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدىغانلارنىڭ ئالدىنقىسى بولاتتى. ئەگەر مۇجاھىدلار بىرەر جىھادقا ماڭسا، ئۇ ھەمراھلىققا كىشى تېپىش ئۈچۈن كىشىلەرگە سەپ سالاتتى، ئەگەر مۇۋاپىق كىشىلەرگە كۆزى چۈشسە، مۇنداق دەيتتى:

- مەن سىلەر بىلەن دوست بولماقچى، ماڭا ئۈچ ئىشتا يول قويۇڭلار.

- ئۇلار قايسى؟

- بىرىنچىسى، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولىمەن، بۇنى ھېچكىم مەندىن تالاشمايدۇ. ئىككىنچىسى، سىلەرنىڭ مۇئەززىنىڭلار بولىمەن، ھېچكىم مەندىن نامازغا چاقىرىشنى تالاشمايدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىقتىدارىمنىڭ يېتىشىچە، سىلەرگە خىراجەت قىلىپ بېرىمەن.

ئەگەر ئۇلار بولىدۇ، دېسە، ئۇلارغا قوشۇلاتتى، ئەگەر بىرەرسى ئۇلاردىن بىرەر ئىشنى تالاشسا، باشقىلارنى ئىزدەپ ماڭاتتى.

ئەمىر جىددى، قورقۇنچلۇق جەڭ ۋاقىتلىرىدا كۆپ، غەنىمەت تەقسىم قىلىنغاندا ئاز مۇجاھىدلار قاتارىدىن ئىدى. ئۇ جەڭنى ھەممىدىن بەك بېرىلىپ قىلاتتى، لېكىن غەنىمەت ئالىدىغان ۋاقىتتا ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىنى تارتاتتى...

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قادىسسىيە جېڭىدىن كېيىن، كىسرانىڭ قەسرىگە كىردى. ئۇ ئەمىر ئىبنى مۇقرىننى غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى بەيتۇلمالغا ئەۋەتىش، قالغىنىنى مۇجاھىدلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، غەنىمەتلەرنى يىغىشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا سۈپەتلەپ بولغۇسىز بىھېساپ مال - دۇنيا، قىممەتلىك جاۋاھىرات ۋە نەپىس بۇيۇملار جۇغلاندى. بۇ يەردە پارىس شاھلىرى تاماق يەيدىغان ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلىنىپ، قوغۇشۇن بىلەن پېچەتلىۋېتىلگەن زور قاچا، ئاۋۇ يەردە كىسرانىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، زىبۇ - زىننەتلىرى، گۆھەر ۋە جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن ساۋۇت دۇبۇلغىلىرى بىلەن توشقۇزۇلغان ياغاچىنىڭ ئېسىلىدىن ياسالغان ساندۇقلار... ئۇۋۇ يەردە ھەر بىر پارىس شاھلىرىنىڭ قىلىچ ۋە غىلاپلىرى، ئېسىل زىبۇ - زىننەت، ئاجايىپ جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان زىبۇ - زىننەت قاچىلىرى... تارىخ مابەينىدە پارىس ئۈچۈن بويسۇندۇرغۇچى بولغان شاھلار ۋە قوماندانلارنىڭ قىلىچلىرى...

خىزمەتچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ غەنىمەتلەرنىڭ ھېساۋىنى ئېلىۋاتقاندا، چاڭ - تۇزان باسقان بىر ئادەم كىشىلەر تەرەپكە كەلدى. ئۇنىڭدا چوڭ، ئېغىر بىر زىبۇ - زىننەت قاچىسى بار بولۇپ، ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرىۋالغان ئىدى. كىشىلەر دىققەت بىلەن باقتى، ئۇ ئۇلار بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، يىغقان نەرسىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىدەك نەرسمۇ بولمىغان زىبۇ - زىننەت قاچىسى ئىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئۇ ئەڭ ئېسىل گۆھەر ۋە

جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان ئىكەن. ئۇلار ھېلىقى ئادەمدىن:
- بۇ قىممەتلىك خەزىنىنى نەدىن تاپتىڭ؟ - دەپ سورىدى.
- بۇنى پالانى جەڭدە، پالانى ئورۇندىن غەنىمەت ئالدىم، - دېدى ئۇ كىشى.
- بۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئالدىڭمۇ؟
- الله سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ قاچا ۋە پارس شاھىنىڭ بارلىق مۈلكى مېنىڭ نەزىرىمدە ئېلىپ تاشلىۋەتكەن تىرناقچىلىك ئەمەس، ئەگەر بۇنىڭدا بەيتۇلمالنىڭ ھەققى بولمىغان بولسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئورنىدىن ئالمايتتىم، سىلەرگە ھەم ئېلىپ كەلمەيتتىم، -دەپ جاۋاپ قايتۇردى ھېلىقى كىشى. ئۇلار:
- الله نىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن سەن كىم؟ - دەپ سورىدى.
- سىلەرنىڭ ماختىماسلىقىڭلار، باشقىلارنىڭ مەدھىيىلەپ باھا بەرمەسلىكى ئۈچۈن، سىلەرگە ھەرگىز دېمەيمەن، لېكىن الله نى ماختايمەن ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىمەن، - دەپ ئۇلارنى تاشلاپ يولىغا ماڭدى. ئۇلار ئۇ ئادەمگە ئەگىشىپ، ئەھۋالىنى ئىگەللەپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىدىن بىر ئادەمنى ئەۋەتتى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن قېلىشماي ماڭدى، ھېلىقى ئادەم بۇنى بىلمەيتتى. ئاخىرى ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ دوستلىرىنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇ توغرىلىق سورىدى، ئۇلار:
- ئۇنى تونىماسسەن؟ ئۇ بەسرەنىڭ تەقۋاسى - ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا تەمىمى، - دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

* * *

ئەمىر ئىبنى ئابدۇللانىڭ ھاياتى شۇنداقتىمۇ ھاياتلىقنىڭ دوغلىرىدىن، كىشىلەرنىڭ ئەرزىيىتىدىن خالى بولالمىدى. ئۇ ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق قىلىدىغان ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان كىشىلەر ئۇچرايدىغان ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىۋاستە سەۋەبى مۇنداق: ئۇ بەسرە ساقچىلىرىنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ بىرىنىڭ زىممىيلارنىڭ بىرىنىڭ گەردىنىدىن تۇتۇپ، سۆرەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى زىممىي كىشىلەردىن ياردەم تىلەپ:
- مېنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭلار، الله سىلەرنى قۇتقۇزغاي، ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! پەيغەمبىرىڭلار كېپىللىك بەرگەن كىشىنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار، - دەيتتى. ئەمىر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
- باجنى ئادا قىلغانمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى.
- ھەئە، ئادا قىلغان ئىدىم، - دېدى ئۇ. ئەمىر ئۇنى گەردىنىدىن تۇتۇۋالغان ئادەمگە قاراپ، دېدى:
- ئۇنى نېمە قىلماقچى؟
- ئاپىرىپ، ساقچى باشلىقىنىڭ بېغىنى تازىلاتقۇزماقچى... ئەمىر زىممىيدىن سورىدى:

ـ سەن بۇ ئىشنى قىلىشنى خالامسەن؟
ـ ياق، ھاردۇرۇپ ۋاقتىمنى ئالدۇ. ئەمىر ساقچىنىڭ ياردەمچىسىگە قاراپ:
ـ ئۇنى قويۇۋەت، ـ دېدى. ئۇ:
ـ قويۇۋەتمەيمەن، ـ دېدى. ئەمىر شۇ زامان رىداسىنى زېمىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ:
ـ الله بىلەن قەسەمكى، مەن ھايات تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىلىكىگە دەخلى يەتكۈزۈلمەيدۇ، ـ دېدى.
كىشىلەر توپلاشتى، ئۇلار ئەمىرگە ياردەملىشىپ، زېمىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ساقچى باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى نېمە قىلدى دېمەمسىز؟ ئۇ ئەمىرگە خەلىفىگە ئاسىي بولدى، دەپ تۆھمەت چاپلىدى. سۈننەت، ئىجماﺋ ئەھلىدىن چىقىپ كەتتى، دەپ بۆھتان قىلدى ۋە تويى قىلمايدىغان ئادەم، ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، سۈتىنى ئىچمەيدۇ، ھۆكۈمرانلارنىڭ سورۇنىغا قاتناشمايدۇ، دەپ خەلىفە ئوسمان ئىبنى ئەففان ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) غا شىكايەت قىلدى.
خەلىفە بەسرەدىكى ۋالىنى ئەمىر ئىبنى ئابدۇللانى چاقىرىپ ئۇ توغرىلىق ئىشلاردىن سوراپ بېقىش ۋە نەتىجىسىنى ئۆزىگە ئەۋەتىشكە بۇيرىدى. بەسرە ۋالىيسى ئەمىرنى چاقىرتتى ۋە مۇنداق دېدى :
ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ( الله ئۇمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن) مېنى سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى سۆزلەر توغرۇلۇق سەندىن سوراپ بېقىشقا بۇيرىدى.
ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بۇيرىغان ئىشلاردىن سورىغىن.
ـ سەن نېمە دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئېغىپ توي قىلىشقا ئۇنىمايسەن ؟!
ـ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈپ توي قىلمىدىم ئەمەس، ئىسلامدا راھىبلىق ( توي قىلماسلىق) يوقلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. مەن ئۆز زېمىنىڭ بىر روھىم بار دەپ قاراپ بۇنى الله ئۈچۈن ئاتىدىم. بۇنى ئايال كىشىنىڭ ئىگەللىۋېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.
ـ نېمىشقا گۆش يېمەيسەن ؟!
ـ ئۇنداق ئەمەس، كۆڭلۈم تارتسا، يەنە كېلىپ تاپالىسام ئاندىن يەيمەن. ئەگەر يېگۈم كەلمىسە ياكى يېگۈم كەلسىمۇ تاپالمىسام يېمەيمەن.
ـ نېمىشقا پىشلاق (سۈتتە ئىشلەنگەن يېمەكلىك) يېمەيسەن؟
ـ بىز مەجۇسىلار بار رايۇندا تۇرىۋاتىمىز. ئۇلار پىشلاق ياسايدۇ. ئۇلار ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىمايدىغان كىشىلەر. مەن پىشلاق ياسالغان خۇرۇ چىنىڭ ھارام بولۇپ قالغان قويىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى پىشلاقنىڭ ھالال قويىنىڭ قۇرسىقىدىكى قوزىدىن ئېلىنغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرسە يەيمەن.
ـ ھۆكۈمدارلارنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا، سورۇنىغا قاتنىششقا نېمە تۇسالغۇ بولدى؟

ـ سىلەرنىڭ ئىشىگىڭلاردا نۇرغۇن ھاجەتمەنلەر تۇرۇپتۇ، ئۇلارنى چاقىرىڭلار، سىلەردىكى ھاجىتىنى راۋا قىلىڭلار، سىلەرگە ھاجىتى يوقلارغا ئىپسىلىۋالماڭلار.

ئەمىرنىڭ سۆزلىرى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۇسمان ئىبنى ئەففانغا يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭدا سۈننەتكە ئەمەل قىلماسلىق ياكى ئىجمائدىن چىقىپ كېتىش يوق ئىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ يامانلىقنىڭ ئوتى ئۆچمىدى، ئەمىر توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بىلەن قارشى تۇرغۇچىلار ئارىسىدا پىتنە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇ سەۋەپلىك، خەلىفە ئۇسمان ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئەمىرنى شام دىيارىغا بېرىپ شۇ يەرگە ئورۇنلىششقا ئەمىر قىلدى ھەمدە شامنىڭ ۋالىسى مۇئاۋىيەگە ئۇنى ياخشى قارشى ئېلىش ۋە لايىغىدا ھۆرمىتىنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا بەسرەدىن ئايرىلماقچى بولغان كۈنى، قېرىنداشلىرى، شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇزاتقىلى چىقتى. ئۇلار ئەمىر بىلەن بىرگە بەسرەنىڭ سىرتىدىكى مەربە دېگەن مەھەللىگىچە ئۇزىتىپ چىقتى. شۇ يەردە ئەمىر كىشىلەرگە:

ـ مەن دۇئا قىلىمەن، سىلەر ئامىن دېيىشىپ بېرىڭلار، ـ دېدى.

كىشىلەر بويىنىنى سوزۇپ ئەمىرگە قاراپ تۇردى. سۈكۈتكە چۆمگەن كۆزلەر ئەمىرگە تىكىلگەن ئىدى. ئەمىر قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى الله ! مېنىڭ ئۈستۈمدە گەپ تارقاتقان، ماڭا تۆھمەت چاپلىغان، يۇرتۇمدىن چىقىپ كېتىشكە، مەن بىلەن دوستلىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىشكە سەۋەپچى بولغان كىشىلەرنى مەن كەچۈردۈم، ئى الله ! سەنمۇ ئۇلارنى كەچۈرگىن، ئۇلارنى دىنى ۋە دۇنياسىدا خاتىرجەم قىلغىن، ماڭا، ئۇلارغا ۋە باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارغا چەكسىز رەھمەت ئەپۇ ۋە ئېھسانلارنى ياغدۇرغىن، ئى ئەڭ مېھرىبان، شەپقەتلىك الله ...

ئۇ دۇئاسىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۇلىغىنىڭ بېشىنى شام تەرەپكە بۇراپ ئۆز يولىغا كەتتى.

ئەمىر ئىبنى ئابدۇللا قالغان ھاياتىنى شام دىيارىدا ئۆتكۈزدى. « بەيتۇل مۇقەددەس » نى ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان جايى قىلىپ تاللىدى. شام ۋالىسى مۇئاۋىيە تەرەپتىن مۇناسىپ ھۆرمەت، ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ياخشىلىققا ئېرىشتى.

ۋاپات بولۇش ئالدىدا كېسىلى ئېغىرلاشقاندا، ئۇنىڭ دوستلىرى كىردى، ئۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـ سەن ھەقىقەتەن ياخشىلىقنىڭ كۆپ ئادەم تۇرۇپ، يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟

ـ الله بىلەن قەسەمكى، مەن دۇنيادىن ئايرىلغۇم كەلمەي ياكى ئۆلۈمدىن قورقۇپ يىغلاۋاتقىنىم يوق، سەپەر تەييارلىقىنىڭ ئازلىقىدىن يىغلاۋاتىمەن. ھازىر غەلبە بىلەن مەغلۇبىيەت... ياكى جەننەت ياكى دوزەخكە مېڭىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن، ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا بارىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن...

ئەمرىئىبنى ئابدۇللا نەپەستىن توختىدى، تىلى  الله نى ئەسلەش بىلەن ھۆل ئىدى...
ئاشۇ يەردە، ئاشۇ ئىككى قىبلىنىڭ بىرىنچىسىدە، ئىككى ھەرەمنىڭ ئۈچىنچىسىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ساياھەت قىلغان جايدا، ئەمر ئىبنى ئابدۇللا يەرلىككە تەگدى.
الله  ئەمرنىڭ قەبرىسىنى يورۇق قىلسۇن... مەڭگۈلۈك جەننەتلەردە خۇشاللىققا ئېرىشتۈرۈپ، يۈزىنى نۇرلۇق قىلسۇن...امين!!!

## ئەمر ئىبنى شۇراھەبىيل
## (شەئبى دەپ تونۇلغان كىشى)

«شەئبى بىلىمى مول، كەڭ قورساق ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامدا ئالاھىدە ئورنى بار»
ـ ھەسەنۇل بەسەرى

ئۆمەرۇلفەرۇقنىڭ (ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ سۈپىتى) خەلىفىلىكى ئاخىرلىشىپ ئالتە يىلدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، ئورۇق، ئاۋاق بىر بالا تۇغۇلدى. چۈنكى قېرىندىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قىستاپ چوڭ بولغاندەك ئورۇن بەرمىگەن. كېيىن ئۇ نى بىلىم كەڭ قورساق قىلدى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، چۈشەنچە ۋە تالانت ساھەسىدە قېرىندىشى ۋە باشقا بىرەرسى بىلەن قىستالمىدى. مانا بۇ شەئبى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان، ئۆز دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تالانت ئىگىسى ـ ئەمر ئىبنى شۇراھەبىيل ھىمرى.
شەئبى كۇفەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولدى، لېكىن مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئۇنىڭ يۈرىكى تەلپۈندىغان، روھى سېغىنىدىغان جاي بولۇپ، ساھابە كىراملار كۇفەنى الله  يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە ئورۇنلىشىپ قالىدىغان جاي قىلىش ئۈچۈن كۇفەگە يول ئالغاندەك، شەئبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇلاردىن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن، مەدىنىگە پات ـ پات باراتتى. ئۇنىڭغا بەشيۈزگە يېقىن ساھابە كىرام بىلەن ئۇچرىشىش ھەمدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، سەئىد ئىبنى سابىت، ئۇبادە ئىبنى سامىت، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئەبۇ سەئىدىل خۇدۇرى، نۇئمان ئىبنى بەشىير، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى ئاباس، ئەدىي ئىبنى ھاتەم، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇممۇل مۇئمىنىن ـ ئائىشە قاتارلىقلارغا ئوخشاش ساھابىلەرنىڭ نۇرغۇنىدىن بىلىم ئۆگىنىش، ھەدىس ئۆگىنىش نېسىپ بولغان، شەئبى ئەقلى ئۆتكۈر، قەلبى ئويغاق، قاتتىق ھوشيار، چېچەن، زېرەك بولۇپ، يادقا ئېلىش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى جەھەتتە بىر مۆجىزە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
ـ «مەن قەلەم بىلەن قەغەزگە ھەرگىز خەت يېزىپ باقمىدىم، ھەر قانداق بىر ئادەم ھەدىس

سۆزلىسە، شۇ ھامان ئېسىدە قالاتتى. بىرەرى سۆزلىسە قايتا سۆزلىشى ھاجەتسىز ئىدى.»
بۇ ياش بىلىمگە قاتتىق بېرىلگەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە بەك قىزىققان بولۇپ، بىلىم ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. بىلىم يولىدىكى ھەر قانداق قىيىنچىلىققا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:
- بىر ئادەم شامنىڭ ئەڭ چېتىدىن يەمەننىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىپ كەلگۈسى ھاياتىغا پايدىلىق بىرەر ئېغىز سۆزگە ئېرىشسە، مەن ئۇنىڭ ماڭغان يولى بىكار كەتمىدى، دەپ قارايمەن.
ئۇنىڭ بىلىمى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:
- مەن ئەڭ ئاز ئۆگەنگەن نەرسەم - شېئىر. ئەگەر خالىسام سىلەرگە بىر مەزمۇن ياكى سۆز قايتىلىماستىن، بىر ئاي توختىماي شېئىر ئېيتىپ بېرەلەيمەن.
كۇفە جامەسىدە ئۇ نىڭ ئۇچۇن سورۇن ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى كىشىلەر ئارىسىدا بىللە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپ - توپ بولۇپ يىغىلاتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىر قېتىم كىشىلەرگە غازات ۋەقەلىكلىرىنى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە بايان قىلىپ بېرىۋاتقانلىغىنى ئاڭلىدى، شەئبىنىڭ بايانى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى ۋە مۇنداق دېدى:
- مەن ئۇ بايان قىلىۋاتقان جەڭلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىغىم بىلەن ئاڭلىغان. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ مەندىن ياخشى بايان قىلىۋاتىدۇ.
شەئبىنىڭ بىلىمىنىڭ موللىغى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ۋە ھازىر جاۋاپلىغىنىڭ ئەملى دەلىللىرى ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ مىساللىدىن بىرى - ئۇ ئۆزى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
- ئالدىمغا ئىككى ئادەم كەلدى. ئۇلار ھەر بىرى ئۆز ئېلىدىن پەخىرلىنىدىكەن. بىرى بەنى ئامىرلىق، يەنە بىرى بەنى ئەسەدلىك بولۇپ، ئامىرلىق ئەسەدلىكنى يېڭىپ، ئۇنى بېسىپ چۇشۈپتۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن كىيىمىدىن تۇتۇپ، مەن تەرەپكە تارتىشقا باشلىدى. ئەسەدلىك كىشى يېڭىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا:
- مېنى قويىۋەت، مېنى قويىۋەت، - دەيتتى. ئامىرلىق:
- الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىككىمىزنىڭ ئۇتتۇرىسىدا شەئبى ھۆكۈم قىلمىغۇچە، ھەرگىز قويىۋەتمەيمەن، - دېدى. مەن ئامىرلىققا قاراپ، ئۇنىڭغا:
- سىلەرنىڭ ئۇتتۇراڭلاردا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغىچە، ھەمراھىڭنى قويىۋېتىپ، تۇر. ئاندىن مەن ئەسەدلىككە قاراپ مۇنداق دېدىم.
- سەن نېمە دەپ يېڭىلىپ قالدىڭ؟
- سىلەرنىڭ باشقا ئەرەپلەرنىڭ بىرەرسىدە يوق پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئالتە ئىشىڭلار بار: بىرىنچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ رەھبىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەردىن بىر ئايالغا توي قىلىش

تەكلىۋىنى قويغان. الله يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىن ئۇنى ئۇنىڭغا ئۆيلەپ قويغان. جىبرىئىل ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەلچى بولغان. ئۇ مۆئمىنلارنىڭ ئانىسى، جەھەننەمنىڭ قىزى زەينەپ، بۇ سىنىڭ قەبىلە كىشىلىرىڭ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىش. ئۇ باشقا ئەرەپلەردە يوق. ئىككىنچىسى، سىلەردىن بىر ئادەم يەر يۈزىدە مېڭىۋاتقان جەننەت ئەھلىدىن. ئۇ ـ ئۇككاشە ئىبنى مىھسان. ئۇمۇ سىلەردە بار، باشقىلاردا يوق ئۇلۇغ ئىش. ئۈچىنچىسى، ئىسلامدا، چىگىلگەن تۇنجى بايراق سىلەرنىڭ قەبىلىدىكى ئادەمگە تۇتقۇزۇلغان. ئۇ ـ ئابدۇللا ئىبنى جەھىش. تۆتىنچىسى، ئىسلامدا ئەڭ تۇنجى تەقسىم قىلىنغان غەنىمەت ئاشۇ ئابدۇللا ئىبنى جەھىش ئالغان غەنىمەت. بەشىنچىسى، رىزۋان بەيئىتىدە بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلغان ئادەم سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بولۇپ، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئەبۇ سىنان ئىبنى ۋەھبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېگەن:

ـ« ئى رەسۇلۇللا! قولۇڭنى ئاچ، ساڭا بەيئەت قىلىمەن.

ـ نېمىگە بەيئەت قىلىسەن؟

ـ سېنىڭ روھىيىتىڭدىكى نەرسىگە.

ـ مېنىڭ روھىيىتىمدە نېمە بار؟

ـ غەلىبە ياكى شەھىدلىك بار.

ـ شۇنداق، ـ دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.» ئەبۇ سىنان بەيئەت قىلدى. كىشىلەر ئەبۇ سىناننىڭ بەيئىتى ئاساسىدا بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. ئالتىنچى، سىنىڭ قەۋمىڭ بەنى ئەسەد بەدرى كۈنىدە مۇھاجىرلارنىڭ يەتتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلغان.

ئامىرلىق كىشى پاكىت ئالدىدا ھەيرانلىق بىلەن جىمىپ كەتتى. ئېنىقكى، شەئبى يىغىلىپ قالغان ئاجىزلارغا ياردەم بەرمەكچى بولغان. ئەگەر يىغىلىپ قالغۇچى ئامىرلىق بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇ بىلمەيدىغان ئۆز قەۋمى پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىشلاردىن دەپ بەرگەن بولاتتى.

بىر قېتىم خەلىپە شەئبىنى رۇمنىڭ پادىشاھىنىڭ يېنىغا مۇھىم ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ ئۇ يەرگە بېرىپ، رۇم پادىشاھى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى رۇم پادىشاھىنى ھەيران قالدۇردى. بىلىمىنىڭ مول‌لىغى، چېچەن ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىكىگە ئەجەپلەندى ـ دە، ئۇنى ئادىتىگە قارشى ھالدا، ئۆز ھۇزۇرىدا خېلى كۈنلەر ئېلىپ قالدى. شەئبى دەمەشققە قايتىشقا رۇخسەت قىلىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندا رۇم پادىشاھى ئۇنىڭدىن سورىدى:

ـ سەن خەلىپە جەمەتىدىنمۇ؟

ـ مەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بىر ئادەم. شەئبىگە يولغا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغاندا، رۇم پادىشاھى ئۇنىڭغا:

ـ دوستۇڭ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ يېنىغا بېرىپ بارلىق كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىڭنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ خەتنى بەرگىن، ـ دېدى.

- شەئبى دەمەشقتە يىتىپ بىرىپلا ئابدۇلمەلىك بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى دەپ ئۆتتى ھەمدە سورىغان سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە جاۋاپ بەردى.
- ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! رۇم پادىشاھى بۇ خەتنى سىزگە ئەۋەتتى، - دىدى ھەم خەتنى خەلىفىگە بەرگەندىن كىيىن، ئىجازەت سوراپ چىقىپ كەتتى. خەلىفە ئابدۇلمەلىك خەتنى ئوقۇغاندىن كىيىن خىزمەتچىلىرىگە:
- ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار، - دىدى. ئۇلار ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا:
- خەتتە نىمە بارلىقىنى بىلەمسەن؟ - دىدى.
- ياق، ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى.
- رۇم پادىشاھى ما ڭا خەتتە: ئەرەپلەرنىڭ مۇشۇنداق ياشنى قويۇپ، باشقىلارنى خەلىفە قىلغانلىقىغا ھەيرانمەن، دەپ يېزىپتۇ، - دىدى. شەئبى دەرھال مۇنداق دىدى:
- ئۇ سىزنى كۆرمىگەن، ئەگەر كۆرگەن بولسا ھەرگىز ئۇنداق دىمىگەن بۇلاتتى، ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى.
- ئۇ سەندەك ئادەمنىڭ مىنىڭ يىنىمدا ئىكەنلىكىگە ھەسەت قىلغان. شۇڭا مۇشۇنداق خەت بىلەن مىنى سىنى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، سىنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولغان، - دىدى خەلىفە.
بۇ ئىش رۇم پادىشاھىغا يىتىپ بارغاندا، ئۇ الله ئۇنىڭ دادىسىنى ياشىتىۋەتسۇن. مەن پەقەت شۇنىلا مەقسەت قىلغان، - دىدى.

*    *    *

شەئبى بىلىمدە شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى تۆت ئالىمنىڭ بىرى بولغان. زوھرى مۇنداق دەيدۇ:
- تابىئىنلار دەۋرىدىكى ئالىملار تۆت، ئۇلار: مەدىنىدىكى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، كۇفەدىكى شەئبى، بەسرەدىكى ھەسەنۇل بەسەرى، شامدىكى مەكھۇلدىن ئىبارەت. لېكىن شەئبى كەمتەرلىكىدىن بىرەرسى ئۇنى ئالىم دەپ ئاتىسا خىجىل بولۇپ كېتەتتى. بىرەرسى ئۇنى:
- ئى ئالىم فەقىھ - دەپ سۆزلىگەندە، ئۇ:
- نىمە دىگىنىڭ بۇ؟ بىزنى ماختاپ بىزدە يوق نەرسە بىلەن ئۇچۇرما. فەقىھ دىگەن الله چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلانغان كىشىدۇر. ئالىم دىگەن الله دىن قورققان كىشىدۇر. بىز شۇنداق قىلالىدۇقمۇ؟
يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭدىن مەسىلە سورىدى. ئۇ: بۇ توغرىسىدا ئۇمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دىگەن... ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ مۇنداق دىگەن... دەپ جاۋاپ بەرگەندە، سوئال سورىغۇچى ئۇنىڭغا:
- بۇ توغرىسىدا سىنىڭ قارىشىڭ قانداق؟ - دىدى. شەئبى خىجىللىق ئىچىدە تەبەسسۇم قىلىپ:

ـ ئۆمەر ۋە ئەلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ سۆزۈمنى قانداق قىلاتتىڭ؟
ـ دېدى.
شەئبى ئالىجاناپ، ئېسىل پەزىلەتلىك بولۇپ، ئۇ تالاش ـ تارتىش قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. زورۇر بولمىغاندا ئىشلارغا ئارىلىشىشتىن ئۆزىنى قاتتىق ساقلايتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
ـ ئى ئەبۇ ئەمىر!
ـ خوش!
ـ كىشىلەر گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ ئىككى كىشى توغرىسىدا قارىشىڭ قانداق؟
ـ كىمنى دېمەكچىسەن؟
ـ ئوسمان ۋە ئەلىنى.
ـ مەن الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئوسماننىڭ ياكى ئەلىنىڭ دەۋاگىرى بولۇشۇمغا مۇھتاج ئەمەس. ( الله ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن).
شەئبى بىلىم ۋە كەڭ قورساقلىقنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇ توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان. بىر ئادەم ئۇنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن تىللىغان، قەبىھ گەپلەرنى قىلغاندا، شەئبى ئۇ كىشىگە:
ـ ماڭا دېگەنلىرىڭ راست بولسا، الله مېنى كەچۈرسۇن. سېنىڭ دېگەنلىرىڭ يالغان بولسا، الله سېنى كەچۈرسۇن، ـ دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىدى.
شەئبى يۇقىرى مەرتىۋە ۋە پەزىلەت ئىگىسى تۇرۇپ، ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەردىنمۇ بىلىم ئېلىشنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇنىڭ سورۇنىغا ھەمىشە بىر تاغلىق كېلەتتى. ئۇ داۋاملىق ھېچنەرسە دېمەيتتى. شەئبى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
ـ گەپ قىلمامسەن؟
ـ جىم تۇرسام خاتىرجەم بولىمەن. قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسام بىلىم ئالىمەن.
ـ قۇلاقنىڭ (يەنى ئاڭلىغاننىڭ) پايدىسى ئۆزەڭگە. تىلنىڭ (يەنى سۆزلىگەننىڭ) پايدىسى باشقىلارغا، ـ دېدى شەئبى. شەئبى بۇ تاغلىقنىڭ سۆزىنى ئۆمۈر بويى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى.
شەئبىگە پەقەت ئازغىنا بىر قىسىم كىشىلەرگە بېرىلىدىغان چوڭقۇر مەنىلىك، پاساھەتلىك سۆزلەش ئاتا قىلىنغان. بۇنىڭ بىر مىسالى: ئۇ بىر قېتىم ئىراقنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى ھۇبەيرەتەل فەزارىيغا ئۇ سوراپ قويغان كىشىلەر توغرىلىق گەپ قىلىپ، مۇنداق دېگەن:
ـ ئى ئەمىر! ئۇلارنى ناھەق سولىغان بولساڭ توغرىسى ئۇلارنى چىقىرىۋەت. ئەگەر توغرا سولىغان بولساڭ، كەڭ قوللۇق بىلەن ئەپۇ قىلغىن.
ئۆمەر ئىبنى ھۇبەيرە ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ئۇلارنى قويۇۋەتتى. شەئبى ئالىجاناپ، دىن ۋە بىلىمدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە تۇرۇپ، تىلى تاتلىق، خۇشخۇي كىشى بولۇپ، يۇرسەت كەلسە قولدىن بەرمەيتتى. بىر قېتىم ئۇ ئايالى بىلەن تاماق

يەۋاتقاندا، بىر ئادەم كىرىپ دېدى:
ـ شەئبى قايسىڭلار؟
ـ بۇ، ـ دېدى ئايالى ئۇنى كۆرسىتىپ.
ـ ئىبلىس (شەيتان)نىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيتتى؟
ـ ئۇ بىز قاتناشمىغان توي ئىكەن، ـ دەپ جاۋاپ بەردى شەئبى.
بەلكىم شەئبى ئۆزى توغرىسىدا بايان قىلغان ئىشلار شەئبىنىڭ ئەخلاقىنى ئەڭ ياخشى باھالاپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دېگەن:
ـ مەن كىشىلەر قىزىقىۋاتقان ئىشلارغا ئورنۇمدىن تەۋرەپ باقمىدىم، خىزمەتچىمنى ھەرگىز ئۇرمىدىم. بىر تۇغقىنىم ئۆلۈپ قېلىپ ئۇنىڭ ئادا قىلىدىغان قەرزى بولسا، ئۇنى ئادا قىلىۋەتتىم.
شەئبى ئۆز زېنىنىڭ مۇشۇ ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن ياشاپ، ھەتتا سەكسەندىن ھالقىدى. پەرۋەردىگارىنىڭ نىداسىغا جاۋاپ بەرگەن (ۋاپات بولغان) ۋە ھەسەنۇل بەسرىگە ئۆلۈم خەۋىرى يەتكۈزۈلگەندە، ھەسەنۇل بەسرى مۇنداق دېگەن ئىدى:
ـ « الله ئۇنىڭغا رەھمەت ئاتا قىلسۇن... ئۇ بىلىمى مول، ناھايىتى كەڭ قورساق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلامدا ئالاھىدە ئورنى بار».

## ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ

« مەن ئەتا، تاۋۇس ۋە مۇجاھىددىن ئىبارەت ئۈچ كىشىدىن باشقا
الله رازىلىقى ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگەن بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. »
ـ سەلەمە ئىبنى كۇھەيل

بىز ھازىر ھىجرىيەنىڭ 97ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا... مانا بۇ قەدىمقى ئۆي بەيتۇللا ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن تاۋاپچىلار بىلەن قايىنام ـ تاشقىنلىقتا چۆممەكتە... پىيادە ـ ئۇلاغلىق، قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، ئەرەپ، ئەجەم، ئەمەلدار، پۇقرا... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى الله نىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىت كۈتۈپ، بويسۇنغان ھالدا كەلگەن.

* * *

مۇسۇلمانلار خەلىفىسى، يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنىڭ كاتتىسى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك (ئۇمەۋىيلارنىڭ 7ـ خەلىفىسى ) يالاڭباش، يالاڭئاياق، پەقەت پىلاش ۋە رىدا بىلەنلا بۇ قەدىمقى ئۆيىنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى...ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالى باشقا دىنى قېرىنداش پۇقرالىرىغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئىككىسى گۈزەللىكتە تولۇن ئايغا، خۇش چىراي ۋە

خۇ شىبويلۇقتا ئېچىلىش ئالدىدىكى گۈل غۇنچىسىغا ئوخشايتتى. خەلىفە سۇلايمان تاۋاپ قىلىشنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، يېنىدىكى خاس ئادىمىگە قاراپ:

- ھەمراھىڭلار قېنى؟ - دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- ئۇ ئاۋۇ يەردە ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، - دەپ مەسجىدى ھەرامنىڭ غەرب تەرىپىنى كۆرسەتتى. خەلىفە ۋە ئىككى ئوغلى ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ياردەمچىلەر خەلىفىگە يول بوشۇتۇپ بېرىش، قىستاڭچىلىقنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن قوغداش ئۈچۈن خەلىفىگە ئەگەشمەكچى بولىشىدى، خەلىفە توسۇپ مۇنداق دېدى:

- بۇ پادىشاھ بىلەن قۇل باراۋەر بولىدىغان ئورۇن... بۇيەردە كىشىلەر پەقەت ئەمەل - ئىبادىتىنىڭ مەقبۇل بولىشى بىلەنلا بىر - بىرىدىن پەرقلىق. نۇرغۇن توپا - چاڭ باسقان ئاددى كىشىلەر الله غا بويسۇنۇپ كەلگەن، بەلكىم الله پادىشاھلاردىن قوبۇل قىلمىغان نەرسىلەرنى ئۇلاردىن قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

خەلىفە ھېلىقى كىشى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ نامازدا رۇكۇ ۋە سەجدىگە بېرىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ سولدا كىشىلەر ساقلاپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن. خەلىفىمۇ كىشىلەر توپىنىڭ ئاخىرىسىدىن ئورۇن تېپىپ ئولتۇردى، ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزدى.

قۇرەيشلىك بۇ ئىككى ياش مۇئمىنلارنىڭ خەلىفىسى ئىزدەپ كەلگەن، ناماز ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر ئاممىسى بىلەن بىللە ئولتۇرغان بۇ كىشى توغرىلىق ئويلىنىشقا باشلىدى...

ئەمەلىيەتتە ئۇ قارا تەنلىك ياشانغان كىشى بولۇپ، تېرىسى قارا، چېچى بۇدرە، بۇرنى پاناق، ئولتۇرسا قارا قاغىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ كىشىنىڭ نامىزى تۈگىگەن ۋاقىتىدا، خەلىفە بار ئورۇنغا يېنىچە قارىدى، خەلىفە سالام قىلدى، ئۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سالام قايتۇردى. خەلىفە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەج پىرىنسىپلىرىدىن سوراشقا باشلىدى. ئۇ ھەر بىر سوئالغا شۇنداق تەپسىلى جاۋاپ بېرەتتىكى، يەنە سۆزلەيدىغانغا يول قالمايتتى، ھەر بىر سۆزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاساس قىلاتتى. خەلىفە سۇئالى تۈگىگەندە، الله دىن ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر تىلەپ، ئوغۇللىرىغا: تۇرۇڭلار، دېدى، ئۇلار تۇردى، ئۈچى يۈگرەيدىغان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

ئۇلار سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا كېتىۋاتقاندا، بۇ ئىككى ياش ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ:

- ئى مۇسۇلمانلار! بۇ ئورۇندا كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا ئەتا ئىبنى رەباھتىن باشقا كىشى جاۋاپ بەرمەيدۇ، ئەگەر ئۇ بولمىسا، ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ نەجىيھە جاۋاپ بېرىدۇ، - دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ياشلارنىڭ بىرى دادىسىغا قارىدى ۋە مۇنداق دېدى:

- نېمە دەپ بۇ خەلىفىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم كىشىلەرنى ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىدىن باشقىسىدىن سوئال سورىماسلىققا بۇيرۇيدۇ؟ يەنە كېلىپ بىز ھېلىقى كىشىدىن

سوئال سورىدۇق، ئۇ خەلىفىگە پىسەنت قىلمىدى، لايىقىدا ھۆرمەتمۇ قىلمىدى.
خەلىفە سۇلايمان ئوغلىغا مۇنداق دېدى:
- سەن كۆرگەن ۋە بىز ئالدىدا كەمتەرلىك قىلغان كىشى ھەرەم مەسجىدىنىڭ قازىسى - ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ. ئۇ بۇ مەنسەپتىكى ئابدۇللا ئىبنى ئاببasىنىڭ ۋارىسى. ئى ئوغۇللىرىم، بىلىم ئۆگىنىڭلار، بىلىم ئارقىلىق خار ئەزىز بولىدۇ، قۇللار شاھلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ...
خەلىفە سۇلايمان بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا دېگەن سۆزىدە ئاشۇرىۋەتمىگەن ئىدى.
* * *

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ كىچىك ۋاقتىدا مەككىلىك بىر ئايالنىڭ قۇلى ئىدى، لېكىن الله قارا تەنلىك بۇ بالىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا بىلىم يولىغا قەدەم قويغۇزۇش بىلەن ھۆرمەتلىگەن. ئەتا ۋاقتىنى ئۈچكە بۆلگەن ئىدى. بىر بۆلىكىدە ئۆز خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇ ستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلاتتى. يەنە بىر بۆلىكىدە ئۇلۇغ رەببىگە ساپ ۋە خالىس ئىبادەت قىلاتتى. ئۈچىنچى بۆلىكىنى بىلىم ئېلىشقا ئاجراتقان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات قالغان ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ پاك، سۈزۈك بىلىم بۇلاقلىرىدىن بىلىم ئالاتتى. ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير قاتارلىق بىلىملىك ساھابىلەردىن بىلىم ئۆگەنگەن بولۇپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دىنى بىلىم، دىنى ھۆكۈم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بىلەن تولغان.

مەككىلىك ئايال خوجايىن ئۆز خىزمەتچىسىنىڭ ئۆزىنى الله ئۈچۈن ئاتىغانلىقىنى، ھاياتىنى بىلىم ئۆگىنىش يولىغا تەقدىم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، الله ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا مۇشۇ بالا ئارقىلىق پايدا يەتكۈزىسە ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلاپ، الله رازىلىقى ئۈچۈن بۇ بالىنى ئازاد قىلىۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەتا ھەرام مەسجىدىنى ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان جايى، ياتىدىغان ئورنى، بىلىم ئۆگىنىدىغان مەكتىۋى، تەقۋالىق ۋە ئىتائەت بىلەن الله غا يېقىنلىشىدىغان نامازگاھى قىلدى. تارىخچىلارمۇ مەسجىد ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ يىگىرمە يىل ئەتراپىدا يېتىپ قوپىدىغان جايى بولغان، دېيىشىدۇ.
* * *

بۇ ئۇلۇغ تابىئىن - ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ بىلىمدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ئۆز دەۋرىدە ئازغىنە بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقىلار ئېرىشەلمىگەن ئىدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: ئۇ بىر قېتىم مەككىگە ئۆمرە ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا سوئال سوراپ كېلىشكەن ئىدى، ئۇ:
- ئى مەككە ئەھلى! مەن سىلەرگە ئەجەپلىنىۋاتىمەن، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ بار تۇرۇپ، مەندىن سوئال سورىغىلى كېلەمسىلەر؟ - دېگەن ئىدى.

*　　　　*　　　　*

ئەتا بىلىم ۋە دىنى نەتىجىلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىدە ئىككى خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن ئىدى: بىرىنچىسى، ئۆز ھېسسىياتىنى تىزگىنلىگەن بولۇپ، ئۇنى پايدىسىز ئىشلارغا ئىشلەتمەيتتى... ئىككىنچىسى، ۋاقتىنى تىزگىنلىگەن بولۇپ، زىيادە ئىش ۋە گەپ ـ سۆز قىلمايتتى...

مۇھەممەد ئىبنى سۇقە ( كۇفە ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى ) ئەتانى يوقلاپ كەلگەن بىر بۆلۈك كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەن سىلەرگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، ماڭا مەنپەئەت قىلغاندەك سىلەرگىمۇ مەنپەئەت قىلار. بىر كۈنى ئەتا ماڭا نەسىھەت قىلىپ:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بىزدىن بۇرۇنقىلار زىيادە سۆزنى يامان كۆرەتتى، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى زىيادە سۆز نېمە؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـ ئۇلارنىڭ قارىشىدا اللہ نىڭ كىتاۋىنى ئوقۇش، مۇلاھىزە قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى بايان قىلىش ۋە چۈشىنىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، اللہ نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىلىم ئىزدەش، زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىڭ توغرىلىق سۆزلەشتىن باشقىسى ـ زىيادە سۆز ھېساپلىناتتى، ـ دېدى، ئاندىن مېنىڭ چىرايىمغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ سىلەر: « ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار، ئۇلار ( اللەنىڭ دەرگاھىدا ) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، ( سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى ) يېزىپ تۇرىدۇ » دېگەن ئايەتنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ »( سۈرە ئىنفىتار 10ـ 11ـ ئايەتلەر) « ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، ( ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان ) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ. » (سۈرە قاف 17ـ 18ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەت بارلىقىغا ئىشەنمەمسىلەر؟

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

ـ ھەر بىرىمىزنىڭ نام ـ ئەمالى كۈپكۈندۈزدە كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىلسا، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنى ئىشلار بولماي، دۇنيا ئىشلىرى بولسا، ئۇ خىجىل بولمامدۇ؟

*　　　　*　　　　*

اللہ ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ بىلىمى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس بىلىم ئىگىلىرى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ۋە يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى...

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئۆزى توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەن مەككىدە ھەج پىرىنسىپلىرىدا بەش ئىشتا خاتالاشتىم، بۇنى ماڭا بىر ساتىراچ بىلدۈرۈپ قويدى. يەنى مەن ئېھرامدىن چىقىش ئۈچۈن چېچىمنى ئالدۇرماقچى بولۇپ، ساتىراچخانىنىڭ

يېنىغا باردىم ۋە چىچىمنى قانچىگە ئالسەن دېدىم، ساتىراچ:

ـ الله ساڭا ھىدايەت بەرسۇن، ئىبادەتتە بىر نەرسە شەرت قىلىنمايدۇ، ئولتۇر، بېرەلىگىنىڭنى بەر، ـ دېدى. خىجىل بولۇپ ئولتۇردۇم، لېكىن قىبلىگە ئالدىمنى قىلماي ئولتۇرۇپتىمەن، ساتىراچ قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇمغا ئىشارەت قىلدى، قىبلىگە قاردىم، خىجىللىقىم تېخىمۇ ئاشتى. يەنە بېشىمنى سول تەرەپتىن تۇتۇپ بېرىپتىمەن، ساتىراچ:

ـ ئوڭ تەرىپىڭنى قىل، ـ دېدى، شۇنداق قىلدىم، ئۇ چېچىمنى ئېلىشقا باشلىدى، مەن ئۈنىڭغا ئەجەپلىنىپ سۈكۈتتە قاراپ تۇردۇم، ئۇ ماڭا:

ـ جىم تۇرىۋاتىسەنغۇ؟ تەكبىر ئېيت، ـ دېدى، تەكبىر ئېيتتىم. ئاخىرى ماڭماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرىۋىدىم، ئۇ:

ـ نەگە بارماقچى؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياتىغىمغا، ـ دېدىم.

ـ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇ، ئاندىن خالىغان يېرىڭگە بار، ـ دېدى. ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم ۋە كۆڭلۈمدە: بىلىملىك بولمىسا بۇنداق ساتىراچتىن بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭدىن:

ـ سەن مېنى بۇيرىغان بۇ پىرىنسىپلارنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، مەن ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، كىشىلەرگە ئۆگەتتىم، ـ دېدى.

* * *

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھقا دۇنيا شۇنچىلىك ئالدىنى قىلغان، لېكىن ئۇ كۆز قىرىنى سالمايلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەن، ئۇنىڭ ئۆمرى باھاسى بەش دىرھەمدىن ئاشمايدىغان كۆڭلەك كىيىپ ئۆتكەن ئىدى.

خەلىپىلەر ئۇزلىرىگە يارىدەملىشىشكە چاقىرغاندا، دۇنيا سەۋەپلىك دىنىغا تەسىر يېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇنىمىدى. لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەگەر مۇسۇلمانلارغا بىرەر پايدا، ئىسلامغا نىسبەتەن بىرەر ياخشىلىق بولسا خەلىپىلەرنىڭ قېشىغا ۋەكىل بولۇپ باراتتى. ئوسمان ئىبنى ئەتا خوراسانى بايان قىلىپ بەرگەن ئىش ئاشۇلاردىن بىرى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

مەن دادام بىلەن ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ يولغا چىقتۇق. بىز دەمەشىققە يېقىنلاپ قالغان چاغدا، قارا ئىشەككە مىنگەن ياشنىپ قالغان بىر كىشى يولۇقتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى قۇپال توقۇلغان كۆڭلەك، كونىراپ كەتكەن تون، بېشىدا چاپلىشىپ قالغان باش ياغلىقى بار ئىكەن. ئىشەككە سالغان ئۆچچۇلۇق ياغاچ بولۇپ، شۇنىڭدىلا ئولتۇرۇغلۇق ئىكەن. مەن كۈلدۈم ۋە دادامدىن:

ـ بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىدىم، دادام:

- بۇ كىشى - ھىجاز ئالىملىرىنىڭ رەھبىرى ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ - دېدى. ئۇ كىشى بىزگە يېقىنلاپ كەلگەندە، دادام خېچىردىن چۈشتى، ئۇمۇ ئېشىگىدىن چۈشتى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، قايتىپ ئۇ لاغلىرىغا مىنىپ، يولغا ماڭدى ۋە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن توختاشتى. ئۇلار ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلدى. دادام چىققان ۋاقتىدا، دادامغا:

- سىلەرگە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىن، - دېدىم. دادام مۇنداق دېدى:

« ھىشام ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ ئىشىكتە كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئالدىراپ ئىجازەت قىلدى، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەتانىڭ سەۋەبى بىلەن كىردىم، ھىشام ئەتانى كۆرۈپ:

- مەرھابا! مەرھابا! بۇ يەردە ئولتۇر، بۇ يەدە ئولتۇر، دەپ كەتتى. توختىماي بۇ يەردە... بۇيەردە... دەيتتى. ئاخىر ئۇنى ئۆزىنىڭ كارۋىتىدا تىزىغا تەككۈزۈپ ئولتۇرغۇزدى. سورۇندا كىشىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى سۆزلىشۋاتقان ئىكەن، ئۇلار جىمىپ كەتتى. ھىشام ئەتاغا قاراپ:

- ئەبۇ مۇھەممەد! نېمە ھاجىتىڭ بار؟ دەپ سورىدى.

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئىككى ھەرەم ئەھلى الله نىڭ كىشىلىرى، پەيغەمبەرنىڭ خوشنىسى، ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرى تەقسىملىنىپ بېرىلىدۇ...

- شۇنداق، غۇلام، مەككە مەدىنىلىكلەرنىڭ بىر يىللىق تەمىناتلىرى بېرىلىش توغرىلىق خەت ياز. ئى ئەبۇ مۇھەممەد! يەنە باشقا ھاجىتىڭ بارمۇ؟

- بار، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ھىجاز ۋە نەجدلىكلەر ئەرەپلەرنىڭ مەنبەسى، ئىسلامنىڭ قوماندانلىرى، ئۇلارغا سەدىقلىرىنىڭ ئېشىپ قالغانلىرى قايتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ...

- شۇنداق، غۇلام، ئۇ لارغا سەدىقلىرىنىڭ ئېشىپ قالغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىلىق خەت ياز. ئى ئەبۇ مۇھەممەد! يەنە باشقا ھاجىتىڭ بارمۇ؟

- بار، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! چېگرىدىكىلەر دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرىۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلارغا يامانلىق قىلماقچى بولغانلار بىلەن ئۇرۇشۋاتىدۇ. ئۇلارغا تەمىنات تۇلۇق ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ھالاك بولسا چېگرا ۋەيران بولىدۇ...

- شۇنداق، غۇلام، ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىلىق خەت ياز، ئى ئەبۇ مۇھەممەد! يەنە باشقا ھاجەتلىرىڭ بارمۇ؟

- بار، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! زىممىيلەر قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئالغان باجىنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشتا ياردىمى بولىدۇ...

- شۇنداق، غۇلام، كېيىنلىكتىكى زىممىيلەرنى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماسلىق توغرىلىق خەت ياز. ئى ئەبۇ مۇھەممەد! يەنە باشقا ھاجىتىڭ بارمۇ؟

- بار، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! چىن دىلىڭدىن الله دىن قورققىن، بىلگىنكى سەن تەنھا

يارىتىلدىك، تەنھا ئۆلىسەن، تەنھا تىرىلىسەن، تەنھا ھېساپ بېرىسەن. الله بىلەن قەسەمكى، سەن كۆرىۋاتقان بۇ كىشىلەردىن ھېچكىم سەن بىلەن بىللە تۇرمايدۇ.

ھىشام يىغلاپ يەرگە يىقىلدى...

ئەتا تۇردى، مەنمۇ تۇردۇم. بىز ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىر ئادەم قولىدا بىر ھەميانىنى كۆتۈرگەن ھالدا كېلىپ:

- مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى بۇنى سىزگە ئەۋەتتى، - دېۋىدى، ئەتا مۇنداق دېدى:

- بۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن، «تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تىلىمەيمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن»

الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ خەلىفىنىڭ يېنىغا كىرىپ - چىققۇچە، بىر تېمىم سۇمۇ ئىچمىدى...

* * *

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ يۈز ياشقا كىرگىچە ياشىدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بىلىم ئۆگىنىش ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆتكۈزدى، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق بىلەن بېزىدى، الله نىڭ مۇكاپاتىغا قىزىقىپ، بەندىنىڭ قولىدىكىگە كۆز قىرىنى سالماسلىق بىلەن پاكلىدى...

ئەجەل كەلگەندە، ئەتانىڭ دۇنيادىن كۆتۈرىدىغان يۈكى يەڭگىل، ئاخىرەتنىڭ ئەملى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ يەتمىش ھەج ئارىلىغىدا ئەرافاتتا يەتمىش قېتىم توختاپ، الله نىڭ رازىلىغى ۋە جەننەتنى سورىغان، الله نىڭ غەزىۋى ۋە دەۋزەختىن پاناھ تىلىگەن ئىدى.

## ھەسەنۇل بەسەرى

« ئارىسىدا ھەسەنۇل بەسەرىگە ئوخشاش كىشى
بار ئادەملەر قانداقمۇ ئېزىپ كەتسۇن؟ »
- مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك

خوشخەۋەرچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمەگە ئۇنىڭ ئايال خىزمەتكارى خەيرەنىڭ بوشانغانلىغى، ئوغۇل تۇغقانلىغىدىن خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدى. مۇئمىنلارنىڭ ئانىسىنىڭ قەلبى شاتلىققا چۆمدى. خۇشاللىق ئۇنىڭ سالاپەتلىك، تەمكىن چىرايىغا تېشىپ چىقتى. ئۇ تۇغۇتنى ئۆز ئۆيىدە بېقىش ئۈچۈن، ئانا ۋە بالىنى ئېلىپ كېلىشكە ئالدىراپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇممۇ سەلەمە خەيرەنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ خەيرەنىڭ يېڭى تۇغقان بالىسىنى بەك كۆرگۈسى كەلگەن ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي خەيرە قولىدا بالىنى كۆتۈرگەن ھالدا كەلدى. ئۇممۇ سەلەمەنىڭ كۆزى بالىغا چۈشۈشى بىلەن، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى ۋە چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قالدى. بۇ بۇۋاق ناھايىتى چىرايلىق، يۈزى نۇرلۇق، تىمەن بولۇپ،

قارىغانلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالاتتى.

ئۇممۇ سەلەمە خىزمەتكارىغا قاراپ:

ـ خەيرە! بالاڭنىڭ ئىسمىنى قويدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق، ئانا! بۇنى سىزگە قالدۇردۇم، خالىغان ئىسىمدىن بىرنى تاللاپ قويۇڭ.

ـ ئىسمىنى الله نىڭ رەھمىتى بىلەن " ھەسەن " قويايلى، دەپ بالىنى قولىغا ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى ئوقۇدى.

ھەسەن ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىق مۇئمىنلارنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى مەدىنىدىكى يەنە بىر ئۆينىمۇ خۇشاللىققا چۆمدۈردى. ئۇ ئۇلۇغ ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھىي يازغۇچىسى ـ زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئۆيى ئىدى. چۈنكى زەيدنىڭ دادىسى يەسار زەيدنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. زەيد يەسارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى.

ھەسەن ئىبنى يەسار ( كېيىن ھەسەنۇل بەسەرى ـ يەنى بەسرەلىك ھەسەن دەپ مەشھۇر بولغان ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە چوڭ بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرى ئۇممۇ سەلەمە دەپ تونۇلغان سۈھەيلنىڭ قىزى ھىندىنىڭ تەربىيەسىدە تەربىيىلەندى. ئۇممۇ سەلەمە ـ ئەگەر بىلمىسىڭىز ـ ئەرەپ ئاياللىرى ئىچىدە ئەقلى ئەڭ مۇكەممەل، يۇقىرى پەزىلەتلىك، ئىرادىسى كۈچلۈك ئاياللاردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە بىلىمى مول، بايان قىلغان ھەدىسلىرى كۆپلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ يۈز سەكسەن يەتتە ( 387 ) ھەدىس بايان قىلغان. بۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ جاھىلىيەت ۋاقتىدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ساۋادى بار ئاياللارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ بەختلىك بۇۋاقنىڭ مۇئمىنلارنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇ دائىرىدىلا توختاپ قالمىدى، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كېڭەيدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھەسەننىڭ ئانىسى خەيرە مۇئمىنلارنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقاتتى. بىر قېتىم بۇۋاق ئاچلىقتىن يىغلاپ كەتتى، ئۇممۇ سەلەمە بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بەزلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، بالىغا كۆكسىنى سالدى. ئۇممۇ سەلەمەنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن، كۆكسىدىن سۈت چىقتى، بالا سۈتنى ئېمىپ، جىم بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇممۇ سەلەمە ئىككى تەرەپتىن ـ بىرى، مۇئمىنلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنە بىرى، ئېمىتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ھەسەننىڭ ئانىسىغا ئايلاندى.

مۇئمىنلارنىڭ ئانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مۇناسىۋەت، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ يېقىنلىقى، بۇ تەلەيلىك بالىغا بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ چىقىش، شۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىدەك، بۇ ئۆيلەرنى دائىملىق ھەرىكىتى بىلەن تولدۇرۇپ، شوخ ئويۇنلىرى بىلەن

جانلاندۇرۇۋېتەتتى. ھەتتا ئۇ قولى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تۈرۈسلىرىغا يامىشىپ چىقىپ، سەكرەپ ئوينايتتى.

ھەسەن پەيغەمبەرلىكنىڭ خۇشبۇيلىرى تارىلىپ، ئۇنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن ئېقىپ تۇرىۋاتقان بىلىم بۇلىقىدىن قانغىدەك سۇ ئىچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە پىشقەدەم ساھابىلاردىن ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئەنەس ئىبنى مالىك، جابىر ئىبنى ئابدۇللا... قاتارلىقلارنىڭ قولىدا تەلىم ئالدى، لېكىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) غا ھەممىدىن بەك بېرىلدى. ئەلىنىڭ دىندا مۇستەھكەملىكى، ئىبادەتتىكى گۈزەللىكى، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىننەتلىرىگە بېرىلمەسلىكى ئۇنى قىزىقتۇرغان بولسا، ئۇچۇق، ھېكمەتلىك، ئىخچام سۆز ـ بايانلىرى، قەلبلەرنى تىترىتىدىغان نەسىھەتلىرى ئەسىر قىلغان ئىدى. ئۇ تەقۋادارلىق ۋە ئىبادەتتە ئەلىنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگەندى، بايان ۋە پاساھەتتە ئەلىنىڭ يولىنى تۇتتى.

ھەسەن ھاياتىنىڭ ئون تۆتىنچى يىلىنى كۈتىۋېلىۋاتقاندا، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بەسرەگە كۆچۈپ ماڭغانلار قاتارىغا قوشۇلۇپ، ئائىلىسى بىلەن شۇ يەردە ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە ئۇ بەسرەگە نىسبەت بېرىلدى. كىشىلەر ئارىسىدا " ھەسەنۇل بەسەرى " يەنى، ـ بەسرەلىك ھەسەن دەپ مەشھۇر بولدى. بەسرە ھەسەن كەلگەن ۋاقىتتا ئىسلام دۆلىتىدىكى بۈيۈك ئىلىم ـ مەرىپەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بەسرە مەسجىدى ساھابىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى، تابىئىنلارنىڭ پىشقەدەملىرىنىڭ كېلىپ ـ كېتىشى بىلەن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن، ھەر خىل ئىلىم سورۇنلىرى، مەسجىدنىڭ مەيدانلىرى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جايلىرى ئاۋاتلىشىپ كەتكەن ئىدى. ھەسەن مەسجىدنى ئورۇن تۇتۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ـ ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتتى، ئۇنىڭدىن تەفسىر، ھەدىس، قىرائەت بىلىملىرىنى ئۆگەندى. شۇنىڭدەك ئۇ باشقىلاردىن فىقھى، تىل، ئەخلاق، ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىلىملەرنى تەلىم ئالدى، ئاخىرى ئىشەنچلىك، ھەممىدىن خەۋەردار ئالىمغا ئايلاندى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن كېلىشكە باشلىدى. كىشىلەر قاتتىق دىللارنى ئېرىتىدىغان، ئاسى كۆزلەردىن ياش ئاققۇزىدىغان نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشاتتى، دىللارنى رام قىلىدىغان ھېكمەتلىرىنى ئەستە ساقلايتتى، ئىپار ـ ئەنبەردىن پۇراقلىق بولغان ھاياتى پائالىيىتىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلاتتى.

ھەسەنۇل بەسەرىنىڭ ئىشلىرى ئەل ئىچىگە تارقالدى، خەلىفە ۋە ئەمىرلەر ئۇ توغرىسىدا سوراشقا، خەۋەرلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. خالىد ئىبنى سەفۋان مۇنداق دەيدۇ:

ھىيرەدە مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىككە ئۇچراپ قالدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئى خالىد! ماڭا ھەسەن توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىن، مەن سېنى ئۇنى باشقىلاردىن ئوبدان

بىلىدۇ ، دەپ ئويلايمەن.

- الله ئەمرىنى سالامەت قىلسۇن، توغرا، مەن ئۇنى باشقىلاردىن ئوبدان بىلىمەن، مەن ئۇنىڭ خوشنىسى ھەم دوستى، بەسرەدە ھەممىدىن مەن ئۇنى ياخشىراق بىلىمەن.

- قېنى بىلىدىغانلىرىڭنى ئېيتقىن.

- ئۇنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك. ياخشى ئىشلارغا بۇيرىسا ئۆزى ھەممىدىن بۇرۇن قىلىدۇ، يامان ئىشلاردىن توسسا ئۆزى ھەممىدىن بۇرۇن يانىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتقان، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە، نەسىھەت ئاڭلاشقا بەك مۇھتاج، - دېدىم. ئۇ:

- بولدى، خالىد، يېتەرلىك! ئارىسىدا مۇشۇنداق ئادەم باركىشىلەر قانداقمۇ ئېزىپ كەتسۇن؟!

ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفى ئىراقتا ۋالى بولۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ زۇلۇم قىلغاندا، ھەسەن ئۇنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرغان، يامان قىلىقلىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارىلىغان، ئالدىدا ھەقنى سۆزلىگەن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىر شۇكى، ھەججاج ۋاسىتە ( بەسرە بىلەن كۇفە ئوتتۇرىسىدىكى شەھەر ) دە ئۆزىگە قەسىر بىنا قىلدى. قەسىر پۈتكەندە ھەججاج كىشىلەرنى قەسرىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەش ئۈچۈن چاقىردى. ھەسەن كىشىلەر يىغىلىدىغان بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋېتىشنى خالىمىدى - دە، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەسلىتىش، دۇنياغا ئالدانماسلىقتا ئۇندەش، الله نىڭ مۇكاپاتلىرىغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتى. قەسىرگە يېتىپ بېرىپ، كىشىلەر توپىغا قارىدى، ئۇلار قورۇلمىسى ئاجايىپ، كەڭلىكى ھەيران قالارلىق، بېزىلىشى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بەھەيۋەت قەسرنى ئايلىنىۋاتاتتى. ھەسەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى سۆزلەر بار ئىدى:

- بىز ئەڭ نىجىسلارنىڭ قەسرىگە نەزەر سېلىۋاتىمىز. فىرئەۋن مۇستەھكەم قۇرغان، بەھەيۋەت، ئاجايىپ، تەڭداشسىز بىنالارنى سالغان ئىدى، كېيىن الله فىرئەۋننى ھالاك قىلدى، قەسىر ۋە قۇرغانلارنى ۋەيران قىلدى. ھەججاج ئاسمان ئەھلىنىڭ ئۆزىگە قاتتىق غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى، زېمىن ئەھلىنىڭ ئۇنى ئالداۋاتقانلىقىنى بىلىدىغاندۇ...

ھەسەن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى، ھەتتا ھەججاجنى يامان كۆرىدىغان ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى ھەسەنگە ئىچ ئاغرىتىپ:

- بولدى قىل، ئەبۇ سەئىد! بولدى قىل، - دېدى.

- بولدى قىلامدىمەن؟ الله بىلىم ئەھلىدىن كىشىلەرگە ھەقنى ئاشكارە قىلىش، ھەقىقەتنى يۇشۇرماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئالغان تۇرسا، - دېدى ھەسەن.

ئەتىسى ھەججاج سارايغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاچچىقتىن ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان بولۇپ، سورۇندىكىلەرگە:

- ھۇ يارىماس ئۆلگۈرلەر! بەسرەلىك بىر يالاڭتۆش كېلىپ، بىزنىڭ ئۇستىمىزدىن خالىغان گەپلەرنى قىلسا، قارشى تۇرىدىغان ياكى تۇسىدىغان ئادەم چىقماپتىغۇ! قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرگە ئۇنىڭ قېنىنى ئىچكۈزمەيدىغان بولسام.

ئۇ قىلىچ ۋە پاياندازنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى، ئۇلار كەلتۈرۈلدى. جاللاتنى چاقىردى، ئۇلار ئالدىدا تىك تۇردى. ئاندىن بىر قىسىم ساقچىلىرىنى ھەسەننىڭكىگە ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەسەن كەلدى، كۆزلەر شۇ تەرەپكە ئاغدى، يۈرەكلەر سىلىپ كەتتى. ھەسەن قىلىچ، پاياندار ۋە جاللاتنى كۆرگەندە لەۋلىرى ھەركەتلەندى، ئاندىن ھەججاجنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭدا مۇئمىنلەرگە خاس ئۇلۇغلۇق، مۇسۇلمانغا خاس ئىززەت، اللہ نىڭ چاقىرغۇچىسىغا خاس تەمكىنلىك بار ئىدى. ھەججاج ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقتى ۋە دېدى:

- ئاشۇ يەردە تۇر، ئەبۇ سەئىد! ئاشۇ يەردە...

ئۇ ھەسەندىن ئۆزىنى تارتىپ: ئاشۇ يەردە تۇر، دەيتتى. كىشىلەر دەھشەت ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ھەسەنگە قاراۋاتاتتى، ئاخىرى ھەججاج ھەسەنگە يېنىدىن ئورۇن بەردى. ھەسەن ئورۇنىدا ئولتۇرۇپ بولغاندا ھەججاج ھەسەنگە قارىدى ۋە بىر قىسىم دىنى ئىشلارنى سوراشقا باشلىدى. ھەسەن ھەر بىر مەسىلىگە تەمكىنلىك بىلەن، سېھىرلىك بايان، مول بىلىم ئارقىلىق تولۇق جاۋاپ بەردى. ھەججاج ئۇنىڭغا قاراپ:

- سەن ئۆلىمالارنىڭ رەھبىرى، ئى ئەبۇ سەئىد! - دېدى ۋە بىر تۈرلۈك خۇشپۇراقنى ئەكەلدۈرۈپ ھەسەننىڭ ساقلىغا چېچىپ ئۆزى ئۇزىتىپ قويدى. ھەسەن ھەججاجنىڭ ئالدىدىن چىققاندا، ھەججاجنىڭ دەرۋازىۋىنى ئەگىشىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئەبۇ سەئىد! ھەججاج ئەسلى سىنى بۇ ئىشقا ئەمەس، باشقا بىر ئىشقا چاقىرغان. مەن سىنىڭ كېلىپ قىلىچ ۋە پاياندازنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا لەۋلىرىڭنى مىدىرلاتقانلىقىڭنى كۆردۈم، نىمە دېگەن ئىدىڭ؟

- ئى ماڭا پەزلى ئىنئام قىلغۇچى! قىيىنچىلىقتا يۆلۈنقاندىكى پاناھگاھىم! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتنى سوغاق قىلىپ سالامەت قىلغاندەك، مېنىمۇ زىيانسىز سالامەت قىلساڭ - دېدىم، - دېدى.

ھەسەننىڭ ۋالى ۋە ئەمىرلەرگە تۇتىدىغان بۇنداق پۈزىتسىيەسى كۆپ كۆرۈلەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالدىدىن ھوقۇقدارلارنىڭ نەزىرىدىكى ئابروينى ئۆستۈرۈپ، اللہ بىلەن پەخىرلىنىپ، ئىززىتىنى ساقلاپ چىقاتتى. تەقۋادار خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، خەلىفىلىك يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىككە كەلدى. ئۇ ئىراققا ئۆمەر ئىبنى ھۇبەيرە بەزارىنى ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭ ھوقۇقى كېڭەيگەندىن كېيىن، ئۆمەرگە خۇراسانىمۇ قوشۇپ بەردى. يەزىد ئۇلۇغ ئەجداتلىرىغا

ئوخشمايدىغان يول تۇتتى، ئۇ ئۇمەر ئىبنى ھۇبەيرەگە ئارقا ـ ئارقىدىن گەپ ئەۋەتتى ۋە بەزى چاغلاردا ھەقىقەتكە زىت بولسىمۇ خەتتىكى سۆزلەرنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇيتتى... ئۇمەر ئىبنى ھۇبەيرە ھەسەنۇل بەسەرى ۋە شەئبى دەپ ئاتالغان ئەمىر ئىبنى شۇرەھبىلنى چاقىردى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

ـ مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنى الله بەندىلىرىگە خەلىفە قىلدى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ. ئۇ مېنى سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىراققا ۋالى قىلدى، ئاندىن پارىس دىيارىنى قوشۇپ بەردى. ئۇ بەزىدە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، توغرىلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سىلەر مېنىڭ خەلىفىگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشىمدا دىندا بىر چىقىش يولى تېپىپ بەرسەڭلار.

شەئبى خەلىفىگە كۆيۈنۈپ، ۋالىغا ئەگىشىپ جاۋاپ بەردى، ھەسەن گەپ قىلمىدى. ئۇمەر ئىبنى ھۇبەيرە ھەسەنگە قارىدى ۋە :

ـ ئەبۇ سەئىد! سەن نېمە دەيسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئى ھۇبەيرەنىڭ ئوغلى! يەزىدنىڭ ئىشىدا الله دىن قورق. الله نىڭ ئىشىدا يەزىدتىن قورقما. بىلگىنكى ئۇلۇغ الله سېنى يەزىدتىن قوغداپ قالالايدۇ. يەزىد سېنى الله دىن قوغداپ قالالمايدۇ. ئى ھۇبەيرەنىڭ ئوغلى! قاتتىق قول، قوپال، الله نىڭ بۇيرۇغىدىن چىقمايدىغان پەرىشتىلەر يات يېقىندا ساڭا كېلىپ، سېنى بۇ تەختلىرىڭدىن ئايرىۋېتىدۇ، كەڭ قەسرىدىن تار قەبرىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە يەزىدنى تاپالمايسەن، پەقەت يەزىدنىڭ رەببىگە قارشى قىلغان ئىشلىرىڭنى تاپىسەن. ئى ھۇبەيرەنىڭ ئوغلى! ئەگەر سەن الله غا بويسۇنۇپ، الله تەرەپتە تۇرساڭ، الله سېنى دۇنيا ئاخىرەتتە يەزىدنىڭ ئازاۋىدىن ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر الله غا ئاسى بولۇپ، يەزىد بىلەن بىللە تۇرساڭ، الله سېنى يەزىدكە تاشلاپ بېرىدۇ. ئى ھۇبەيرەنىڭ ئوغلى! بىلگىنكى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ياراتقۇچى الله غا ئاسى بولۇپ، مەخلۇققا بويسۇنۇش يوق.

ئۇمەر ئىبنى ھۇبەيرە يىغلاپ كەتتى. ھەتتا ياشلىرى ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ ئۆرۈلۈپ شەئبىدىن ھەسەنگە قارىدى ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى. ئۇ ئىككىسى ئۇمەرنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ، مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. كىشىلەر ئۇلارنى ئورىۋېلىپ، ئەمىر بىلەن بولغان ئىشلىرىنى سوراشقا باشلىدى. شەئبى ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى خالايىق! سىلەردىن كىم ھەر قانداق ئورۇندا بەندىلەردىن الله نى ئۈستۈن ئورۇنغا قويالىسا، شۇنداق قىلسۇن. روھىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ھەسەن ھۇبەيرەنىڭ ئوغلى ئۇمەرگە دېگەن سۆزلەر مەن بىلمەيدىغان سۆزلەر ئىكەن. مەن ھۇبەيرەنىڭ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ گەپ قىلغان ئىدىم، ھەسەن الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ گەپ قىلدى. الله مېنى ھۇبەيرەنىڭ ئوغلىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنى يېقىنلاشتۇردى ھەمدە ھەسەننى ئۇنىڭغا

چىرايلىق كۆرسەتتى.

ھەسەنۇل بەسەرى سەكسەن يىل ياشاپ، دۇنيانى بىلىم ـ ھېكمەت ۋە فىقھىگە تولدۇردى. ئۇنىڭ ئەۋلاتلارغا قالدۇرغان مىراسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرى ـ ھەر ۋاقىت قەلبلەرنى ياشارتىپ، كۆكلىتىپ تۇرىدىغان جاراڭلىق نەسىھەت سىگناللىرى، قەلبلەرنى تىترىتىۋاتقان، كۆزلەردىن ياش ئاققۇزىۋاتقان، ئازغۇنلارنى الله تەرەپكە باشلاۋاتقان، غاپىل ۋە مەغرۇرلارنى دۇنيانىڭ ھەقىقىتى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھالىغا ئاگاھلاندۇرىۋاتقان ۋەز نەسىھەتلىرىدۇر. جۈملىدىن ئۇ دۇنيا، ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سورىغان كىشىگە مۇنداق دېگەن:

ـ مەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەت توغرىلىق سورا. دۇنيا ۋە ئاخىرەت مەشرىق ۋە مەغرىپكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىرىگە قانچە يېقىنلاشساڭ، يەنە بىرىدىن شۇنچە يىراقلايسەن. ماڭا بۇ دۇنيانى سۈپەتلەپ بەر دەيسەن، بۇ دۇنيانى قانداق سۈپەتلەپ بېرەي!؟ بۇ دۇنيانىڭ ئەۋۋىلى جاپا ـ مۇشەققەت، ئاخىرى يۇقىلىش. ھالاللىرىدا ھېساب بار، ھاراملىرىدا جازا بار. باي بولغانلار مەغرۇرلىنىدۇ، كەمبەغەللەر غەمكىن بولىدۇ.

ئۇ ئۆزى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سورىغان كىشىگە مۇنداق دېگەن:

ـ بىزنىڭ ھالىمىز خاراپ، بىز ئۆزىمىزنى نېمە قىلدۇق؟! بىز دىنىمىزنى تاشلىۋەتتۇق، دۇنيانى يۇقىرى كۆتۈردۇق. ئەخلاقىمىزنى كونىرىتىپ چىرىتىۋەتتۇق. يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى يېڭىلىدۇق. بىزنىڭ ئېچىمىزدە كىشىلەر سول يېنىچە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەيدۇ. ئۇنىڭ تامىقى بۇلاپ كېلىنگەن. خىزمەتچىسى مەجبۇرلانغان، چۈچۈمەلدىن كېيىن تاتلىقنى، سوغۇقتىن كېيىن ئىسسىقنى، قۇرۇقتىن كېيىن ھۆلنى چاقىرىدۇ. قۇرسىقى چىڭقالغاندا سېسىق كېكىرىدۇ ۋە:"ھەي خىزمەتكار! تاماق ھەزىم قىلىدىغان يېمەكلىكنى كەلتۈر " دەيدۇ. ھەي ئەخمەق، پەس! الله بىلەن قەسەمكى، سەن دىنىنى مەسخىرە قىلىۋاتىسەن. سېنىڭ مۇھتاج خوشناڭ قېنى؟ خەلقنىڭ ئېچىدىكى ئاچ قالغان يېتىملەر قېنى؟ ساڭا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان ئاجىزلار قېنى؟ الله ساڭا تاپشۇرغان ئىشلار قېنى؟ سەن ھاياتىڭنىڭ، مال ـ مۈلۈكۈڭنىڭ چەكلىكلىكىنى بىلىدىغانسەن؟! بىر كۈنىنىڭ قۇياشى پاتسا، ھاياتىڭدىن بىر كۈن كېمىيىدۇ، الله نىڭ ئالدىغا بىر قەدەم يېقىنلايسەن، مال ـ مۈلۈكۈڭ ۋە بۇ دۇنيادىن بىر قەدەم يىراقلايسەن!!!

* * *

ھىجرەتنىڭ بىر يۈز ئونىنچى يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاي تولۇن بولغان بىر جۈمە كېچىسى ھەسەنۇل بەسەرى پەرۋەردىگارىنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلدى. تاڭ يورىغاندا كىشىلەر ئارىسىغا ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى تارالدى. بەسرە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تەۋرەندى. ئۇ يۇيۇلۇپ كېپەنلەندى. ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆگىنىپ ـ ئۆگىتىپ، الله تەرەپكە چاقىرىپ ئۆتكۈزگەن جامە سەيناسىدا جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۇنىڭ نامىزى ئوقۇلدى، بارلىق كىشى ئۇنىڭ جىنازىسىغا

ئەگەشتى. شۇ كۈنى بەسرە جامەسىدە ئەسىر نامىزى ئوقۇلمىدى، چۈنكى ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم قالمىغان بولۇپ، ھەممەيلەن قەبرىستانلىقتا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

كىشىلەر ھەسەنۇل بەسەرى پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىغا كەتكەن ئاشۇ كۈندىن باشقا ۋاقىتتا، بەسرە جامەسىدە بىرەر ۋاق نامازنىڭ ئوقۇلماي قالغىنىنى بىلمەيدۇ.

## ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە ئەلمۇزەنى

## «ئەمرىدەك قەيسەر، ھاتەمدەك كەڭ قۇرساق، ئەھنەفتەك سەۋرچان، مۇلايىم، ئىياستەك ئەقىللىق»

## ـ ئەبۇ تەممام

مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى، ئورنىدا ئارامىدىمۇ ياتالمىدى. دەمەشقنىڭ سوغۇق كېچىلىرىدىكى بۇ كېچىدە، ئۇنى بەسرەدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان، الله نىڭ ھۆكۈمى بۇيىچە ھۆكۈم قىلىدىغان، ھەقنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ھېچنىمە توسالغۇ بولمايدىغان قازى ( باش سوتچى ) تالالاش ئىشى بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالى ئىككى ئادەمگە ـ دىنى بىلىمدە، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇشتا، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە، نەزىرى چوڭقۇر ۋە پاراسەتلىكلىكىدە مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىككى چەۋەندازغا ئوخشايدىغان ئىككى ئادەمگە مەركەزلەشتى. ئۇلارنىڭ بىرىدە بىر ئارتۇقچىلىق بايقالسا، يەنە بىرىدە يەنە بىر ئارتۇقچىلىق تېپىلاتتى. تاڭ يورۇغاندا ئىراقنىڭ ۋالىسى ـ ئەدىي ئىبنى ئەرتاتنى (ئۇ شۇ ۋاقىتتا دەمەشقتە بار ئىدى) چاقىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە ئەلمۇزەنى بىلەن قاسىم ئىبنى رەبىيئە ئەلھارىسىينى چاقىرىپ، ئۇلارغا بەسرەنىڭ قازىلىق ئىشىنى دەپ، بىرىنى شۇ يەرگە قازى قىلىپ تەيىنلە.

ـ ئاڭلىدىم، بويسۇندۇم، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى.

ئەدى ئىياس بىلەن قاسىمنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

ـ مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ( الله ئۆمەرنى ئۇزۇن قىلسۇن ) مېنى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى بەسرەگە قازىلىققا تەيىنلەشكە بۇيرىدى، سىلەرنىڭ قارىشىڭلار قانداق؟

ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەمراھى توغرىسىدا، ئۇ بۇ مەنسەپكە مەندىنمۇ بەكرەك لايىق دەپ ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ پەزىلىتى، بىلىمى، دىنى ھۆكۈمگە ئالىملىقىدىن سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدى مۇنداق دېدى:

ـ مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلمىغۇچە، سورۇنۇمدىن چىقىپ كەتمەيسىلەر.

ئىياس مۇنداق دېدى:

- ئى ئەمىر، مەن ۋە قاسىم توغرىسىدا ئىراقنىڭ دىنى ئالىمى ھەسەنۇل بەسرى، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىنلاردىن سورىغىن، ئۇلار بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئارتۇقچىلىقىقا ھەممىدىن ياخشى باھا بېرىدۇ.

ئەسلىدە قاسىم ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى، ئىياسنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. قاسىم ئىياسنىڭ ئۆزىنى پاتقاققا تىقماقچى بولغانلىقىنى بىلدى. ئەگەر ئەمىر ئۇلارغا مەسلىھەت سالسا، ئۇلار ئىياسنى ئەمەس، قاسىمنى كۆرسىتەتتى. قاسىم تېزلا ئەمىرگە قارىدى ۋە مۇنداق دېدى:

- مەن ۋە ئۇ توغرىسىدا ھېچكىمدىن سورىمىغىن، ئى ئەمىر! يەككە يىگانە الله بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئىياس الله نىڭ دىنىغا مەندىن بەك ئالىم، قازىلىقنىمۇ بەك بىلىدۇ. ئەگەر قەسىمىم يالغان بولسا، ماڭا ئوخشاش يالغان ئېيتىۋاتقان ئادەمنى قازى قىلساڭ بولمايدۇ، ئەگەر قەسىمىم راست بولسا، ئىياسنى قويۇپ مېنى سايلىساڭ تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئىياس ئەمىر ئەدىگە قاراپ، دېدى:

- ئى ئەمىر! سەن بىر كىشىنى چاقىرتىپ، ئۇنى قازى قىلماقچى بولۇپ جەھەننەمنىڭ لېۋىدە توختاتتىڭ، ئۇ يالغان قەسەم بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇردى. ئۇ بېرىپلا الله دىن مەغفىرەت تىلەپ گۇناھىنى يۇيىۋالىدۇ. ئەدى ئىياسقا:

- دەل سەندەك چۈشىنىدىغان پاراسەتلىك ئادەم قازىلىققا ئەڭ لايىق ھەم دەل مۇناسىپ، ـ دېدى ۋە ئۇنى بەسرەگە قازىلىققا تەيىنلىدى.

* * *

تەقۋا خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بەسرەگە قازى قىلىپ تەيىنلىگەن بۇ ئادەم كىمدۇ؟ ھاتەمنىڭ سېخىلىقى، ئەھنەف ئىبنى قەيسنىڭ مۇلايىملىقى، ئۆمەر ئىبنى مەئدى كەرىبەنىڭ قەيسەرلىكى تەمسىل قىلىنغاندەك، ئەقىللىقلىقى، چىچەنلىكى، پاراسىتى تەمسىل قىلىنغان، ھەتتا ئەبۇ تەمام ئەھمەد ئىبنى مۇئتەسىم مەدھىيەلەپ، ئەمىردەك قەيسەر، ھاتەمدەك كەڭ قول، ئەھنەفتەك مۇلايىم، ئىياستەك پاراسەتلىك دېگەن بۇ كىشى زادى كىم بولغىيدى؟! كېلىڭ، بۇ كىشىنىڭ ھاياتلىق ھېكايىسىنى بېشىدىن باشلايلى، بۇ كىشىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، تەسىرلىك، نادىر تەرجىمىھالى بار.

* * *

ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە ئەلمۇزەنىي ھىجرىيەنىڭ 46 ـ يىلى نەجدنىڭ يەمامە رايونىدا تۇغۇلدى. كېيىن ئائىلىسى بىلەن بەسرەگە كۆچۈپ باردى، شۇ يەردە چوڭ بولدى، بىلىم ئالدى... كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دەمەشىققە كېلىپ كېتىپ، ساھابىلەرنىڭ ھايات بارلىرى ۋە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئۆگەندى. مۇزەنىيلىك بۇ ياشنىڭ تالانتى ۋە ئەقىل پاراسىتىنىڭ ئالامەتلىرى كىچىكىدىن باشلاپلا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا، كىشىلەر

ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ئاجايىپ ئىشلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى.

ئىياستىن مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئۇ زىممىيلاردىن بولغان بىر يەھۇدىينىڭ دەرىسخانىسىدا ھېساپ ئىلمى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچىنىڭ قېشىغا يەھۇدى دوستلىرى كەلدى، ئۇلار دىنى ئىشلار توغرىلىق پاراڭلىشىشقا باشلىدى، ئىياس ئۇلار بىلمەيدىغان جايدا، ئۇلارغا دىققەت قىلىۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچى دوستلىرىغا دېدى:

- مۇسۇلمانلارغا ھەيران قالامسىلەر؟ ئۇلار: جەننەتتە تاماق يەيدۇ، لېكىن تەرەت قىلمايدۇ، دەپ قارايدىكەن.

ئىياس ئوقۇتقۇچىسىغا دېدى:

- سىلەرنىڭ پارىڭىڭلار توغرىلىق سۆزلەشكە رۇخسەتمۇ؟

- بولىدۇ.

- دۇنيادا يېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەرەت بولۇپ چىقىپ كېتەمدۇ؟

- ياق.

- چىقىپ كەتمىگىنى نەگە كېتىدۇ؟

- بەدەنگە ئوزۇق بولىدۇ.

- بۇ دۇنيادا يېگەن نەرسىنىڭ بىر قىسمى بەدەنگە ئوزۇق بولسا، ئاخىرەتتە يېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئوزۇققا ئايلىنىشىنى ئىنكار قىلىشىڭلارنىڭ ۋەجى نېمە؟

ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ:

- ا الله سېنى ياشىتىۋەتسۇن، يىگىت، - دېدى.

بۇ بالا يىلمۇ - يىل چوڭىيىشقا باشلىدى. ئۇ نەگىلا بارسا، ئۇنىڭ پاراستىنىڭ خەۋەرلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تارىلىپ باراتتى. ئۇ توغرىسىدا مۇنداق بايان بار:

ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دەمەشىققە كىردى. ئۇ دەمەشىقلىق بىر پىشقەدەم كىشى بىلەن ھەق توغرىسىدا جىدەللىشىپ قالدى. پاكىت بىلەن قايىل بولۇشقا ئۈمىت قالمىغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىنى سوتقا چاقىردى. ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىياس ھېلىقى كىشىگە ئاچچىقلىنىپ ئاۋازىنى كۆتۈردى. قازى مۇنداق دېدى:

- ھەي بالا، ئاۋازىڭنى پەسەيت، سەن دەۋالىشىۋاتقان بۇكىشى ياش ۋە ھۆرمەتتە چوڭ.

- لېكىن ھەقىقەت ئۇنىڭدىن چوڭ.

قازى غەزەپلىنىپ مۇنداق دېدى:

- جىم تۇر.

- مەن جىم تۇرسام مېنىڭ پاكىتىمنى كىم سۆزلەيدۇ؟ قازىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى ۋە:

- سەن قازىخانىغا كىرگەندىن باشلاپ ناھەق گەپ قىلىۋاتىسەن، - دېدى.

ـ لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ... بۇ ھەقمۇ ياكى ناھەقمۇ؟ قازى بېسىقتى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ ھەق، كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ھەق.

* * *

بۇ مۇزەنىيلىك ياش بىلىم ئېلىشقا قاتتىق بېرىلدى. بىلىم بۇلىقىدىن الله نىڭ خالىغىنى بۇيىچە قېنىپ سۇ ئىچتى، ھەتتا بىلىمدە شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، پىشقەدەملەرمۇ قول قوياتتى، ئۇزلىرىگە ئىمام قىلاتتى، ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شاگىرت بولاتتى.

بىر يىلى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان خەلىفە بولۇشتىن ئىلگىرى بەسرەنى زىيارەت قىلىپ، ئىياسنى كۆردى. ئۇ بۇرۇتى تېخى خەت تارتمىغان، بالاغەتكە يېتىش ئالدىدىكى ياش ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە يېشىل تونلارنى كەيگەن لىھەيلىك تۆت ئالىم كىشى بولۇپ، ئىياس ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتاتتى...ئابدۇلمەلىك مۇنداق دېدى:

ـ ھەي، بۇ لىھەيلىكلەرگە! ئالدىدا مېڭىشقا تېگىشلىك ئادەملەر بار تۇرۇپ، بىر كىچىك بالىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپتۇ؟! ئاندىن ئىياسقا دېدى:

ـ ھەي يىگىت، قانچىگە كىردىڭ؟

ـ مېنىڭ يېشىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر بار قوشۇنغا باشلىق قىلغان ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ يېشىغا ئوخشاش. ئابدۇلمەلىك شۇئان:

ـ ئى يىگىت! ئالدىدا ماڭ، ئالدىدا ماڭ، الله ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ـ دېدى.

بىر يىلى كىشىلەر رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈش ئۇچۇن چىقتى. بۇلارنىڭ بېشى ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارى بولۇپ، ئۇ شۇ ۋاقىتتا، يۈز ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان ياشانغان كىشى ئىدى. كىشىلەر ئاسمانغا قاراپ ھېچنېمە كۆرمىدى، لېكىن ئەنەس ئىبنى مالىك ئاسمانغا قاراپ ئاينى كۆرىستىشكە باشلىدى، ئەمما ھېچكىم ئاينى كۆرمىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىياس ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارىدى، ئۇنىڭ بىر تال قېشى ئېگىلىپ، كۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىكەن. ئىياس ئەدەپ بىلەن ئىزنى سوراپ، ھېلىقى قاشقا قولىنى سوزۇپ، ئۇنى سىلاپ تۈزلەپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭغا:

ـ ئى رەسۇلۇللانىڭ ساھابىسى! ھازىرمۇ ھەم ئاينى كۆرۈۋاتامسىز؟ ـ دېدى.

ـ ياق كۆرمىدىم، ياق، ھەرگىز كۆرمىدىم، ـ دېدى ئۇ.

ئىياسنىڭ خەۋەرلىرى كۆپەيدى ۋە ئەتراپقا تارالدى. كىشىلەر ھەر قايسى تەرەپلەردىن كېلىپ، دىن ۋە بىلىم ئىشلىرىدا قىيىن كەلگەن ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلايدىغان بولدى. بەزىسى بىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلاتتى، يەنە بىر قىسىملىرى ئۇنى يېڭىۋېلىش ۋە ناھەق جەدەللىشىشنى مەقسەت قىلاتتى. بىر پارىس ئەمەلدارى ئۇنىڭ سورۇنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى ۋائىلەنىڭ دادىسى! ھاراق توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟

- ئۇ ھارام.
- ئۇنىڭ ھاراملىغىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇ ئوتتىنا قايىنتىلغان سۇ ۋە مېۋىدىن باشقا نەرسە ئەمەس تۇرسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھالال نەرسىلەرغۇ؟
- گېپىڭ تۈگىدىمۇ ياكى يەنە دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ؟
- تۈگىدى.
- مەن بىر ئۇچۇم سۇنى ئېلىپ ساڭا چاچسام ئاغرىمدۇ؟
- ياق.
- ئەگەر بىر ئۇچۇم توپا ئېلىپ سېنى ئۇرسام ئاغرىمدۇ؟
- ياق.
- ئەگەر بىر ئۇچۇم سامان ئېلىپ ئۇرسام ئاغرىمدۇ؟
- ياق.
- ئەگەر توپىنى ئېلىپ، سامانىنى تاشلاپ، ئۈستىگە سۇنىمۇ قۇيۇپ ئاندىن يۇغۇرسام، كېيىن ئاپتاپتا قۇرۇتسام، ئاندىن سېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرسام ئاغرىمدۇ؟
- ھەئە، ئاغرىيدۇ، بەلكىم بەزىدە ئۆلتۈرىۋېتىشى مۇمكىن.
- ھاراقنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ھەر قايسى تەركىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېچىتىلسا، ھارامغا ئايلىنىدۇ.

* * *

ئىياس قازى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىلىدىغىنىنىڭ كۆپلىگىنى، ھەقنى ھەق قىلىشتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارىنى كۆرستىپ بېرىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپلەپ ئاشكارە بولۇشقا باشلىدى. بۇ توغرىلىق مۇنداق بىر خاتىرە بار:
ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا سوتلاشتى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە مال ئامانەت قويغان بولۇپ، ئۇ نى بېرىشنى ئېيتقاندا، ئامانەت قويۇلغۇچى تېنىۋالغان ئىدى. ئىياس جاۋاپكاردىن ئامانەت قويۇلغان مالنىڭ ئىشنى سورىغاندا، ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېدى:
- ئەگەر ئۇنىڭ پاكىتى بولسا كەلتۈرسۇن، بولمىسا ئۇنىڭ ماڭا قەسەمدىن باشقا ئاساسى يوق.
ئىياس دەۋاگەرنىڭ ئۆز مېلىنى قەسەم بىلەن يېيىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى:
- مالنى قايسى ئورۇندا ئۇنىڭغا ئامانەت بەرگەن ئىدىڭ؟
- پالانى ئورۇندا.
- ئۇ يەردە نېمە بار ئىدى؟
- بىز ئاستىدا ئولتۇرغان چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بار، بىز ئۇنىڭ سايىسىدا بىللە تاماق يىگەن، قايتماقچى بولغاندا مالنى ئۇنىڭغا بەرگەن ئىدىم.

ئىياس ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
ـ سەن ئاشۇ دەرەخ بار جايغا بارغىن، بەلكىم مالنى نەگە قويغانلىقىڭ ئېسىڭگە كېلىپ، نېمە قىلغانلىقىڭنى ئەسلىيەلەرسەن، ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىپ، كۆرگەنلىرىڭنى خەۋەر قىل.
ھېلىقى ئادەم يۈرۈپ كەتتى. ئىياس جاۋاپكارغا:
ـ ھەمراھىڭ كېلىپ بولغىچە ئولتۇرۇپ تۇر، ـ دېدى، ئۇ ئولتۇردى.
ئىياس ئالدىدىكى دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ يۇشۇرۇنچە ھېلىقى ئادەمنى كۆزىتىپ تۇرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خاتىرجەم بولۇپ ئارامىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئالدىراپ مۇنداق دېدى:
ـ سېنىڭچە ھەمراھىڭ مالنى ساڭا ئامانەت بەرگەن جايغا بېرىپ بولغانمىدۇ؟ ھېلىقى ئادەم ئويلانماستىنلا:
ـ ياق، ئۇ يەر بۇ يەردىن خېلىلا يىراق، ـ دەپ تاشلىدى. قازى ئىياس ئۇنىڭغا:
ـ ھۇ الله نىڭ دۈشمىنى، مالدىن تانىسەن، ھالبۇكى مالنى ئالغان ئورۇننى بىلىسەنا؟! الله بىلەن قەسەمكى، سەن خىيانەتكار ئىكەنسەن، ـ دېدى.
ھېلىقى ئادەم چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ خىيانىتىنى ئىقرار قىلدى. قازى ئۇنى مالنىڭ ئىگىسى كەلگەنگە قەدەر توختىتىپ قويدى، ئاندىن ئۇنى مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى...
يەنە بىر خاتىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:
ئىككى ئادەم ئىككى ئەدىيال يېپىنچا توغرىلىق جېدەللىشىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرسى يېڭى، قىممەتلىك، يېشىل رەڭلىك، يەنە بىرسى كونىراپ كەتكەن قىزىل رەڭلىك ئىدى. دەۋاگەر مۇنداق دەيدۇ:
ـ مەن يۇيۇنۇش ئۇچۇن كۆلگە چۈشتۇم، يېشىل ئەدىيىلىمنى كىيىملىرىم بىلەن بىللە كۆلنىڭ يېنىدا قويۇپ قويدۇم، جاۋاپكار كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىل ئەدىيىلىنى مېنىڭكىنىڭ يېنىغا قويدى ۋە كۆلگە چۈشتى ھەمدە مەندىن بۇرۇن كۆلدىن چىقىپ، كىيىملىرىنى كېيىپ مېنىڭ ئەدىيىلىمنى ئالدى ۋە باش ئۇستىگە تاشلاپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئارقىسىدىن بېرىپ ئەدىيىلىمنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ بۇ مېنىڭكى، دەپ تۇرىۋالدى.
ئىياس جاۋاپكارغا مۇنداق دېدى:
ـ سەن نېمە دەيسەن؟
ـ ئۇ مېنىڭكى ھەم مېنىڭ قولۇمدا. ئىياس دەۋاگەرگە قاراپ:
ـ سېنىڭ پاكىتىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
ـ ياق، يوق.

ئىياس خىزمەتچىگە تاغاق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى، تاغاق كەلتۈرۈلدى. ئاندىن ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ چېچىنى تارىدى. بىرىنىڭ بېشىدىن ئۇششاق قىزىل قىللار، يەنە بىرىنىڭ بېشىدىن يېشىل يۇڭ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن قىزىل ئەدىيالنى قىزىل يۇڭ چىققان كىشىگە، يېشىل ئەدىيالنى يېشىل يۇڭ چىققان كىشىگە بۇيرۇپ بەردى...

كۇفەدە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بەرگەن ۋە تەقۋا، پەرىزكار كۆرۈنەتتى، ھەتتا ئۇ توغرىسىدا مەدھىيە سۆزلىرى كۆپەيدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى سىرتقا چىققاندا ماللىرىنى ئامانەت قويىدىغان ئىشەنچلىك كىشى دەپ قاراپ، ماللىرىنى قوياتتى. ئەگەر ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلسا، باللىرىنىڭ ئىشلىرىنى ۋەسىيەت قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ مال ئامانەت قويدى. ھېلىقى ئادەم مېلىغا مۇھتاج بولغاندا ئۇنىڭدىن مېلىنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇ ئىنكار قىلدى. مالنىڭ ئىگىسى ئىياسنىڭ قېشىغا بېرىپ ھېلىقى ئادەم ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئىياس دەۋاگەرگە مۇنداق دېدى:

ـ سېنىڭ جاۋاپكارىڭ سېنىڭ قېشىمغا كەلگەنلىكىڭنى بىلەمدۇ؟

ـ بىلمەيدۇ.

ـ ئۇنداقتا قايتىپ، ئەتە يېنىمغا كەل.

ئىياس ھېلىقى مال ئامانەت قويۇلغان كىشىگە ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ يېنىمدا يېتىملار، ئىگە چاقىسىزلارنىڭ نۇرغۇن مېلى يىغىلىپ قالدى. مەن بۇنى ساڭا ئامانەت قويۇپ، سېنى ئۇلارغا ۋەسى قىلماقچىمەن، ئۆيۈڭ مۇستەھكەممۇ؟ ۋاقتىڭ چىقامدۇ؟

ـ ھەئە، قازى.

ـ ئۆگۈنلۈككە مېنىڭ يېنىمغا كەل، مال ـ مۈلۈككە يەر تەييارلاپ قوي. مال كۆتۈرىدىغان ھامماللارنىمۇ ئالغاچ كەل.

ئەتىسى دەۋاگەر كەلدى. ئىياس ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ مالنى قويغان كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن مېلىڭنى تەلەپ قىل، ئەگەر ئىنكار قىلسا ئۇنىڭغا: ئۈستۈڭدىن قازىغا شىكايەت قىلىمەن، دېگىن.

ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، مېلىنى تەلەپ قىلىۋىدى، تېنۇۋېلىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا:

ـ ئەمىسە قازىغا شىكايەت قىلىمەن، ـ دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مالنى قايتۇرۇپ بېرىپ خاتىرجەم قىلدى. ھېلىقى كىشى ئىياسنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ:

ـ ئۇ مېلىمنى قايتۇرۇپ بەردى، الله ساڭا چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلسۇن، ـ دېدى.

ھېلىقى مال ئامانەت قويۇلغان ئادەممۇ ۋاقتىدا كەلدى، ھامماللارمۇ بىللە ئىدى. ئىياس ئۇنى قاتتىق رەسۋا قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ ھۇ الله نىڭ دۈشمىنى! سەن بەك ئەسكى ئادەم ئىكەنسەن، دىننى دۇنيا تېپىشنىڭ ۋاستىسى

قىلىۋاپسەن.

ئىياس گەرچە ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق، زىرەك، پاراسەتلىك تۇرۇپ، بەزىدە ئۇنىمۇ پاكىت ئارقىلىق يېڭىۋالىدىغان، سۆزنى دۇرۇس قىلىپ دەلىل بىلەن جىم تۇرغۇزۇپ قويىدىغانلارمۇ چىققان. ئۇ ئۆزى توغرىلىق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

- مېنى بىر ئادەمدىن باشقا ھېچكىم يېڭىپ باقمىغان. مەن قازىخانىدا ئىدىم، بىر ئادەم كىرىپ بىرىنىڭ بېغى توغرىسىدا ئۇ پالانىنىڭ مۈلكى دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى ھەمدە دائىرىسىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا:

- باغنىڭ دەرەخنىڭ سانى قانچە؟ - دېدىم.

ئۇ بىر ئاز تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇنداق دېدى:

- قازى جاناپلىرىغا مۇشۇ زالدا ئولتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىۋاتقىنىغا قانچە يىل بولدىكىن؟

- xxيىل بولدى.

- بۇ زالنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ياغىچى قانچە؟

- بىلمەيمەن، سېنىڭ توغرا ئىكەن، - دېدىم، ئاندىن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىناۋەتكە ئالدىم.

ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە يەتمىش ئالتە ياشقا كىرگەندە، چۈشىدە ئۆزى ۋە دادىسىنىڭ ئىككى ئاتقا مىنىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، دادىسى ئۇنىڭ ئالدىدا، ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمىگەنلىكىنى كۆردى. بىر كېچىسى ئىياس ئورنىغا چىقىپ يېتىپ بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

- بۇ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

- ياق.

- بۇ دادامنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقان كېچە، - دېدى ئۇ. تاڭ يورىغاندا ئۇلار ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئۇقتى.

الله قازى ئىياسقا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ جاھانسدا كەم تېپىلىدىغان، ئەقىل پاراسەتتە، ھەقىقەت ئىزدەشتە ۋە ئۇنىڭغا يېتىشتە زاماننىڭ ئاجايىپ كاتتىلىرىدىن بىرى ئىدى.

## «ئەگەر قولۇمدىن كەلگەن بولسا، مەن قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى خەلىفە قىلاتتىم»
## ــ ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز

بۇ ئۇلۇغ تابىئىننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

ئۇ بولسا پۈتۈن شان- شارەپنىڭ بىرىنى قويماي ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ياش. ئۇنىڭ دادىسى بولسا ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئوغلى مۇھەممەد، ئانىسى پارىس شاھلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى كىسرا يەزدەجىردنىڭ قىزى. هاممىسى- مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە.

ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چوققىسىغا تەقۋالىق ۋە بىلىم تاجىسىنى كەيدى. قىزىققۇچىلارنىڭ قىزىقتۇرىدىغان بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈنلۈك، شان- شەرەپ، ئۇلۇغلۇق بارمۇ؟

مانا بۇ - مەدىنىدىكى يەتتە ئالىمنىڭ بىرى، زامانىسىدىكى بىلىم ئەھلىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى، ئەقىل - پاراسەتتە ئەڭ ئۆتكۈرى، تەقۋالىق، پەرھىزكارلىقتا ئەڭ قاتتىقى، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى - قاسىم.

قېنى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بېشىدىن باشلايلى.

قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئوسمان ئىبنى ئەففان ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ خەلىفىلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۇغۇلدى. بۇۋاقنىڭ ئايىغى چىقا- چىقمايلا، مۇسۇلمانلار دىيارىدا فىتنىنىڭ قارا بورىنى كۆتۈرۈلدى. ئابىد، تەقۋا خەلىفە ئوسمان (زىننۇرەيىن- ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى) قۇرئان پارىسىغا قىيسايغان ھالدا شەھىد قىلىندى. مۇئمىنلارنىڭ ئەمرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىلەن شام دىيارىنىڭ ئەمرى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ قوزغالدى. بۇ كىچىك بالا گىرەلىشىپ كەتكەن ھادىسىلەرنىڭ قورقۇنچىسىداقىز بىر تۇغقىنى بىلەن بىللە مىسىر شەھرىگە ئېلىپ كېتىلىشۇ اتقانلىغىنى بىلدى. ئۇلار مۇئمىنلارنىڭ ئەمرى ئەلى تەرىپىدىن مىسىرغا ۋالى قىلىنغان دادىسى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى. كېيىن بۇ قارا فىتنىنىڭ دادىسىغىمۇ يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قەبىھلەرچە ئۆلتۈرىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم مىسىردىن مۇئاۋىيەنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن مەدىنىگە ئېلىپ مېڭىلغانلىغىنى كۆردى. ئۇ ئاتا- ئانىسىز قارا يېتىمغا ئايلانغان ئىدى.

قاسىم مۇشۇ ئازاپلىق، مۇشكىل سەپەر توغرىلىق سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«دادام مىسىردا ئۆلتۈرۈلگەندە تاغام ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى كېلىپ، مېنى ۋە سىڭلىمنى ئېلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، ھامام - ئائىشە ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئادەم ئەۋەتىپ، بىزنى تاغامنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتتى ۋە بىزنى تەربىيىلىدى. مەن ئۇنىڭدەك مېھرىبان، كۆيۈمچان ئانا ياكى دادىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ بىزگە ئۆز قولى بىلەن تاماق قىلىپ بېرەتتى، بىز تاماق يېگەندە قاراپ ئولتۇراتتى. بىزنىڭ تامىقىمىز

ئېشىپ قالسا، ئاندىن يەيتتى. ئۇ بىزگە بالا ئېمىتكۈچى ئەمچەكتىن يېڭى ئايرىلغان بالىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەتتى، بىزنى يۇيۇپ قۇياتتى، چاچلىرىمىزنى تاراپ قۇياتتى، پاكىزە، ئاق كىيىملەرنى كىيدۈرەتتى. ئۇزۇلدۇرمەي ياخشىلىققا بۇيرۇيتتى، ئەمەلىيەت بىلەن چىنىقتۇراتتى. يامانلىقتىن تۇساتتى، ئەمەلى تاشلاتقۇزاتتى. بىزگە ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە الله نىڭ كىتاۋىنى ئۆگەتەتتى. چۈشىنەلىشىمىزچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئىككى ھېيتتا سوغا بېرىشى ۋە ياخشىلىقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى، ھارپا ئاخشىمى چىچىمنى چۈشۈرۈپ قۇياتتى، مېنى ۋە سىڭلىمنى يۇيۇندۇراتتى، تاڭ يورىغاندا يېڭى كىيىملەرنى كەيدۈرەتتى، ئاندىن بىزنى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشىمىز ئۈچۈن مەسجىدكە ئەۋەتەتتى، قايتىپ كەلگەندە بىزنى ئەكىلىپ قويۇپ، ئالدىمىزدا ئۆزى قۇربانلىق قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇ بىزگە ئاق كىيىم كەيدۈردى، ئاندىن مېنى بىر تىزىغا، سىڭلىمنى يەنە بىر تىزىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ تاغام ئابدۇررەھماننى چاقىرغان ئىدى، تاغام كىرىپ، ھامام ئائىشەگە سالام قىلدى. ئاندىن ھامام گەپ باشلاپ، الله غا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق پاساھەتلىك، شېرىن سۆز قىلغان بىرەر ئەر ياكى ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئى قېرىندىشىم! مەن بۇ ئىككى بالىنى سېنىڭ يېنىڭدىن ئەكىلىپ ئۆزەم بېقىۋاتقاندىن بېرى سېنىڭ مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەن. الله بىلەن قەسەمكى مەن بۇ ئىشنى سەن بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىپ ياكى سېنى يامان ئويلاپ ۋە ياكى سېنى ياخشى، لايىقىدا قاريالمايدۇ دەپ قىلمىدىم. لېكىن سەن كۆپ ئاياللىق ئەر، بۇلار كىچىك، ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ. مەن بۇلارنىڭ سېنىڭ ئاياللىرىڭ ئالدىدا كىر پېتى يۈرۈپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سىغماي قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم ھەمدە ئۆزەمنى مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇلارغا قاراشقا ئەڭ لايىق دەپ قارىدىم. مانا بۇ ئىككىسى ھازىر چوڭ بولدى. ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدۇ. بۇلارنىڭ ئېلىپ كېتىپ يېنىڭدا تۇرغۇز.

تاغام ئابدۇررەھمان بىزنى ئېلىپ كەتتى.»

بۇ كىچىك بالا ھامىسى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ خۇشبۇيلىرى تارقىلىپ تۇرىدىغان ئۆيدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئۆي ئىگىسىنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ۋە يېتىلگەن، ئۇنىڭ تېشىپ تۇرغان مېھرىبانلىقىغا قانغۇدەك تويۇنغان.

ئۇنىڭ ۋاقتى ھامىسى بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيى ئارىلىقىدا قاتناپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ھامىسىنىڭ ئۆيىدىكى نۇرلىنىپ، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان ئاشۇ شېرىن ئەسلىمىلەر ئۆمۈر بويى قاسىمنىڭ خاتىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسلىمىلىرىدىن بەزىسىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى ھامىمام ئائىشە ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)غا:
- ئى ئانا! ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ بېرىڭ، ئىككى ھەمراھىنىڭكىنىمۇ ئېچىپ بېرىڭ، مەن كۆرمەكچى ئىدىم، - دېدىم.
ئۈچ قەبرە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، چوڭ پەردە تارتىپ قويۇلغان ئىدى. ماڭا ئېگىزمۇ، پەسمۇ ئەمەس ئۈچ قەبرىنى ئېچىپ بەردى. قەبرىلەر مەسجىد مەيدانىدىكى ئۇششاق قىزىل تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان ئىدى. مەن:
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى قايسى؟ - دېدىم. ئۇ قولى بىلەن كۆرسىتىپ:
- بۇ، - دېدى. ئاندىن چوڭ ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى - دە، مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئالدىراپ سۈرتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ئىككى ساھابىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئىدى. مەن:
- بۇۋام ئەبۇ بەكرىنىڭ قەبرىسى قايسى؟ - دېدىم، ئۇ:
- مانا بۇ، - دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى تەرەپكە دەپنە قىلىنغان ئىدى. مەن:
- بۇ ئۆمەرنىڭ قەبرىسىمۇ؟ - دېدىم. ئۇ:
- ھەئە، - دېدى. ئۆمەر ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ بېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىغا يېقىن بولۇپ، بۇۋامنىڭ بېلىنىڭ يېنىدا ئىدى.»

* * *

بۇ ياش ئوقۇغۇچى بولغاندا، قۇرئان كەرىمنى يادلىدى. ھامىمىسى ئائىشەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن الله بىلىشنى خالىغانلىرىنى ئۆگەندى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە يۈزلىنىپ، نۇرلۇق يۇلتۇزلار ئاسمان گۈمبىزىگە نۇر چاچقاندەك، پۈتۈن ئەتراپىقا ئىلىم مەرىپەت نۇرىنى تارقىتىۋاتقان بىلىم سورۇنلىرىغا قاتناشتى. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، ئابدۇللا ئىبنى جەئفەر، ئابدۇللا ئىبنى خەبباب، رافىئە ئىبنى خەدىج، ئۆمەرنىڭ ئازات قىلغان ئادىمى ئەسلەم ۋە باشقىلاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ، مۇجتەھىدلارنىڭ رەھبىرىگە، ئۆز زامانىسىدىكى سۈننەتكە ئەڭ ئالىم كىشىگە ئايلاندى. ئۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا سۈننەت (ھەدىس) نى ياخشى بىلمىگەن ئادەم - ئادەم ھېسابلانمايتتى. بۇ ياشقا مەرىپەت ئامىللىرى مۇكەممەللەشكەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىشتىياق بىلەن كېلىشكە باشلىدى. ئۇمۇ ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن بىلىم بېرەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە ھەر كۈنى ئەتىگىنى خىلاپلىق قىلماستىن ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ، مەسجىدتە ئىككى رەكئەت مەسجىد نامىزى ئوقۇيتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بىلەن مۇنبىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغچىدىكى ئۆمەرنىڭ كىچىك دەرىزىسى ئالدىدا ئولتۇراتتى. ھەر قايسى جايدىن بىلىم ئىزلەپ

كەلگەنلەر ئەتراپىغا يىغىلاتتى، چاڭقىغان دىللارنىڭ شىرىن- شەربەت بىلەن تولدۇرغۇچى ساپ- سۈزۈك مەرىپەت بۇلىغىدىن قانغۇدەك ئىچىۋېلىشاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ھامىسىنىڭ ئوغلى سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىككىسى مەدىنىنىڭ ئىشەنچلىك يول باشچىسىغا، ئىتائەت قىلىنىدىغان رەھبىرىگە، گېپى ئۆتىدىغان ئادەمگە ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق ھۆقۇق يوق ئىدى، پەقەت كىشىلەر ئۇلارنى ئۇلاردىكى تەقۋالىق ۋە پەرھىزكارلىق، بىلىم ۋە دىنى مەلۇمات، كىشىلەرنىڭ قولىدىكىگە كۆز قىرىنى سالماسلىق، الله نىڭ ھۇزۇرىدىكىگە قىزىقىشتەك ئېسىل ئەخلاق سەۋەبىدىنلا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تاپشۇرغان، يەنى رەھبەرگە ئايلاندۇرىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىرى ۋە ۋالىيلىرى مەدىنىدىكى ھەر قانداق مۇھىم بىرەر ئىشنى ئۇ ئىككىسىنىڭ پىكرىسىز بىر تەرەپ قىلمايتتى. بۇنىڭ مىسالىدىن بىرى:

ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى كېڭەيتىشنى ئىرادە قىلدى، لېكىن بۇ قىممەتلىك ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كونا مەسجىدىنى تۆتىلا تەرىپىدىن چېقىشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، مەسجىدكە قوشۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ كىشىلەرگە ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولۇپ، ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلالمايتتى. شۇڭلاشقا خەلىپە ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك مەدىنىدىكى ۋالىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە مۇنداق دەپ خەت يازدى:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى ئىككى يۈزدىن ئىككى يۈز گەزگە يەتكىچە كېڭەيتمەكچىمەن، ئەسلىدىكى مەسجىدنىڭ تۆت تېمىنى چاققىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىنى مەسجىد ئىچىگە كىرگۈز، ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى سېتىۋال. قولۇڭدىن كەلسە، قىبلە تەرەپكە كۆپرەك كېڭەيتكىن. سەن بۇنى خەتتاب جەمەتىدىكى تاغىلىرىڭنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى مەرتىۋىسى بىلەن قىلالايسەن. ئەگەر مەدىنىدىكىلەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسا، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ۋە سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنى ياردەمگە چاقىرىپ، ئىشنى ئۇچىڭلار بىرلىكتە ھەل قىلىڭلار، كىشىلەرگە ئۆيىنىڭ پۇلىنى سېخىيلىق بىلەن بېرىڭلار. بۇ ئىشتا سېنىڭ ئۈلگەڭ بار، ئۇلار ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان.»

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قاسىم ئىبنى مۇھەممەد بىلەن سالىم ئىبنى ئابدۇللا ۋە مەدىنىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى چاقىردى ۋە ئۇلارغا مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەردى. ئۇلار خەلىپىنىڭ ئىرادىسىدىن خۇرسەن بولدى ۋە ئىجرا قىلىشقا ئاتلاندى. كىشىلەر مەدىنىنىڭ كاتتا ئالىمى ۋە رەھبىرى قاسىم بىلەن سالىمنىڭ مەسجىدنى ئۆز قولى بىلەن چېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى بىردەك بۇلارغا ياردەملەشتى. مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ خەتتىكى بۇيرىقىنى ئىجرا قىلدى. شۇ ۋاقىتتىلا مۇسۇلمانلار قۇشۇنى ئارقا- ئارقىدىن زەپەر

قۇچۇپ، قۇستەنتىنىيە شەھرىگە تۇتىشىدىغان قەلئەلەرگە چىقىۋاتاتتى ھەمدە باتۇر ئەمىر مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانىڭ قوماندانلىقىدا بۇ يەرلەرنى بىر- بىلەپ ئېلىپ، قۇستەنتىنىيەنى ئازات قىلىشنىڭ يولىنى ئېچىۋاتاتتى. رۇمنىڭ پادىشاسى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىد شەرىفىنى كېڭەيتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ياساشقا ياردەم بەرمەكچى، ياردەم ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولدى- دە، ئۇنىڭغا يۈز مىڭ مىسقال ئالتۇن ئەۋەتتى. رۇمنىڭ ماھىر قۇرۇلۇشچىلىرىدىن يۈزنى يولغا سالدى. ئۇلارغا قىرىق تۆگە چاقچۇق تاش تەييارلاپ بەردى. ۋەلىد بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەسجىد قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۆمەر بۇنى قاسىم ۋە سالىملارنىڭ مەسلىھەتى بۇيىچە خىراجەت قىلدى. قاسىم ئىبنى مۇھەممەد بۇۋىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نى ھەر تەرەپتىن بەك تارتقان بولۇپ، ھەتتا كىشىلەر مۇنداق دېيىشەتتى:

- ئەبۇ بەكرىنىڭ باللىرى ئىچىدە، ئۇنىڭغا بۇ ياش ھەممىدىن بەك ئوخشايدۇ. ئۇ ئېسىل ئەخلاقلىق، يۇكسەك پەزىلەتلىك، مۇستەھكەم ئىمان، قاتتىق پەرىزكارلىق، كەڭ قورساقلىق ۋە سېخىلىقتا ئەبۇ بەكرىگە بەك ئوخشايتتى. بۇ توغرىسىدا يۇقارقىلارنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن گەپ- سۆزلەر ۋە ئىش- پائالىيەتلەر تارقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى:

بىر تاغلىق قاسىمنىڭ يېنىغا مەسجىدكە كېلىپ:

- سەن بەك ئالىممۇ ياكى سالىم ئىبنى ئابدۇللا بەك ئالىممۇ؟ - دېدى. ئۇنىڭ چاتىقى بولمىدى. تاغلىق يەنە سورىۋىدى، ئۇ:

- سۇبھانەللا، - دېدى. تاغلىق ئۈچىنچى قېتىم يەنە سورىۋىدى، ئۇ:

- ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، سالىم ئەنە ئاۋۇ يەردە ئولتۇرىدۇ، - دېدى. تاغلىق يەنە:

- سورۇندا كىم بار؟ - دېۋىدى:

- ئۇنىڭ دادىسى بەختىكە چۆمسۇن، - دەپ جاۋاپ بەردى. قاسىم ئۆزىنى ماختاپ: «مەن ئۇنىڭدىن ئالىم» دېيىشنىمۇ ياكى يالغان ئېيتىپ: «ئۇ مەندىن ئالىم» دېيىشنىمۇ خالىمىدى. ئەمەلىيەتتە قاسىم سالىمدىنمۇ ئالىم ئىدى.

ئۇ بىر قېتىم مىنادا ئىدى، ھەج قىلىشقا كەلگەن ھەر قايسى ئەل كىشىلىرى ئۇنى قورشىۋېلىپ، نۇرغۇن سۇئال سورىدى. ئۇلارغا بىلىدىغانلىرىغا جاۋاپ بېرىپ، بىلمەيدىغانلىرىغا: «بىلمەيمەن، ئۇقمايمەن، بىلمەيمەن» دېدى. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئەجەپلەندى. ئۇ كىشىلەرگە:

- بىز سىلەر سورىغانىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ كېتەلمەيمىز، بىلگەن بولساق جاۋاپ بېرەتتۇق، يۇشۇرۇش توغرا ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ بىلمەيدىغانىنى بىلىمەن دېگىنىدىن، الله نىڭ ھەققىنى ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن، نادان ياشىغىنى ياخشى، - دېدى.

بىر قېتىم ئۇنىڭغا سەدىقىلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش خىزمىتى تاپشۇرۇلدى. ئۇ

قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ھەر بىر كىشىگە ئۆز ھەققى نېسىۋىسىنى بەردى. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى تەقسىم قىلىنىپ بېرىلگەن نېسىۋىسىگە رازى بولماي، قاسىمنىڭ يېنىغا مەسجىدكە كەلدى. قاسىم ناماز ئوقۇۋاتاتتى. كەلگەن ئادەم سەدىقە توغرىلىق سۆزلىگىلى تۇردى. قاسىمنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا:

- الله بىلەن قەسەمكى، سەن سىلەرنىڭ سەدىقىلاردىن بىرتال ياكى بىرنىڭ نەچچىدە بىر دىرھەممۇ ۋە ياكى بىر تال خورمىمۇ تەگمىگەن ئادەمگە سۆزلەۋاتىسەن، - دېدى. قاسىم نامازنى قىسقا ئوقۇپ بولۇپ، ئوغلىغا قاراپ:

- ئوغلۇم! بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەڭ بىلمەيدىغان ئىش توغرىسىدا گەپ قىلما، - دېدى. كىشىلەر:

- قاسىمنىڭ ئوغلى راست گەپ قىلدى، لېكىن ئوغلى قاسىمنى تەربىيىلىمەكچى ھەم كۆپ گەپ قىلىشتىن توسماقچى بولدى، - دېدى.

قاسىم يەتمىش ئىككى ياشتىن ئاشقۇچە ئۆمۈر كۆردى، لېكىن ياشىنىپ قالغان، كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلى ھەج قىلماقچى بولۇپ، مەككىگە ماڭدى. يولدا كېتىۋاتقاندا ئەجەل يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ئەجىلىنىڭ توشقانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئوغلىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

- مەن ئۆلۈپ قالسام، مېنى ناماز ئوقۇغاندا كىيىدىغان كۆڭلىكىم، چاپىنىم، رىدايىم بىلەن كېپەنلەڭلار، چوڭ داداڭ ئەبۇ بەكرىنىڭ كېپەنلىكىمۇ شۇنداق بولغان. ئاندىن مېنى سەن يەرلىكىمدە قويۇپ، ئائىلەڭگە قايتقىن. قەبرەمدە تۇرۇشتىن ھەمدە «ئۇنداق ئادەم ئىدى، مۇنداق ئادەم ئىدى» دېيىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار، مەن ھېچقانداق ئادەم ئەمەس (ئادەتتىكى ئادەم).

## مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە
## (ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى)

«مەن مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفەدەك ئەلىنى بەك تارتقان ھەمدە ئۇنىڭدىن كۆپ ئۆگەنگەن كىشىنى بىلمەيمەن»

- ئىبنى جۇنەيد

مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە بىلەن قېرىندىشى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى- دە، مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە ھەسەنگە مۇنداق دەپ خەت ئەۋەتتى: « الله سېنى مەندىن ئۈستۈن قىلغان، سېنىڭ ئاناڭ فاتىمە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ قىزى، مېنىڭ ئانام ھەنىيفە جەمەتىدىكى بىر ئايال. سېنىڭ ئاناڭ تەرەپ

بۇۋاق ـ الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى. مېنىڭ ئانا تەرەپ بۇۋام ـ جەئفەر ئىبنى قەيس. مېنىڭ بۇ خېتىم يېتىپ بارسا، ھەممە ئىشتا مەندىن ئۈستۈن تۇرۇپ، كېلىپ مەن بىلەن كېلىشسەڭ».

مۇھەممەدنىڭ خېتى ھەسەنگە كېلىشى بىلەنلا، ھەسەن مۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ بېرىپ كېلىشتى. بۇ ئەخلاقلىق، ئەقىللىق، ناتىق مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە كىم؟ قېنى، بىز ئۇنىڭ ھاياتىنى بېشىدىن باشلاپ بايان قىلايلى:

* * *

بۇ ھېكايە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ باشلىنىدۇ.

بىر كۈنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى رەسۇلۇللا! سېنىڭدىن كېيىن بىرەر ئوغلۇم تۇغۇلسا، ئىسمىغا سېنىڭ ئىسمىڭنى قويۇپ، سېنىڭ تەخەللۇسۇڭ بىلەن ئاتىسام بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ، ـ دېدى رەسۇلۇللا. كۈنلەر ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۆتتۈۋەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا كەتتى، بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى، خۇشبۇي گۈلى، ھەسەن، ھۈسەيىننىڭ ئانىسى، تەقۋا، پاك ـ فاتىمە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتتى. ئەلى بەنى ھەنىيفەگە كۈيئوغۇل بولۇپ، جەئفەر ئىبنى قەيس ھەنەفىيەنىڭ قىزى ـ خەۋلە بىلەن توي قىلدى. خەۋلە ئەلىگە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئەلى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزنى بويىچە «مۇھەممەد» دەپ ئاتىدى. «ئەبۇل قاسىم» دەپ تەخەللۇس قويدى. لېكىن كىشىلەر مۇھەممەدنى ئىككى قېرىندىشى ھەسەن ۋە ھۈسەيىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە» دەپ چاقىردى. ئۇ كېيىن تارىختا شۇ نام بىلەن تونۇلدى.

مۇھەممەد ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇغۇلدى. دادىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى، شۇنىڭ قولىدا بىلىم ئالدى، ئۇنىڭدىن ئىبادەت ۋە تەقۋالىقنى قوبۇل قىلدى، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە شىجائەتنى مىراس ئالدى، پاساھەت ۋە بالاغەتنى ئۆگەندى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا جەڭنى قىزىتقۇچى، كىشىلەر يىغىلغان سورۇندا مۇنبەرنىڭ ئىگىسى، كېچە كىرىپ كۆزلەر ئۇيقۇغا كەتكەندە، كېچىدە ئىبادەت قىلغۇچىغا ئايلاندى. مۇھەممەدنى دادىسى ئۆزى قاتناشقان جەڭلەرگە بىللە قاتناشتۇراتتى، قېرىنداشلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىنگە تاپشۇرمىغان ۋەزىپىلەرنى ئۇنىڭغا يۈكلەيتتى. ئۇ ھەرگىز يېڭىلىپ، بوشىشىپ قالمىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلدى:

ـ داداڭ سېنى نېمىشقا خەتەرلىك ئىشلارغا قاتناشتۇرۇپ، قىيىن ئىشلارغا سالىدۇ؟ قېرىندىشىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى ئۇنداق قىلمايدۇ؟

ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئىككى قېرىندىشىم دادامنىڭ كۆزى ئورنىدا، مەن دادامنىڭ قولى ئورنىدا. ئۇ كۆزنى قولى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ.

*　　　*　　　*

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىلەن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان بىلەن بولغان سىففىين جېڭىدە، مۇھەممەد دادىسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئىدى. جەڭ ئەۋجىگە چىقىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئادەملەر يېقىلغىلى باشلىغاندا، مۇھەممەدكە بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ ئۆزى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«سىففىين جېڭىدە بىز مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش قىلدۇق. مەن ھەر ئىككىلى تەرەپتىن ئادەم قالمىدىمىكىن دەپ قاتتىق ئازاپلاندىم ھەمدە بۇ جەڭدىن بەك بىئارام بولدۇم. ئۇزاق ئۆتمەي ئارقامدىن بىر ئادەمنىڭ:

ـ ئى مۇسۇلمانلار! الله دىن قورقۇڭلار! ئى مۇسۇلمانلار!... ئاياللار، باللارنى كىم قوغدايدۇ؟ دىننى كىم قوغدايدۇ؟؟؟ دۈشمەنگە، رۇم ۋە دەيلەمگە كىم قارشى تۇرىدۇ؟؟؟... ئى مۇسۇلمانلار!!! الله دىن قورقۇڭلار! الله دىن... ئى مۇسۇلمانلار! مۇسۇلمانلارنى ساقلاپ قېلىڭلار!!! ـ دېگىنىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈندىن كېيىن مۇسۇلمانغا قارشى قىلىچ كۆتۈرمەسلىككە ۋەدە قىلدىم.»

كېيىن ئەلى گۇناھكار، ئاسىينىڭ (ئابدۇررەھمان ئىبنى مۇلجەم) قولى بىلەن شەھىد قىلىندى. ھۆكۈمرانلىق مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيانغا ئۆتتى. مۇھەممەد ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ تىنچ ھەل بولۇشىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەيئەت قىلدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بەيئىتىنىڭ سەمىمى ۋە ساپلىقىنى بىلىپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق خاتىرجەم بولدى ھەمدە بىر نەچچە قېتىم دەمەشىقكە زىيارەتكە تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەد دەمەشىقتە كۆپ قېتىم زىيارەتتە بولدى. بۇنىڭ ھەر خىل سەۋەپلىرى بار. بۇلاردىن بىرى، رۇمنىڭ پادىشاھى مۇئاۋىيەگە مۇنداق دەپ مەكتۇپ ئەۋەتتى: "بىزدە شاھلار ئۆز-ئارا خەت ئەۋەتىشىپ، ئۆزلىرىدىكى غەيرى نەرسىلەرنى كۆز-كۆز قىلىشىدۇ، پادىشاھلىقلىرىدىكى ئاجايىپ ئىشلار بىلەن بەسلىشىدۇ. سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىمۇ شۇنداق بولۇشىغا قوشۇلامسەن؟". مۇئاۋىيە جاۋاپ خەت يېزىپ، قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. رۇمنىڭ پادىشاھى غەلىتە ئادەملىرىدىن ئىككىنى ئەۋەتتى. بىرى- ھەددىدىن زىيادە ئېگىز ۋە ناھايىتى سېمىز، خۇددى ئورمانلىقتىكى قېرى، يوغان دەرەختەك ياكى مۇستەھكەم بىناغا ئوخشايتتى. ئىككىنچىسى- ناھايىتى كۈچلۈك، مۇستەھكەم. گويا يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايتتى. پادىشاھ بۇلار بىلەن بىرگە مۇنداق دەپ خەت ئەۋەتتى: "سېنىڭ پادىشاھلىقىڭدا ئېگىزلىك ۋە كۈچتە بۇ ئىككىسىگە تەڭ كېلىدىغان ئادەم بارمۇ؟". مۇئاۋىيە ئەمىر ئىبنى ئاسقا:

ـ ئېگىزگە تەك كېلىپ، ئېشىپ كېتىدىغان ئادەم تاپتىم. ئۇ قەيس ئىبنى سەئىد ئۇبادە. لېكىن كۆچلۈكنى تېپىشتا سىنىڭ پىكرىڭگە مۇھتاج بولدۇم، ـ دېدى. ئەمىر:

ـ بۇ ئىشقا لايىق ئىككى ئادەم بار، لېكىن ئىككىلىسى بىزدىن يىراق. ئۇلار مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە ۋە ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ، ـ دېدى.

ـ مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە بىزدىن يىراق ئەمەس.

ـ ئۇ ئۆز قەدرى، ئورنى ۋە ھۆرمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا رۇملۇق ئادەم بىلەن كۈچ سىنىشارمۇ؟

ـ ئۇ ئەگەر ئىسلامنىڭ شان شەرىپى بار دەپ قارىسا، بۇنى ھەتتا بۇنىڭدىن كۆپ ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ.

مۇئاۋىيە قەيس ئىبنى سەئىد بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفەنى چاقىردى. سورۇن ئۇيۇشتۇرۇلغاندا، سەئىد ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتىنىنى سېلىپ رۇملۇقنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، كىيىشكە بۇيرىدى. رۇملۇق كىيىۋىدى، ئىشتان رۇملۇقنىڭ مەيدىسىگىچە كەلدى. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر كۈلۈشتى. مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفەگە كەلسەك، ئۇ تەرجىمانغا:

ـ رۇملۇققا ئېيت. خالىسا ئولتۇرسۇن، مەن ئۆرە تۇراي. قولىنى ماڭا بەرسۇن، مەن ئۇنى تۇرغۇزىمەن. ياكى ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزسۇن، خالىسا ئۇ ئۆرە تۇرسۇن، مەن ئولتۇراي، ـ دېدى.

رۇملۇق ئولتۇرۇشنى تاللىدى. مۇھەممەد رۇملۇقنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغۇزدى. رۇملۇق مۇھەممەدنى ئولتۇرغۇزالمىدى. رۇملۇقنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، ئۆزى ئۆرە تۇرۇپ، مۇھەممەدنىڭ ئولتۇرۇشنى تاللىدى. مۇھەممەد رۇملۇقنىڭ قولىنى تارتىۋىدى، رۇملۇقنىڭ قولى چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى ۋە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ ئىككى رۇملۇق يېڭىلىپ، پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتتى.

كۈنلەر ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۆتتۇۋەردى. مۇئاۋىيە، ئوغلى يەزىد ۋە مەرۋان ئىبنى ھەكەملەر پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ئۇمەييەنىڭ ھوقۇقى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىندى. ھىجاز ۋە ئىراقلىقلار ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرگە بەيئەت قىلدى. ئۇلار ھەر بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە بەيئەت قىلىشقا چاقىراتتى. كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى خەلىفىلىككە ئەڭ لايىق دەيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى يەنە بىر قېتىم پارچىلاندى. ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفەدىن ھىجازلىقلارغا ئوخشاش ئۆزىگە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن مۇھەممەدكە بەيئەت مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بەيئەتنىڭ مەنىسى ـ بەيئەت قىلغان كىشىنى قوغداپ قىلىچ كۆتۈرۈش، قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئىدى. قارشى تۇرغۇچىلار باشقىسى ئەمەس مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار باشقىغا بەيئەت قىلغان. ئەقلى جايىدا بۇ ئادەم سىففىين كۈنىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. ئۇزاق يىللار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئاشۇ

ئارقىسىدىن نىدا قىلغان قايغۇلۇق، ۋەزمىن، ياڭراق ئاۋازنى ئۇچۇرىتىۋېتەلمىگەن ئىدى:

- ئى مۇسۇلمانلار! الله دىن قورقۇڭلار! ئاياللار، باللار كىمگە قالدى؟ دىننى كىم قوغدايدۇ؟ دۈشمەنگە كىم قارشى تۇرىدۇ؟ رۇم ۋە دەيلەمگە كىم قارشى تۇرىدۇ؟...

شۇنداق، ئۇنىڭدى ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتمىدى. ئۇ ئابدۇللاغا:

- سەن ياخشى بىلىسەن. مېنىڭ بۇ ئىشتا ھېچقانداق ئارزۇ ۋە تەلىۋىم يوق. مەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاددى بىر ئادەم. ئۇلار ساڭا ياكى ئابدۇلمەلىككە بەيئەت قىلىشقا بىرلىككە كەلسە، مەن مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن كىشىگە بەيئەت قىلىمەن. ئەمما ھازىر ساڭا بەيئەت قىلالمايمەن، ئۇنىڭغىمۇ بەيئەت قىلالمايمەن، - دېدى.

ئابدۇللا ئۇنىڭغا بەزىدە ياخشى مۇئامىلە قىلسا، بەزىدە يىرىك مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفەگە ئۇنىڭ قارىشىنى توغرا تاپقان نۇرغۇن ئادەم قوشۇلۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى قىلدى. ھەتتا فىتنىدىن يىراق تۇرۇشنى تاللىغان، يېنىپ تۇرغان ئوتنىڭ ئوتۇنى بولۇشقا ئۇنىمىغان ئادەم يەتتە مىڭغا يەتتى. مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئاشقانسېرى، ئابدۇللانىڭ ئاچچىغى كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىگە بەيئەت قىلىش تەلىۋىنى قاتتىق قويۇشقا باشلىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئۇ مىتىسزلەنگەن ۋاقىتتا، ئۇنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن مەككىدىكى ئۆزلىرىنىڭ جىلغىسىدا تۇرۇشقا بۇيرۇپ، نازارەتچىلەرنى قويدى. ئاندىن ئۇلارغا:

- الله بىلەن قەسەمكى ماڭا بەيئەت قىلىسەن، بولمىسا سىلەرنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن، - دېدى. ھەمدە ئۇلارنى ئۆيلىرىگە سولاپ، ئۆيى ئەتراپىغا ئوتۇن يىغىپ، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا تام بىلەن تەڭ ئوتۇن دۈۋىلىدى، ھەتتا بىر تال ئوتۇن كۆيسە، پۈتۈن ئۆي ئادەملەرنى كۆيدۈرىۋېتىدىغان يەرگە باردى. مۇشۇ ۋاقىتتا مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر بۆلۈك ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

- بىزگە يول قوي، بىز ئابدۇللانى ئۆلتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرايلى، - دېدى.

مۇھەممەد:

- بىز ئۆز قولىمىز بىلەن فىتنىنىڭ ئوتىنى ياقامدۇق؟ بىز شۇنىڭدىن قورقۇپ ئايرىلىپ چىققان تۇرساق، يەنە كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسى ۋە ساھابىسىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرەمدۇق؟ ياق، الله بىلەن قەسەم قىلىمەن، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمايمىز.

مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئابدۇللانىڭ جازالىشى بىلەن ئازاپ چېكىۋاتقانلىقى ئابدۇلمەلىككە بارغاندا، بۇنى ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفەگە ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق خەت ئەۋەتتى. ئابدۇلمەلىك ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىگە خەت يازغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق مېھرىلىك، شېرىن سۆزلۈك خەت يازمىغان بولاتتى. خەتتە

مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئابدۇللا ئىبنى زۇ بەيرنىڭ سېنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭنى قىيىن ئەھۋالغا قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. سىلە رەھىمنى ئۈزۈپتۇ، ھۇقۇقۇڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپتۇ. مانا بۇ شام دىيارى ئالدىڭدا ئۇچۇق تۇرۇپتۇ. سېنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بۇ يەردە ياخشى ئادەملەر ۋە ياخشى خوشنىلارغا ئېرىشىسەن. بىزنىڭ ھۇقۇقۇڭغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىمىزنى، پەزىلىتىڭنى قەدىرلەيدىغانلىقىمىزنى، كۆيۈنىدىغانلىقىمىزنى، ان شاالله، بىلىپ قالىسەن.»

مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە شام دىيارىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار «ئۇبۇللە» دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، شۇ يەرگە چۈشتى. «ئۇبۇللە»لىكلەر ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، ياخشى چىقىشىپ ئۆتتى. مۇھەممەدنىڭ ئىبادەتنى بەك قىلىدىغانلىقىنى، ھەقىقى تەقۋالىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ناھايىتى چوڭ بىلدى. مۇھەممەد ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا، ياخشى ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشقا قويمىدى. ئۇ ئىشلار ئابدۇلمەلىككە يېتىپ بارغاندا، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ئۇ يېقىنلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى، ئۇلار مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭ تەسىرىنى سەن بىلىسەن. ئۇنى تەۋەلىكىڭدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشىڭ توغرا ئەمەس. ئۇ ياكى ساڭا بەيئەت قىلسۇن ياكى كەلگەن يېرىگە كەتسۇن.

ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ مەكتۇپ ئەۋەتتى:

ـ سەن مېنىڭ دىيارىمغا كېلىپ بىر تەرەپكە چۈشتۈڭ. مەن بىلەن ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولۇۋاتىدۇ. سەن مۇسۇلمانلار ئىچىدە نام ـ ئابروي ۋە مەرتىۋىگە ئىگە ئادەم. مەن سېنىڭ مېنىڭ يېرىمدە ماڭا بەيئەت قىلىپ، ئاندىن تۇرۇشۇڭنى توغرا تاپتىم. ئەگەر سەن ماڭا بەيئەت قىلساڭ، ساڭا تۈنۈگۈن قۇلزۇمدىن كەلگەن يۈز كېمىنى بېرىمەن، ئۇنى مال ۋە ئادەملىرى بىلەن ئال. ساڭا يەنە ئۆزۈڭ، بالىلىرىڭ، تۇغقانلىرىڭ، خىزمەتكارلىرىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۈچ مىڭ دىرھەم قوشۇپ بېرىمەن. ئەگەر ئۇنىمساڭ، مېنىڭ ھۇقۇق دائىرەمدىن باشقا جايغا چىقىپ كەت.

مۇھەممەد ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت يازدى:

«ئەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدتىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا سالام! مەن يېگانە الله نى مەدھىيىلەيمەن. مەقسەت، سەن مېنىڭدىن ئەنسىرەۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. سېنى مېنىڭ بۇ ئىشتىكى مەيدانىمنى بىلىدۇ، دەپ قارايمەن. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئەتراپىمغا پۈتۈن مۇسۇلمانلار توپلانسا، بىرلا كەنت قالسا، مەن ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمايمەن، ئۇ كەنت بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمايمەن. مەككىدە تۇرغان ئىدىم، ئابدۇللا ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرماقچى بولدى، ئۇنىمىدىم، يامانلىق قىلدى، ئاندىن شام دىيارىغا كېلىشكە تەكلىپ

قىلىپ خەت يازدىڭ. مال باھاسى ئەرزان، ھۆقۇق مەركىزىدىن يىراق دەپ زېمىنىڭنىڭ چېتىدىكى يۇرتقا چۈشتۈم. ئەمدى يۇ قىرىقىدەك خەت يېزىپسەن. خۇدا خالىسا بىز سېنىڭ يېنىڭدىن كېتىمىز».

مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە ئائىلىسى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن شام دىيارىدىن ئايرىلدى. قايسى ئورۇنغا چۈشسە، تۇرغۇزۇلماي سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇلدى. خۇددى ئۆز زىننىڭ دەرت- ئەلەملىرى يەتمىگەندەك، الله ئۇنى تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ مۈشكۈل غەملەر بىلەن سىنىماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن قەلبىدە مەرەز بار كىشىلەر، قەلبى غاپىل، نادان يەنە بىر قىسىملار مۇنداق دېيىشكە باشلىدى:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدا بىلىم سىرلىرى، دىن ئاساسلىرى، شەرىيئەت غەزىنىلىرىدىن نۇرغۇنىنى قالدۇرغان. بۇ پەقەت ئەلىنىڭ ئائىلىسىدىلا بار، باشقىلاردا يوق.

ئەقىللىق، زېرەك بۇ ئالىم كىشى بۇ سۆزگە يۇشۇرۇنغان زالالەت، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان خەتەرنى تونۇپ يەتتى- دە، كىشىلەرنى يىغىپ ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلىدى. الله غا ھەمدۇ- سانا ئېيتىپ، پەيغەمبەرگە دۇرۇد يوللاپ بولۇپ، مۇنداق دېدى:

- بىر قىسىم كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن) بىزنىڭ ئائىلىدە باشقىلارغا ئاشكارىلىمىغان بىلىمنى قالدۇرغان، دەپتۇ. بىز الله بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئىككى مۇقاۋە ئوتتۇرىسىدىكى بىلىمدىن باشقا بىلىمنى مىراس قىلىپ ئالمىدۇق، - دەپ قۇرئاننى كۆرسەتتى- كىم بىزدە قۇرئاندىن باشقا بىر نەرسە بار دېسە، يالغان ئېيتقان بولىدۇ.

بەزى ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! الله توغرا يولغا باشلىغان كىشى، - دېدى. ئۇ:

- شۇنداق، مەن ياخشىلىق قىلىشقا ماڭغۇچى، الله خالىسا سىلەرمۇ شۇنىڭغا ماڭغۇچى. لېكىن كىم ماڭا سالام قىلسا، ئىسمىمنى ئاتاپ سالام قىلسۇن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى مۇھەممەد، دېسۇن - دېدى.

مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بولغان سەرسانلىقى بەك ئۇزىراپ كەتمىدى. الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەججاج يۇسۇف سەقەفى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيردىن ھۆقۇقنى تارتىۋالدى. كىشىلەر ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا بەيئەت قىلدى. مۇھەممەد ئابدۇلمەلىككە مۇنداق دەپ خەت يازدى:

« الله نىڭ بەندىسى، مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا ئەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەددىن: مەقسەت، مەن ھۆقۇنىڭ ساڭا مەركەزلەشكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ساڭا بەيئەت قىلغانلىقىنى كۆردۈم. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم. شۇڭا سېنىڭ ھىجازدىكى ئەمىرىڭگە بەيئەت قىلدىم. بەيئەت بىلەن بىرگە بۇ خەتنى ئەۋەتتىم. ئەسسالامۇ ئەلەيك!»

ئابدۇلمەلىك بۇرادەرلىرىگە خەتنى ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇلار:

- ئەگەر ئۇ ساڭا بەيئەت قىلماي بۆلۈنۈپ چىققان بولسا، شۇنداق قىلالايتتى. سەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايتتىڭ. ئۇنىڭغا ئۇ ياكى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرەر ئادەم ھېچقانداق خاپىلىق ۋە قىيىن ئەھۋالغا ئۇچرىمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە، ئەمىنلىك، الله ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كاپالىتى بىلەن خەت ئەۋەت، - دېدى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا خەت يازدى ھەمدە ھەججاجغا ئۇنى ھۆرمەتلەش، ھۇقۇقىغا رىئايە قىلىش، يۇقىرى ئىززەت- ئىكرام قىلىشقا بۇيرۇپ، خەت ئەۋەتتى. لېكىن مۇھەممەد شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ياشىمىدى، الله ئۇنىڭدىن رازى بولغان ۋە ئۇنى رازى قىلغان ھالدا يېنىغا ئېلىپ كەتتى.

الله مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفەنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلسۇن! جەننەتتە روھىنى نۇرلاندۇرسۇن! ئۇ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق بولۇشىنى، كىشىلەردىن ئۇستۇن تۇرۇشنى خالىمايدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

## مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن

« مەن مۇھەممەد ئىبنى سىيرىندەك چۈشىنىپ ئەمەل قىلىدىغان،
چۈشەنگىنىنى ئىجرا قىلىدىغان ئالىم، پەرزكارنى كۆرۈپ باقمىدىم.»
- مۇرىيقۇل ئىجلى

سىيرىننى ئەنەس ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇستا قازانچىلىق ھۈنىرى بار بولۇپ، كىرىمى ياخشى بولۇۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ ئىماننىڭ يېرىمىنى تولۇقلىماقچى بولدى. ئۇنىڭ نەزىرى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئەبۇ بەكرى سىددىق ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ سەفىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئايال خىزمەتچىسىگە چۈشتى. سەفىيە ياشلىق گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان خۇشچىراي، چېچەن، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە، ئۇنى بىلىدىغان بارلىق مەدىنە ئاياللىرى ياخشى كۆرىدىغان قىز ئىدى. ھۆسنى جامالى، قىياپىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئەقىل پاراستى ۋە خارەكتىرى پرىنسىپ جەھەتتە ئۆز زىننىڭ دوستلىرى ۋە تەڭتۇشلىرىدىن ھەرگىز قېلىشمايتتى. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى، بولۇپمۇ ئائىشە ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بەك ياخشى كۆرەتتى. سىيرىن مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭكىگە باردى ۋە ئۇنىڭدىن خىزمەتكارى - سەفىيەنى سورىدى. ئەبۇ بەكرى خۇددى مېھرىبان، كۆيۈمچان دادا ئۆز قىزىنى سورىغان كىشىنى سۈرۈشتە قىلغىنىغا ئوخشاش، سىيرىننىڭ دىنى ئەخلاقىنى جىددى سۈرۈشتە قىلدى. بۇنىڭ ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق. چۈنكى ئەبۇ بەكرى سەفىيەنى ئۆز قىزىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى. يەنە كېلىپ ئۇ الله ئەبۇ بەكرىگە تاپشۇرغان ئامانەت- تە! ئۇ كۆيئوغۇل بولغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى، تەرجىمھالىنى ئىنچىكە سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ

سورىغانلارنىڭ ئىچىدە ئەنەس ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)مۇ بار ئىدى. ئەنەس ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئۇنىڭغا سەفىيەنى ئۆيلەپ قويساڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە. ئۇنىڭ دىنى ئىنتىقادى ياخشى، ئەخلاقى كۆڭۈلدىكىدەك، مەردانىلىق ۋە ئادەمگەرچىلىكى تولۇق. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەينەت تەمرى (كۇفەنىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر، ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، خالىد ئۇ يەرنى ئىشغال قىلغان) جېڭىدە ئېلىنغان قىرىق بالا بىلەن مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تەقدىرىم بىرلەشكەن. سىيرىن ماڭا تەقسىم قىلىندى، ئۇ ئارقىلىق مېنىڭ تەلىيىم كەلگەن.

ئەبۇ بەكرى سىددىق ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) سىيرىننىڭ تەلۋىگە قوشۇلدى ھەمدە توينى كۈيۈمچان دادا ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ توينى ئۆتكۈزگەندەك ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى نىيەت قىلدى- دە، ئۇنىڭ توينى - مەدىنىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش قىزلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ئېرىشەلەيدىغان كاتتا توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. تويغا نۇرغۇن مۆتىۋەر ساھابىلەر قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ئون سەككىز ساھابىمۇ بار ئىدى. بۇ قىزغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھى يازغۇچىسى ئۇبەي ئىبنى كەئب دۇئا قىلدى. قاتناشقۇچىلار ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئامىن دېدى. قىزنى يۆتكەپ ماڭماقچى بولغاندا، ئۇنى مۇئمىنلارنىڭ ئانىسىدىن ئۇچى ياساپ، كېيىندۈرۈپ، خۇشپۇراق چاچتى. بۇ بەركەتلىك توينىڭ نەتىجىسىدە الله بۇ ئاتا - ئانىغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. بۇ ئوغۇل يىگىرمە يىلدىن كېيىن تابىئىنلارنىڭ مەشھۇر بايراقدارلىرىدىن بىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى كاتتا كىشىلەردىن بىرى - مۇھەممەد ئىبنى سىيرىنغا ئايلاندى.

قېنى، بىز بۇ ئۇلۇغ تابىئىننىڭ ھاياتىنىڭ ھېكايىسىنى باشتىن ئاڭلىمايمىزمۇ؟!...

* * *

سىيرىننىڭ ئوغلى - مۇھەممەد ئوسمانىنىڭ خەلىپىلىكى ئاخىرلىششتىن ئىككى يىل بۇرۇن تۇغۇلدى. ھەر بىر تۆۋرۈكلىرى تەقۋادارلىق ۋە پەرزكارلىق خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان ئۆيدە تەربىيىلەندى. بۇ ئەقىللىق، زېرەك بالا ئەقلىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى زەيد ئىبنى سابىت، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئىمران ئىبنى ھۇسەين، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق ھايات بار ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ پېشۋالىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، مۇھەممەد ئۇلارغا ئۇسسۇز تاتلىق سۇغا ئىنتىلگەندەك ئىنتىلدى. ئۇلاردىن الله نىڭ كىتاۋىنى ئۆگەندى، دىنى ھۆكۈملەرنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىسلەرنى تەلىم ئالدى. ئەقلىنى بىلىم ھېكمەتكە، ۋۇجۇدىنى دىيانەت ۋە ھىدايەتكە تولدۇردى، ئاندىن ئائىلىسى بۇ يىگىتنى ئېلىپ بەسرەگە بېرىپ، شۇ يەردە ئورۇنلاشتى.

بۇ ۋاقىتتا بەسرە ياش، يېڭى شەھەر بولۇپ، ئۆمەرۇل فەرۇقنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مۇسۇلمانلار لاھىيەلەپ قۇرۇپ چىققان. بۇ شەھەر شۇ دەۋردىكى ئىسلام مىللىتىنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق نامايەن قىلغان بولۇپ، ئۇ الله يولىدا غازات قىلىدىغان مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئەسكىرى پايتەختى، ئىراق ۋە پارىسلىقلاردىن الله نىڭ دىنىغا كىرگەنلەرنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش مەركىزى، دۇنيا ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلەيدىغان، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەتىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئىبادەت قىلىدىغان جانلىق ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقى كۆرۈنۈشى ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ھاياتلىق مۇساپىسىنى دەسلەپ - دەل ئىككىگە بۆلدى. بىر كۈنىنىڭ يېرىمىنى بىلىم ئېلىش ۋە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، يەنە بىر كۈنىنىڭ يېرىمىدە كەسىپ ۋە تىجارەت قىلاتتى. تاڭ يورۇپ، دۇنيا الله نىڭ نۇرى بىلەن يورۇسا، ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن بەسرە مەسجىدىدە ماڭاتتى. قۇياش كۆتۈرۈلگىچە شۇ يەردە تۇرۇپ، قۇياش كۆتۈرۈلگەندە مەسجىدتىن بازارغا بېرىپ، سودا - سېتىق قىلاتتى. كەچ كىرىپ دۇنيا قارا پەردىسىنى ياپقاندا، ئۆيدە جەينامازغا چىقاتتى. قۇرئان سۈرىلىرىنى ئوقۇپ باش ئېگەتتى. كۆز ۋە قەلب ياشلىرى بىلەن رەھمان تائالادىن قورقۇپ يىغلايتتى، ھەتتا قەلب تومۇرلىرىنى ئۈزۈۋەتكىدەك يىغلىرىنى ئاڭلىغان يېقىن خوشنىلىرى ۋە ئائىلىسى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇ كۈندۈزى سودا - سېتىق بىلەن بازاردا بولغاندىمۇ، كىشىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىش، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن توختاپ قالمايتتى. ئۇلارغا الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرەتتى، ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىپ قوياتتى. بەزىدە ئارىلاپ ئۆزىنىڭ سالاپىتى ۋە كىشىلەر نەزىرىدىكى ھۆرمىتىگە تەسىر يەتكۈزمەستىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان تاتلىق يۇمۇرلۇق سۆزلەرنى قىلىپ قوياتتى. الله ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە شۇنىڭغا خاس گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلغان، سۆزى قۇبۇل قىلىشقا ئېرىشىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشنى تەقدىم قىلغان، كىشىلەر بازاردا سودىغا غەرق بولۇپ، بىخۇدلاشقاندا ئۇنى كۆرسە ھەممىسى دىققىتىنى يىغىپ بۈيۈك الله نى ئەسلەپ، تەھلىل - تەكبىر ئېيتىشاتتى.

ئۇنىڭ ئەملى تۇرمۇشى كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى يېتەكچى ئىدى. تىجارەتتە ئىككى ئىشقا يولۇقسا، گەرچە ئۇ زىيان تارتىپ قالسىمۇ، دىندا بەكرەك پايدىلىقىنى تۇتاتتى. ئۇنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئىنچىكە چۈشىنىشى، ھالال - ھارامغا نىسبەتەن نەزىرىنىڭ ساغلاملىقى بەزىدە ئۇنى كىشىلەرگە يات بىلىنىدىغان ئىشلارغا ئېلىپ باراتتى. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، بىر كىشى ئۇنىڭغا ئىككى دىرھەم بەر دەپ تۇرىۋالدى، مۇھەممەد بەرگىلى ئۇنىمىدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا:

- مەندە يوق دەپ قەسەم قىلالامسەن؟ - دېدى. مۇھەممەد:

ـ بولىدۇ، ـ دەپ قەسەم قىلدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا:
ـ ئى ئەبۇ بەكرى! (ئۇنىڭ تەخەللۇسى) سەن تونۇغۇن سەندىن باشقا ھېچكىم گۇمانلانمىغان ئىشتا سەن گۇمانلىنىپ قىرىق دىرھەمنى تەرك ئەتكەن تۇرساڭ، ئەمدى ئىككى دىرھەم ئۈچۈن قەسەم قىلامسەن؟ ـ دېدى.
ـ ھەئە، قىلىمەن. مەن ئۆزۈم ھارامىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھارامنى يېگۈزۈشنى خالىمىدىم.

*　　*　　*

مۇھەممەدنىڭ سورۇنى ياخشىلىق، خەيرىيەت ۋە نەسىھەت سورۇنى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىرەرسىنىڭ يامان ئىشى تىلغا ئېلىنسا ئۇ دەرھال شۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلگەن ئەڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىاتتى. ئۇ بىرىنىڭ ھەججاجنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنى تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇنداق دېدى:
ـ توختا، قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ھەججاج پەرۋەردىگارىنىڭ يېنىغا كەتتى. سەن الله نىڭ ئالدىغا بارغاندا سېنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەڭ كىچىك گۇناھىڭ ئۇ يەردە ئۆزەڭگە ھەججاج ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ گۇناھتىنمۇ ئېغىرلىقىنى بىلىسەن. ئۇ ۋاقىتتا ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن قالىدۇ. قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇلۇغ الله ھەججاجدىن ئۇ زۇلۇم قىلغانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ھەججاجغا زۇلۇم قىلغانلاردىنمۇ ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان ئىشنى قىلما!
ئۇ تىجارەتكە چىقماقچى بولۇپ، خوشلىشىشقا كەلگەن ئادەمگە مۇنداق دېگەن:
ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! الله دىن قورقىن، تىجارەتنى ھالال يول بىلەن قىل. ئېسىڭدە بولسۇن، ئەگەر ھارام يول بىلەن پۇل تاپىمەن دېسەڭمۇ بەربىر ئەسلى تەقدىر قىلىنغاندىن كۆپكە ئېرىشەلمەيسەن.
مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ ئۇمەييە جەمەتى ھۆكۈمدارلارغا تۇتقان مەشھۇر پوزىتسىيەلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئۇلار ئالدىدا ھەقنى ئاشكارە سۆزلەيتتى. الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن نەسىھەت قىلاتتى. ئۆمەر ئىبنى ھۇبەيرە ئۇمەييە جەمەتىنىڭ يۇقىرى ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى ۋە ئىككى ئىراقتا تەيىنلەنگەن ۋالى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئىبنى سىرىننى زىيارەتكە چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بار ئىدى. ئۇ كەلگەندە، ئۆمەر ئىبنى ھۇبەير ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈپ يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭدىن دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن كۆپ سوراپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:
ـ يۇرتۇڭدىكىلەر قانداق قالدى؟ ئى ئەبۇ بەكرى! ـ دېدى.
ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدە زۇلۇم كۆپەيگەن، سېنىڭ ئۇلار بىلەن چاتىقىڭ يوق ھالدا قالدى، ـ دېدى

ئىبنى سىيرىن.

قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ مۇرىسىنى بېسىپ قويدى، مۇھەممەد ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇلار تونۇغرۇلۇق سەندىن سورىمىدى، مەندىن سورىدى. بۇ ـ گۇۋاھلىق. « كىمكى ئۇنى يۇشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ » (سۈرە بەقەرە 283ـ ئايەت)

سورۇن ئاياغلاشقاندا ئۆمەر ئىبنى ھۇبەيرە ئۇنى قارشى ئالغاندەكلا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۇزىتىپ قويدى، ئۇنىڭغا ئارقىدىن بىر ھەميان ئەۋەتتى. ئۇنىڭدا ئۈچ مىڭ دىنار بار ئىدى، ئۇ ئۇنى ئالمىدى. قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا :

ـ ئەمىرنىڭ سوۋغىسىنى نېمىشقا قوبۇل قىلمايسەن؟ ـ دېۋىدى، مۇھەممەد مۇنداق دېدى:

ـ ئۇ مېنى ياخشى دەپ ئويلاپ بۇنى بەرگەن. ئەگەر مەن ئۇ ئويلىغاندەك ياخشى بولسام، بۇنى قوبۇل قىلماسلىقىم كېرەك، ئەگەر مەن ئۇ ئويلىغاندەك ياخشى بولمىسام، ئۇنى تېخىمۇ قوبۇل قىلماسلىقىم كېرەك ـ دېدى.

الله مۇھەممەد ئىبنى سىيرىننىڭ سەمىمىيىتىنى ۋە سەۋرچانلىقىنى سىناماقچى بولۇپ، ئۇنى مۇئمىنلەر ئۇچرايدىغان سىناقتىن بىرى بىلەن سىنىدى، بۇ مۇنداق بولغان ئىدى:

ئۇ بىر قېتىم پۇلىنى كېيىن بېرىدىغانغا قىرىق مىڭ دىرھەملىك سۇ يېغى سېتىۋالدى. ماي تۇڭىدىن بىرىنىڭ ئېغىزىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭدىن سېسىپ كەتكەن ئۆلۈك چاشقان چىقتى. مۇھەممەد كۆڭلىدە: بۇ ياغ ئەسلى بىر ئورۇندا چىقىرىلغان، بۇ نىجاسەت مۇشۇ تۇڭغىلا چۇشمەستىن ئەسلىدىلا ھەممىنى بۇلغىغان. مەن بۇ ئەيىب سەۋەپلىك بۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسەم، بەلكىم باشقىلارغا سېتىشى مۇمكىن، دەپ قاراپ ياغنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتتى... بۇ ئىش ئۇنىڭ تىجارىتىدىن ئېغىر زىيان كۆرۈلۈشاتقان ۋاقىتتا يۈز بەردى. ئۇ قەرىزگە كىرىپ قالدى. ياغنىڭ ئىگىسى مالنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇ قايتۇرۇپ بېرەلمىدى. مال ئىگىسى ۋالىيغا ئەرز قىلدى. ۋالى ئۇنى قەرزىنى قايتۇرغانغا قەدەر سولاپ قويۇشقا بۇيرىدى. ئۇ زىندانغا سولۇنۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، گۇندىپاي ئۇنىڭ دىنى ئىشلىرىنى بىلىپ، قاتتىق تەقۋالىقىنى ۋە ئىبادەتكە بەك بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ :

ـ ئى ئۇستاز، كەچتە ئۆيۈڭگە بېرىپ ئائىلەڭ بىلەن يېتىپ ئەتىگىنى يېنىپ كەلگىن، قويۇپ بېرىلىپ بولغىچە شۇنداق قىل، ـ دېدى. مۇھەممەد:

ـ ياق، الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قىلمايمەن ...

ـ نېمىشقا؟ الله ساڭا ھىدايەت بەرسۇن ؟!...

ـ سېنىڭ رەھبىرىڭگە خىيانەت قىلىشىڭغا ياردەم بەرمەيمەن ...

ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئۆزىنى مۇھەممەد ئىبنى سىيرىننىڭ يۇيۇپ نامازىنى ئوقۇشىنى ۋەسىيەت قىلدى، ھالبۇكى مۇھەممەد زىنداندا ئىدى. ئەنەس جان ئۈزگەندە

كىشىلەر ۋالىينىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسى، خادىمى ئەنەسنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېيتتى ۋە ۋەسىيەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن مۇھەممەدكە ئىجازەت بېرىشنى سورىدى، ۋالى ئىجازەت بەردى. مۇھەممەد ئۇلارغا :

ـ قەرز ئىگىسىدىن رۇخسەت سورىمىساڭلار چىقمايمەن. مەن ئۇنىڭ مەندىكى ھەققى سەۋەبىدىن سولانغان، ـ دېدى. قەرز ئىگىسىمۇ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى . مۇھەممەد زىنداندىن چىقىپ ئەنەسنى يۇيۇپ، كېپىنلەپ نامىزىنى چۈشۈردى. ئاندىن چىققان پېتى زىندانغا قايتىپ كەلدى، ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيىگىمۇ بارمىدى...

* * *

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن يەتمىش يەتتىگە كىرگۈچە ياشىدى. ئەجەل كەلگەندە ئۇنىڭ دۇنيادىكى يۈكى ئاز... ئاخىرەتكە تەييارلىق ئۇزۇقى كۆپ ئىدى...

راشىدنىڭ قىزى ھەفسە ناھايىتى تەقۋا ئاياللاردىن بولۇپ، ئۇ سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەرۋانىل مەھمەلى بىزنىڭ خوشنىمىز بولۇپ، قاتتىق ئىبادەت قىلىدىغان، الله غا بەك ئىتائەتمەن كىشى ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا بىز ئۇنىڭغا قاتتىق قايغۇردۇق، مەن ئۇنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇللا! الله ساڭا نېمە قىلدى؟

ـ جەننەتكە كىرگۈزدى.

ـ ئاندىن كېيىن نېمە ئىش بولدى؟

ـ ياخشى كىشىلەر قاتارىغا كۆتۈرۈلدۈم.

ـ ئۇ يەردە كىمنى كۆردۈڭ؟

ـ ھەسەنۇل بەسەرى ۋە مۇھەممەد ئىبنى سىيرىننى كۆردۈم،ـ دېدى.

## مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدى

(ئۆز دەۋرىدىكى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى، بەسرەنىڭ ئۈلگىسى، ئالىملارنىڭ زىننىتى)

«ھۇقۇقدارلارنىڭمۇ ئۇقۇرمەنلىرى بار، بايلارنىڭمۇ ئوقۇرمەنلىرى بار،

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە رەھمان تائالانىڭ ئوقۇرمەنلىرىدىن».

ـ مالىك ئىبنى دىينار

بىز ھازىر مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە... بۇ ئىسلامنىڭ يالىڭاچ قىلىچلىرىدىن بىرى، خۇراساننىڭ ۋالىسى- يەزىد ئىبنى مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇخرە شەھدلىك ئىزدىگۈچى، ساۋاپقا قىزىققۇچىلاردىن تەركىب تاپقان خالىس

قاتناشقۇچىلاردىن باشقا يۈز مىڭ ئەسكىرى بار قوشۇن بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ جۇرجىستان، تەبەرىستانلارنى ئازات قىلىشنى ئىرادە قىلغان. خالىس جەڭگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە دىنى ئالىملارنىڭ زىننىتى دەپ ئاتالغان، بەسرەنىڭ ئابىدى دەپ تونۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى، ئۇلۇغ ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ شاگىرتى، ھۆرمەتلىك تابىئىن ـ بەسرەلىك مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدىمۇ بار ئىدى.

يەزىد ئىبنى مۇھەللەب قوشۇنى بىلەن «دەھىستان»غا چۈشتى. بۇ يەردە تۈركلەردىن بىر مىللەت ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار كۈچلۈك، جەڭ قىلىشقا ماھىر، مۇداپىيەسى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقاتتى. چارچىغان ياكى دۈشمەن تەرەپ كۈچلۈك كەلگەندە، تاغ جىلغىلىرىدىكى قەلئەلىرىگە بېكىنىۋالاتتى، مۇستەھكەم قورغانلىرىغا كىرىپ، ئېگىز چوققىلىرى بىلەن پاناھلىناتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدى گەرچە ياشانغان، كۈچىدىن قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ جەڭدە يۇقىرى ئورنى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇنىڭ چىرايىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئىمان نۇرى بىلەن روھلىناتتى، شېرىن تاتلىق تىلىدىن تارقالغان نەسىھەتلىرىنىڭ ھارارىتى بىلەن جانلىناتتى، قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدىكى ئىجابەت بولىدىغان دۇئالىرى بىلەن كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولاتتى. مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئەنىڭ ئىشلىرىدىن بىرى، قوشۇننىڭ قوماندانلىرى جەڭگە تەييارلىنىشقا چاقىرسا، ئۇ:

ـ ئى الله نىڭ چەۋەندازلىرى، ئاتلىنىڭلار! ـ ئى الله نىڭ چەۋەندازلىرى، ئاتلىنىڭلار! ــ دەپ توۋلايتتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇنىڭ نىداسىنى ئاڭلاپلا، خۇددى قۇترىغان يولۋاسقا ئوخشاش، دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا ئاتلىناتتى. جەڭ مەيدانىغا گويا تومۇزدا چاڭقاپ كەتكەن ئادەم بۇلاق سۈيىگە ئۆزىنى ئۇرغاندەك كىرەتتى. ئاشۇ شىددەتلىك، رەھىمسىز جەڭلەرنىڭ بىرىدە، دۈشمەن سېپىدىن بىر چەۋەنداز مەيدانغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن كۈچلۈك، ئۇنىڭدىن جاسارەتلىك، ئۇنىڭدىن ئىرادىلىك بىرەرسىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ مۇسۇلمانلاردىن مەيدانغا چۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، سەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئورۇنلىرىدىن ئارقىغا ياندى، ئۇلارنى قورقۇنچ، ۋەھىمە باستى. ھېلىقى چەۋەنداز تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، رەقىب تەلەپ قىلىپ توۋلاشقا باشلىدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا پەقەت مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە جەڭگە چۈشمەكچى بولدى. بۇنى كۆرۈپ مۇسۇلمانلار چەۋەندازلىرىنىڭ غۇرۇرى جانلاندى. ئۇلاردىن بىرى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ جەڭگە چىقماسلىقىنى، ئۆزىگە رۇخسەت بېرىشنى سورىدى. ئۇستاز ئۇنىڭ قەسىمىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا الله نىڭ قوللىشىنى ۋە غەلىبە ئاتا قىلىشىنى تىلەپ، دۇئا قىلدى. ھەر ئىككى چەۋەنداز رەقىپلىرىگە شىددەت بىلەن ئېتىلدى، كۈچلۈك ئىككى يولۋاسقا ئوخشاش ئېلىشىپ كەتتى. ھەر بىر ئورۇندىكى جەڭچىنىڭ كۆزى شۇلارغا باغلانغان ئىدى. بىر سائەت توختىماي ئېلىشتى، ھەر

ئىككىلىسى خېلى چارچىدى. ئاندىن ئىككىلىسى تەڭلا بىر- بىرىنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. تۈركنىڭ قىلىچى مۇسۇلمان چەۋەندازنىڭ دۇبۇلغىسىغا تېگىپ، پېتىپ قالدى. مۇسۇلماننىڭ قىلىچى رەقىبىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ، بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، بېشى ئىككى بۆلەك بولۇپ كەتتى. غالىپ مۇسۇلمان چەۋەنداز مۇسۇلمانلار سېپىگە مىسلىسىز مەنزىرە ئىچىدە قايتىپ كەلدى. قولىدا قان ئېقىۋاتقان قىلىچ، دۇبۇلغىسىدا قۇياش نۇرىدا يالتىراۋاتقان، پېتىپ قالغان قىلىچ... مۇسۇلمانلار ئۇنى «لا اله الا الله والله اكبر» ، «ئەلھەمدۇلىللا»... سادالىرى ئىچىدە قارشى ئالدى. يەزىد ئىبنى مۇھەللەب ئىككى قىلىچنىڭ يالتىرىشىغا، بۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىكى قۇرال ۋە دۇبۇلغىسىغا قارىدى- دە:

- چەۋەندازنىڭ ئاتىسىغا الله رەھمەت قىلسۇن! بۇ كىم؟ - دېدى. ئۇنىڭغا:

- مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدىنىڭ دۇئاسى بەركەت ئاتا قىلغان كىشى، - دېيىلدى. پارىس چەۋەنداز يېڭىلغاندىن كېيىن كۈچ سىلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، خۇددى ئوت قۇرۇق ئوت- چۆپكە تۇتاشقاندەك، مۇشرىكلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئالاقزادىلىك ۋە قورقۇنچ باستى. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئۈستۈنلۈك ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى لاۋۇلدىدى- دە، الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلدى.ئۇلارنى كېشەن گەدەننى سىققاندەك مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاشلىق ۋە سۇنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى سۈلھىدىن ئۆزگە يول تاپالمىدى- دە، يەزىدنىڭ قېشىغا سۈلھى تىلەپ ئادەم ئەۋەتىپ، قولىدىكى بارلىق يۇرتلارنى ھەممە نەرسىسى بىلەن ئۆز مېلى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئامانلىقى بەدىلىگە تاپشۇرماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. يەزىد سۈلھىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا يەتتە يۈزمىڭ دىرھەمنى ۋاقتىدا بۆلۈپ تاپشۇرۇشنى، تۆت يۈزمىڭنى ھازىر نەق تاپشۇرۇشنى، زەئپەران يۈكلەنگەن تۆت يۈز ئۇلاق تەقدىم قىلىشنى، ھەر بىرىنىڭ قولىدا كۈمۈش جام، بېشىدا قۇشۇندىكىلەرنىڭ ئاياللىرى كېيىنىش ئۈچۈن يىپەك لىچەك، ئۈستىدە مەخمەل تون ۋە يىپەك يېپىنچا بار تۆت يۈز ئەر ئەۋەتىشنى شەرت قىلدى. جەڭ بېسىققاندا يەزىد غەزىنىدارغا:

- غەنىمەتلەرنى ھېساپلاپ چىقىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ھەققىنى تارقىتىپ بېرەيلى، - دېدى. غەزىنىدار ئادەملىرى بىلەن بىرگە ئورۇنۇپ بېقىپ، ھېساپلاپ بولۇشتىن ئاجىز كەلدى. غەنىمەتلەر ئەسكەرلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ قوللۇق بىلەن تارقىتىپ بېرىلدى. مۇسۇلمانلار غەنىمەتلەر ئارىسىدىن ساپ ئالتۇندىن ياسالغان، گۆھەر، مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن، ئېسىل نەقىشلەر ئويۇلغان بىر تاج تېپىۋالدى. كىشىلەرنىڭ بويۇنلىرى سوزۇلۇپ، كۆزلىرى ئۇنىڭ ئېسىللىكىگە باغلىنىپ قالدى. يەزىد تاجنى قولىغا ئېلىپ، كۆرەلمىگەنلەر ئۇنى كۆرسۇن ئۈچۈن ئۇنى كۆتۈردى، ئاندىن دېدى:

- مۇشۇ تاجنى بەرسە ئالمايدىغان بىرەرسى بار دەپ قارامسىلەر؟

- الله ئەمىرنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتسۇن، بۇنى كىممۇ ئالمىسۇن؟

- سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە بۇنى، ھەتتا مۇ شۇنداق يەر يۈزى توشقىدەك ئالتۇننىمۇ ئالمايدىغان ئادەمنى كۆرىسىلەر، - دەپ، پارچىچىگە قاراپ دېدى:

- مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئەنى تېپىپ ئەكەلگىن.

پارچىچى ئۇنى ئىزدەپ كەتتى، ئۇنى كىشىلەردىن يىراق بىر ئورۇندا ناماز ئوقۇۋاتقان، الله غا دۇئا قىلىۋاتقان، يالۋۇرۇۋاتقان، الله دىن مەغفىرەت تىلەۋاتقان ھالدا تاپتى- دە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەمىر سىزنى چاقىرىپ، بىر كېلىپ كەتسە، دەيدۇ، - دېدى. مۇھەممەد ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى. ئەمىرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئەمىرگە سالام بېرىپ يېنىدا ئولتۇردى. ئەمىر ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق سالام قايتۇردى. ئاندىن تاجنى قولىغا ئېلىپ دېدى:

- ئى ئابدۇللانىڭ دادىسى! مۇسۇلمانلار قوشۇنى بۇ قىممەتلىك تاجنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. مەن بۇنى ساڭا لايىق تېپىپ، سېنىڭ نېسىۋەڭ قاتارىدا ساڭا بەرمەكچىمەن. ئەسكەرلەرمۇ قوشۇلدى.

- ئى ئەمىر! بۇنى مېنىڭ نېسىۋەم قىلدىڭمۇ؟

- ھەئە، سېنىڭ نېسىۋەڭ.

- ماڭا ئۇنىڭ كېرىكى يوق. ھەممىڭلارغا الله چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلسۇن!

- الله بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئالغىن.

ئەمىر قەسەم قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە تاجنى ئالدى، ئاندىن ئىزنى سوراپ كەتتى. ئۇستازنى تونىمىغان بەزى كىشىلەر:

- بۇ ئادەم تاجنى ياخشى كۆرۈپ ئېلىپ كەتتى، - دېدى. يەزىد خىزمەتچىلىرىدىن بىرىنى ئۇستازغا يوشۇرۇن ئەگىشىشكە، تاجنى قانداق قىلىدىغانلىقىغا قاراشقا، خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. خىزمەتكار ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى.

مۇھەممەد تاجنى قولىدا تۇتقىنىچە يولغا راۋان بولدى. يولدا ئۇنىڭغا چاچلىرى توپا- چاڭ، كۆرۈنۈشى مۇساپىرغا ئوخشاشىدىغان بىر ئادەم ئۇچراپ، مۇھەممەددىن:

- الله نىڭ مېلى بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. مۇھەممەد ئالدى- كەينىگە قاراپ، بىرەرسىنىڭ كۆرمىگەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، تاجنى ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن خۇددى ئۇستىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك خۇشال- خۇرام يۈرۈپ كەتتى. خىزمەتكار ھېلىقى كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئەمىرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، بولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردى. ئەمىر ھېلىقى كىشىگە تاجنىڭ ئورنىغا باراۋەر يەتكىدەك مال بېرىپ رازى قىلىپ، تاجنى ئېلىپ قالدى، ئاندىن ئەسكەرلەرگە قاراپ:

- مەن سىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە مۇشۇ تاج ۋە ئۇنىڭ نەچچە ئوخشىشىنى ئالمايدىغان تەقۋا ئادەم بار دېمىگەنمىدىم، - دېدى.

* * *

مۇھەممەد ھەج ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانغا قەدەر، يەزىد ئىبنى مۇھەللەبنىڭ بايرىغى ئاستىدا مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلدى. ھەجگە ئازلا ۋاقىت قالغاندا، ئۇ يەزىدنىڭ يېنىغا كىرىپ، خالىسانە ھەجنى ئادا قىلىشقا ئىجازەت سورىدى. يەزىد ئۇنىڭغا:

ـ ئىجازەت ئۆز قولۇڭدا، ئى ئابدۇللانىڭ دادىسى! خالىغان ۋاقتىڭدا ماڭ، ھەجگە ئىشلىتىشىڭ ئۈچۈن مال بۇيرۇپ بەردۇق.

ـ ئى ئەمىر! ھەر بىر ئەسكىرىڭگە مۇشۇنداق مال بۇيرۇپ بەردىڭمۇ؟

ـ ياق...

ـ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىدىن ئالاھىدە بولۇپ، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ـ دېدى ئۇ، ئاندىن يەزىد ئىبنى مۇھەللەب بىلەن خوشلىشىپ، مېڭىپ كەتتى.

مۇھەممەدنىڭ سەپىرى ئۇنىڭ سۆھبىتى بىلەن بەختلىك بولۇۋاتقان مۇسۇلمانلار قۇشۇنىغا ئېغىر كەلگەندەك، يەزىد ئىبنى مۇھەللەبكىمۇ ئېغىر كەلدى. غالىپ قۇشۇننىڭ ئۇنىڭ بەركىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا ھەممەيلەن ھەسرەتلەندى.ھەجنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلدى. ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانلىرى بەسرەنىڭ ئابىدى ـ مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدىنىڭ ئۆز قوشۇنىدا بولۇشىغا قاتتىق قىزىقاتتى. ئۇلار مۇھەممەدنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بولغانلىقىدىن ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال تۇتاتتى. ئۇنىڭ ياخشى دۇئاسى، چەكسىز تەقۋالىقىنىڭ بەركىتىدىن ئۇلۇغ الله نىڭ ئۆزلىرىگە زور غەلىبە ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

* * *

ھىجرىيىنىڭ 87 ـ يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ پەخرى، غالىپ قوماندان ـ قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئۆزىنىڭ زور قوشۇنى بىلەن مەرۋە شەھرىدىن بۇخارا رايونىغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ ماۋرائۇننەھىر دىيارىنىڭ قالغان جايلىرىنى ئازات قىلىش، جۇڭگو ئەتراپىدا غازات قىلىش، شۇ يەردىكىلەرگە تولەم قويۇشنى ئىرادە قىلغان ئىدى. لېكىن قۇتەيبە سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتمەيلا، بۇخارالىقلار ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، ھەر قايسى تەرەپتىن جەڭ دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ چىقتى. ئەتراپتىكى، سوغدى، تۈرك، خىتاي ۋە باشقا مىللەتلەردىن ياردەم سوراشقا باشلىدى. ھەر خىل رەڭ، ئىرق، تىل ۋە ئېتىقاتتىكى جەڭچىلەر قوشۇنى تېزلىكتە بۇخارالىقلارغا قوشۇلدى. دۈشمەنلەر قوشۇنى سان جەھەتتىن مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى، ئاندىن تېزلىك بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يوللىرىنى ئېتىپ، بارلىق چېگرا يوللىرىنى تاقىدى. قۇتەيبە مۇسلىم ھەتتا دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كېلىش ئۈچۈن، دۈشمەنلەر ئىچىگە كىچىك بىر قوشۇننىمۇ كىرگۈزەلمىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ جاسۇسلىرىدىن بىرىمۇ ئۇنى ئىجرا قىلالمىدى. قۇتەيبەنىڭ قوشۇنى «بىيكەند» شەھرىگە يېقىن جايدا يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي تۇرۇپ قالدى. دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنى قوياش كۆتۈرۈلۈشى

بىلەن جەڭگە چىقىپ، كەچكىچە كۈچ سىنىشىپ، كەچ كىرگەندە مۇستەھكەم قۇرغانلىرىغا بېكىنىۋالاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئىككى ئاي داۋاملاشتى. قۇتەيبە ئۆز ئىشىدىن قاتتىق ھەيران ئىدى، ئۇ چېكىنىش ۋە ئىلگىرىلەشنى بىلمەيۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇتەيبە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ خەۋىرى ھەرقايىسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پۈتۈن كىشىلەر يېڭىلىپ باقمىغان زور قوشۇنغا، مەغلۇپ بولمىغان كاتتا قوماندانغا قاتتىق بىئارام بولدى. ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ۋالىلارغا ماۋرائۇننەھىر دىيارىدا كۈتۈپ ياتقان مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ھەر نامىزىنىڭ ئارقىسىدا دۇئا قىلىشقا كۆرسەتمە كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلىرى ئۇلارغا قىلىنغان دۇئا بىلەن تولدى. ئەزانخانلاردىن الله غا بولغان ئىلتىجا ۋە يالۋۇرۇش سادالىرى ياڭرىدى، ئىماملار ھەر بىر نامازدا قۇنۇد ئوقۇشقا ئادەتلەندى. بۇ كۈچلۈك قوشۇنغا ياردەم بېرىش ئۇ چۈن نۇرغۇن ئادەم جەڭگە ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدى ئۇلۇغ تابىئىن مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدى بار ئىدى. قۇتەيبەنىڭ دۈشمەنلەر ئىچىدە تەجرىبىسى مول، بىلىملىك، چېچەن بىر جاسۇسى بولۇپ، «تەيزەر» دەپ ئاتىلاتتى. دۈشمەنلەر ئۇنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردى. ئۇنىڭدىن ئەقىل- پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، چېكىنىشكە ئۈندەشنى تەلەپ قىلدى. تەيزەر قۇتەيبەنىڭ قېشىغا كىردى. سورۇن مەشھۇر قوماندانلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى بىلەن تولغان ئىدى. تەيزەر قۇتەيبەنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

- ئى ئەمىر! خالىساڭ بۇلار چىقىپ كەتسە، - دېدى. قۇتەيبە سورۇندىكىلەرگە چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. زىرار ئىبنى ھۇسەيندىن باشقا ھەممەيلەن چىقىپ كەتتى. ئۇنى قۇتەيبە ئېلىپ قالدى. تەيزەر قۇتەيبەگە قارىدى ۋە دېدى:

- ئى ئەمىر! مەندە مۇھىم خەۋەر بار.

قۇتەيبە ھەسرەت بىلەن دېدى:

- قېنى، دە!

- مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى دەمەشقتىكى ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفىنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ ئېلىپ تاشلاپتۇ، سەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. قوشۇنغا يېڭى قوماندانلارنى بەلگىلەپتۇ، ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە كېلىدۇ. مېنىڭ پىكرىم، سەن قوشۇنۇڭ بىلەن بۇ دىياردىن قايتىپ مەرۋەگە بېرىپ، جەڭ مەيدانلىرىدىن يىراق ھالدا ئۆز ئىشىڭنىڭ ئامالىنى قىل.

تەيزەر سۆزىنى تۈگىتىشىگىلا، قۇتەيبە خىزمەتكارى سىياھنى چاقىردى. ئۇ كەلگەندە:

- سىياھ! بۇ خائىننىڭ بېشىنى چاپ! - دېدى. سىياھ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئەمدى قۇتەيبە زىيار ئىبنى ھۇسەيىنگە قاراپ مۇنداق دېدى:

- يەر يۈزىدە سەن ۋە مەندىن باشقا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەم يوق. بۈيۈك ئۇلۇغ الله

بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇرۇش تۈگەشتىن بۇرۇن بۇ ئىش بىرەر ئادەمدىن ئاشكارە بولۇپ قالسا، سېنى بۇ خائىنغا قوشىمەن. ئەگەر جان لازىم بولسا، تىلىڭنى يىغ. بىلەمسەن، ئەگەر بۇ گەپ تارقىلىپ كەتسە، ئەسكەرلەرنىڭ كۈچى ئاجىزلايدۇ، بىزگە مەغلۇبىيەت ئالدىنى قىلىدۇ.

ئاندىن كىشىلەرگە ئىجازەت بەردى، ئۇلار كىردى. ئۇلار تەيزەرنىڭ يەردە يېقىلىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەندە، گاڭگىراپ، قورقۇپ تۇرۇپ قالدى، قۇتەيبە ئۇلارغا:

- بۇ خائىن، ئالدامچىنىڭ ئۆلۈمىگە نېمە دەپ چۆچۈيسىلەر؟ بىز ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ دەپ قارايتتۇق. ياق، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئالدىدى، الله شۇ تۈپەيلى ئۇنى جازالىدى.

ئاندىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

- ھازىر جەڭ مەيدانلىرىڭلارغا قايتىڭلار! ئۇنى كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، - دېدى. قوشۇن قوماندانى قۇتەيبە بىلەن ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن، چېگرىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزگەندە، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىنى، قورقۇنچلۇق دەرىجىدە تەييارلىقىنىڭ تولۇق ۋە مۇستەھكەملىكىنى كۆردى. قۇتەيبە ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزدى-دە، سەپلەرنى ئايلىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرۈپ، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇشقا باشلىدى. ئاندىن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ، دېدى:

- مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە ئەزدى قېنى؟

- ئۇ ئاۋۇ يەردە، ئوڭ تەرەپ قوشۇندا، ئى ئەمىر!

- نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

- نەيزىسىگە يۆلىنىپ، كۆزىنى يۇغان ئېچىپ، بارمىقىنى ئاسمان تەرەپكە مىدىرلىتىۋاتىدۇ. ئەمىر! چاقىرايلىمۇ؟

- ياق، ئۇنى شۇ پېتى قويۇڭلار.

ئاندىن ئارقىدىنلا مۇنداق دېدى:

- الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاشۇ بارماق ماڭا مىڭ ياش يىگىت كۆتۈرگەن مىڭ ئۆتكۈر قىلىچتىن سۆيۈملۈك، ئۇنى قويۇپ قويۇڭلار، دۇئا قىلسۇن. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنىلا بىلىمىز.

مۇسۇلمانلار قوشنى بىلەن دۈشمەن قوشۇنى بىر-بىرىگە خۇددى ئوۋغا ئېتىلغان يولۋاسقا ئوخشاش ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ بۇرانلىق كۈندىكى شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاش گىرەلىشىپ] كەتتى. الله مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىپ، ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن كۈچلەندۈردى. ئۇلار پۈتۈن كۈن توختىماي، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلدى. كەچ كىرگەندە الله مۇشرىكلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، قەلبىگە قورقۇنچ تاشلىدى. مۇسۇلمانلارغا ئۇچىسىنى تۇتۇپ بەردى. مۇجاھىدلار ئۆلتۈرۈپ، قوغلاپ، ئەسىر ئېلىپ

ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا مىندى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇلار قۇتەيبەدىن سۈلھى ۋە مال تۆلەپ، ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشلىرىنى تەلەپ قىلدى. قۇتەيبە ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزدى. ئەسىر ئېلىنغان دۈشمەنلەر قاتارىدا، پەس، يامانلىقى چېكىدىن ئاشقان، ئۆز قەۋمىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتۈشتە تەسىرى چوڭ بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ قۇتەيبەگە:

- ئى ئەمىر! مەن مال تۆلەپ، ئۆزەمنى قۇتۇلدۇرىۋالاي، - دېدى.

- قانچىلىك تۆلەيسەن؟

- بەش مىڭ جۇڭگو يىپەك پۇلىسى، ئىككى مىڭ دىرھەم.

قۇتەيبە ئەسكەرلەرنىڭ يۈزلۈكلىرىگە قاراپ:

- قانداق قارايسىلەر؟ - دېدى.

- بىزنىڭ قارىشىمىز، بۇ مال مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتىدۇ. يەنە كېلىپ بىز بۇ زور غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ يامانلىقىدىن قورقمىساقمۇ بولىدۇ.

قۇتەيبە مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئەغا قارىدى ۋە دېدى:

- ئى ئابدۇللانىڭ ئاتىسى! سەن نېمە دەيسەن؟

- ئى ئەمىر! مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىدىن غەنىمەت توپلاش، مال دۇنيا يىغىش ئۈچۈن چىقمىغان، الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، يەر يۈزىگە الله نىڭ دىنىنى تارقىتىپ، الله نىڭ دۈشمەنلىرىنى باستۇرۇپ چىققان. الله ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، - دېدى مۇھەممەد. قۇتەيبە:

- الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان ئاياللارنى بوزەك قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانىڭ مېلىنى بەرسىمۇ تىرىك قويمايمەن، - دەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئەنىڭ مۇناسىۋىتى بەنى ئۇمەييە ئەمىرلىرىدىن يەزىد ئىبنى مۇھەللەب ۋە قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەنلا توختاپ قالمىدى. بەلكى بۇلاردىن باشقا ۋالىي ۋە ئەمىرلەرگىچە يېتىپ باردى. مۇناسىۋىتى قۇيۇقلاردىن بەسرەنىڭ ۋالىيسى - بىلال ئىبنى ئەبۇ بۇردە ئىدى. مۇھەممەدنىڭ بۇ ۋالىي بىلەن ناھايىتى مەشھۇر تەسىرى بار بىر ۋەقەلىكى بار. مۇھەممەد بىر كۈنى ۋالىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا قۇپال، ئۇزۇن يۇڭ چاپان بار ئىدى. ۋالىي بىلال ئۇنىڭغا:

- ئابدۇللانىڭ دادىسى! نېمىشقا بۇ كىيىمنى كەيدىڭ؟ - دېدى. ئۇستاز جاۋاپ بەرمەي باشقا ئىشى بىلەن بولدى، بىلال ئۇنىڭغا قاراپ:

- ئابدۇللانىڭ دادىسى! نېمىشقا سۆزۈمگە جاۋاپ بەرمەيسەن؟ - دەپ سورىدى.

- ئۆزەمنى پاكلاپ، تەقۋالىقتىن دېيىشنى خالىمايمەن. پەرۋەردىگارىمنى شىكايەت قىلىپ، كەمبەغەللىكتىن دېيىشنى تېخىمۇ خالىمايمەن. مېنىڭ ھېچقايسىسىنى دېگۈم يوق.

- ئى ئابدۇللانىڭ دادىسى! بىز قىلىپ بېرىدىغان بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟

- مېنىڭ ئۆزەمنىڭ بەندىلەردىن سورايدىغان ھاجىتىم يوق. لېكىن سېنىڭ يېنىڭغا بىر مۇسۇلمان بۇرادەرنىڭ ھاجىتى بىلەن كەلدىم. الله ھۆكۈم قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلسا، ئۇنىڭ ئىشىدا ھۆكۈم چىقارغىن، ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر قىلمىسا، ھۆكۈم قىلمىغىن. سەۋەبىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ.

- الله نىڭ رۇخسىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىمىز. - دېدى ۋالى، ئاندىن مۇھەممەدكە قاراپ مۇنداق دېدى:

- قازا ۋە قەدەر (تەقدىر) توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟

- ئى ئەمىر! الله قىيامەت كۈنى بەندىلىرىنىڭ تەقدىرى توغرىلىق سورىمايدۇ، قىلغان ئەمەللىرى توغرىلىق سورايدۇ.

ۋالى مۇھەممەدتىن خىجىل بولۇپ، جىمىپ كەتتى. مۇھەممەد ۋالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋاتقاندا، تاماق ۋاقتى بولدى. ۋالى ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەد ئۇنىمىدى. ۋالى چىڭ تۇرىۋىدى، مۇھەممەد ھەر خىل سەۋەپلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ۋالى ئاچچىقلىنىپ:

- سەن بىزنىڭ تائاملىرىمىزدىن يەپ سىلىشنى خالىمايۋاتىسەنغۇ؟ - دېدى.

- ئى ئەمىر! ئۇنداق دېمە. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ ياخشىڭلار بىزگە بىزنىڭ بالىلىرىمىزدىن، ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىمىزدىنمۇ سۆيۈملۈك.

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئە بىر قانچە قېتىم قازىلىق مەنسىۋىگە تەكلىپ قىلىندى. مۇھەممەد ئۇنى قەتئىي رەت قىلدى ۋە بۇ سەۋەپلىك ئۆزىنى بالاغا تىققىلى تاس قالدى. بەسرەنىڭ ساقچى باشلىقى- مۇھەممەد ئىبنى مۇنزىر ئۇنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

- ئىراقنىڭ ئەمىرى مەندىن سېنى چاقىرىپ، قازى قىلىپ تەيىنلىشىمنى تەلەپ قىپتۇ.

- مېنى كەچۈرگىن، الله سېنىمۇ كەچۈرگەي!

ساقچى باشلىقى قايتا ئۈچ قېتىم تەكىتلىدى، مۇھەممەد ئۇنىماي چىڭ تۇرىۋالدى. ساقچى باشلىقى:

- الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى قازى قىلىپ تەيىنلەيمەن ياكى ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇپ رەسۋايىڭنى چىقىرىمەن.

- قىلىمەن دېسەڭ قىلالايسەن. دۇنيادا ئازاپلىنىش ئاخىرەتتە ئازاپلىنىشتىن ياخشى.

ساقچى باشلىقى مۇھەممەدتىن خىجىل بولۇپ، ئۇنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويدى.

* * *

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئەنىڭ بەسرە مەسجىدىدىكى سۆزى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، بىلىم - ھېكمەت، ۋەز نەسىھەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۆزۈلمەس بۇلىقى ئىدى. تارىخ ۋە تەرجىمىھال كىتاپلىرى ئۇنىڭ مۇشۇنداق سورۇنلىرىنىڭ ۋەقەلىرى بىلەن تولغان. بۇلاردىن بىرى: سورۇندىكى

بىر ئادەم مۇھەممەدكە:
- ئى ئابدۇللانىڭ دادىسى! ماڭا نەسىھەت قىلغىن، - دېدى.
- سېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھى بولۇشۇڭغا نەسىھەت قىلىمەن.
سۇئال سورىغۇچى:
- بۇ قانداق مۇمكىن بولىسۇن؟ - دېدى ھەيران قېلىپ.
- بۇ باقاسى يوق دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىگە بېرىلمە. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن بىھاجەت بولساڭ، دۇنيانىڭ پادىشاھى بولىسەن. الله نىڭ دەرگاھىدا ساۋاپقا ئېرىشسەڭ، ئاخىرەتنىڭ پادىشاھى بولىسەن.
ئۇنىڭغا يەنە بىرەيلەن مۇنداق دېدى:
- ئى ئابدۇللانىڭ دادىسى! مەن سېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن.
- الله ئۆزى ئۇ چۈن سەن ياخشى كۆرگەن كىشىگە سېنىمۇ ياخشى كۆرسەتسۇن، - دېدى مۇھەممەد، ئاندىن - ئى الله ! سەن مېنى ياخشى كۆرمەي تۇرۇپ، سەن ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن، - دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
ئۇ ھەر ۋاقىت كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەقۋالىقى ۋە باتۇرلۇقىنى ماختاپ، مەدھىيىلىگىنىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارغا:
- ئەگەر گۇناھىنىڭ پۇرايدىغان پۇرىقى بولسا، مېنىڭ گۇناھىمنىڭ پۇرىقىدىن قورقۇپ، ماڭا ھېچكىم يېقىنلىشالمايتتى، - دەيتتى.
مۇھەممەد شاگىرتلىرىنى داۋاملىق ئۇلۇغ الله نىڭ كىتاۋىغا تولۇق ئەمەل قىلىشقا، شۇنىڭ قوينىدا ياشاشقا قىزىقتۇراتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:
- قۇرئان مۇئمىننىڭ بوستانلىقى، قەيەرگە چۈشسە باغچا بار.
شۇنىڭدەك ئۇلارغا تاماقنى ئاز يېيىشنى تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دەيتتى:
- تامىقى ئاز ئادەم سەگەك، چۈشىنەلەيدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ. تەقۋالىشىدۇ، يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. تاماقنى كۆپ يېيىش قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

* * *

مۇھەممەد تەقۋالىق ۋە پەرھىزكارلىقتا ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەن. بۇ توغرىدا نۇرغۇن خەۋەرلەر بار. بۇلاردىن بىرى: مۇھەممەد بازاردا ئىشىگىنى ساتماقچى بولدى، بىر ئادەم ئۇنىڭدىن:
- ئۇستاز! ئىشىگىڭنى مەن ئالسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:
- مەن ئىشىگىمدىن رازى بولغان بولسام ساتمايتتىم، - دېدى.
مۇھەممەد پۈتۈن ھاياتىدا گۇناھلىرىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىغا ئۇ چراشتىن ئەنسىرەپ ياشىدى. ئۇنىڭدىن: قانداق قوپۇپسەن؟ دەپ سورالسا، ئۇ:

- ئەجىلىم يېقىنلاپ، ئۇمىدىم يىراقلاپ، يامان ئەمىلىم كۆپىيىپ قويۇپتىمەن. - دەپ جاۋاپ بېرەتتى. ئىشلىرىدىن بىرەرىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى كۆرسە، ئۇ:
- ھەر كۈنى ئاخىرەتكە قەدەم بېسىپ مېڭىۋاتقان ئادەمگە قانداق قارايسىلەر؟ - دەيتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى كېسىلىدە يوقلاپ كەلگۈچىلەر كۆپىيىپ، ئۆيى كىرىپ چىققۇچىلار، ئولتۇرغان ۋە ئۆرە تۇرغانلار بىلەن توشۇپ كەتتى. مۇھەممەد ئۆرۈلۈپ يېنىدىكى يېقىن ئادىمىگە قاراپ:
- دەپ باقە، قىيامەتتە قىيىن كۈنگە قالغاندا بۇلار ماڭا قانچىلىك ياردەم قىلار؟ دەۋزەخكە سېلىنسام بۇلار ماڭا قانچىلىك نەپ يەتكۈزەر؟ - دېدى، ئاندىن پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى:
- ئى الله ! مەن تۇرغان ھەر بىر يامان ئورۇن، ئولتۇرغان ھەر بىر يامان جاي، كىرگەن ھەر بىر يامان ئىشىك، چىققان ھەر بىر يامان ئىشىك، قىلغان ھەر بىر يامان ئەمەل، دېگەن ھەر بىر يامان سۆز... ئى الله ! مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمەن. ماڭا مەغفىرەت ئاتا قىلغىن. قاتتىق تەۋبە قىلىمەن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. ھېساپ ئېلىشتىن بۇرۇن ساڭا سالام يوللايمەن.
ئاندىن ئۇنىڭ مۇبارەك روھى چىقىپ كەتتى.

## نەجاشى

«نەجاشى ۋاپات بولغاندا، بىز ئۇنىڭ قەبرىسىدە
نۇر كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن دېيىشەتتۇق».
- مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى- ئائىشە

بىزنىڭ بۇ مەشھۇر كىشىمىز تابىئىنلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنسا تابىئىن، ساھابىلەر قاتارىدا ھېساپلانسا - ساھابىدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت ئەۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ خەت ئەۋەتكەن. ئۇ ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمگە ئۇنداق ناماز ئوقۇمىغان تۇرۇپ، ئۇنىڭغا غائىپ نامىزى ئوقۇغان. بۇ كىش نەجاشى دەپ مەشھۇر بولغان- ئەسھەمە ئىبنى ئەبجەر. قېنى كېلىڭلار، بۇ بەختلىك منۇتلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولغان بۇ يىگانە رەھبەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزەيلى.

* * *

ئەسھەمەنىڭ دادىسى ھەبەشلەرنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسھەمەدىن باشقا بالىسى يوق ئىدى. ھەبەشلەرنىڭ كاتتىلىرى ئۆز- ئارا مۇنداق دېيىشتى:
- بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ مۇشۇ بالىدىن باشقا بالىسى يوق. بۇ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى

ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەگەر پادىشاھ ۋەيران بولسا، پادىشاھلىقنى ۋەيران قىلىدۇ، بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىزمۇ ياخشى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قېرىندىشىنى پادىشاھ قىلغىنىمىز ھەقىقەتەن ياخشى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار. ئۇلار ئۇنىڭغا ھاياتىدا ياردەم بېرىدۇ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋارىسلىق قىلىدۇ.

شەيتان ئۇلارنى توختىماي مۇشۇنداق ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئۇلارنى ھازىرقى پادىشاھنىڭ كېيىنلىكىدىن قورقۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا قېرىندىشىنى ئولتۇرغۇزدى. ئەسھەمە تاغىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئەقىل- پاراسىتى ئاجايىپ ئۆتكۈر، پۇختا، ئۆزگىچە خارەكتېرى غۇنچىلىرى بىلەن پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلاپ، تاغىسىنىڭ قىزىقىشى، قەدىرلىشى ۋە ئۆز بالىلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈشىگە ئېرىشتى. شەيتان ھەبەشلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى يەنە بىر قېتىم ۋەسۋەسىگە سالدى. ئۇلار ئۆز- ئارا:

- بىز پادىشاھلىقنىڭ بۇ ياشقا قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىمىز. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ بىزدىن قاتتىق قىساس ئالىدۇ. دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭ جازاسىغا بىز ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ، - دېيىشتى، ئاندىن پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

- ئى پادىشاھ! سەن ئەسھەمەنى ئۆلتۈرىۋەتمىسەڭ ياكى ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمىسەڭ، بىز خاتىرجەم بولالمايمىز. ئۇ چوڭ بولسا بىز ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىزدىن قىساس ئېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز.

پادىشاھ ئۇلارغا:

- سىلەر نېمە دېگەن رەزىل ئادەملەر! تۈنۈگۈن ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈردۈڭلار، بۈگۈن مەندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، - دېدى.

- ئۇنداق بولسا ئۆزىمىز ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىمىز.

پادىشاھ ئامالسىز ئۇلارنىڭ دېگىنىگە بويسۇندى. ئەسھەمە قوغلىنىپ بىر كۈن بولا- بولماي، كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇيۇقنى قارا تۇمان بېسىپ، ئاسماننى گۈلدۈرماما ۋە چاقماق قاپلاپ كەتتى. شۇ چاقماقلاردىن بىرى- ئەسھەمەدىن ئايرىلغىنىغا قايغۇرۇۋاتقان پادىشاھقا چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يىقىتتى. ھەبەشلەر پادىشاھنىڭ بالىلىرىدىن بىرىنى پادىشاھ قىلماقچى بولدى. لېكىن ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىقنى كۆرەلمىدى. ھەبەشلەرگە قاتتىق قىيىنچىلىق كەلدى، ئۇلارنىڭ بېشى تازا قاتتى. ھەبەشلەرگە خوشنا بەزى ئەللەرنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇرتىنى بېسىۋالماقچى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ باش قېتىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى- دە، ئۇلار ئۆز- ئارا مۇنداق دېيىشتى:

- الله بىلەن قەسەمكى، بىز قوغلاپ چىقارغان ئاشۇ ياشتىن باشقا ھېچكىم بىزنىڭ ئىلمىزنى ئوڭشاپ، پادىشاھلىقىمىزنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالىمىز

دەيدىكەنمىز، ئۇنى تېپىپ قايتۇرۇپ كېلەيلى.

ئۇلار ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭ بېشىغا تاج كەيدۈرۈپ ئىتائەت قىلدى ھەمدە نەجاشى دەپ ئاتىدى. ئۇ ئەل- يۇرتنى پاراسەت ۋە ھېكمەت بىلەن باشقۇردى. خەلق بىئاراملىق ۋە قالايمىقانچىلىقتىن قۇتۇلدى. ھەبەشلەر زۇلمەت ۋە ناھەقچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئادالەت ۋە خەيرىيەتكە ئېرىشتى. نەجاشى تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى (ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.كىشىلەر بىر- بىرلەپ ئىسلامغا ئەگىشىشكە باشلىدى. قۇرەيشلەر ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ زىيان سالدى. ئازاپ ھەسسىلەپ ئاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

- ھەبەشلەرنىڭ زېمىنى ھەبەشىستاندا بىر پادىشاھ بار، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ يېنىغا بېرىپ الله سىلەرگە كەڭچىلىك ئاتا قىلغان، تارچىلىقتىن چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر، شۇنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، - دېدى.

ئاۋالقى مۇھاجىرلار سېپى ھەبەشىستان زېمىنىغا يېتىپ باردى. ئۇلار 80 ئەر- ئايال بولۇپ، تۇنجى قېتىم خاتىرجەملىك ۋە ئەمىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىدى. ھېچقانداق نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن، تەقۋالىق، ئىبادەت ۋە ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ ھۇزۇرلاندى. لېكىن قۇرەيشلەر بۇ 80 نەپەر مۇسۇلماننىڭ ھەبەشىستانغا ماڭغانلىقىنى ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپلا، ئۇلارنى يۇقۇتۇش ياكى مەككىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، سۇيىقەست پىلانلاشقا باشلىدى. قۇرەيشلەر نەجاشىنىڭ يېنىغا پاراسەتلىك، تەدبىرلىك قەبىلە باشلىقىدىن ئىككىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئەمىر ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ رەبىئە ئىدى. قۇرەيشلەر ئۇ ئىككىسىدىن نەجاشىغا نۇرغۇن سوغات ئەۋەتتى. ئۇلار ھەبەشىستانغا كەلگەندە، ئالدىراپ- تىنەپ نەجاشىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تېگىشلىك سوغات بەردى ۋە مۇنداق دېدى:

- بىزنىڭ ئېچىمىزدىكى ئەقىلسىزلەردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارغا كەپتۇ. ئۇلار ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن يانغان، قەۋمىنىڭ بىرلىكىنى بۇزغان. پادىشاھقا ئۇلار توغرىلىق گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئۇلاردىن دىن توغرىلىق گەپ سورىماستىن بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆرسەتمە بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۇلاردىن ئوبدان بىلىدۇ.

ئەمىر ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ رەبىئەلەر نەجاشىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قەۋمى قىلغاندەك ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. نەجاشى بىلەن ئەمىر ئىبنى ئاس ئوتتۇرىسىدا كونا دوستلۇق بولغاچقا، نەجاشى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئاندىن بۇ ئىككىسى مەككىدىكى ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ سالىمى بىلەن سوغاتلارنى تەقدىم قىلدى. ئەبۇ سۇفيان قەۋمىنىڭ باشلىقى ئىدى. نەجاشى سوغىلارنى قىزىقىپ، ئۇنى ياقتۇردى، ئاندىن ئىككىسى

ئۆنىڭغا:

- ئى پادىشاھ! سېنىڭ مەملىكىتىڭگە بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇلار دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن، سېنىڭ دىنىڭغىمۇ كىرمىدى. بىزمۇ بىلمەيدىغان، سىلەرمۇ بىلمەيدىغان بىر دىننى بارلىققا كەلتۈردى. قەۋمىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى سېنىڭ قىلغان بۆلۈنۈش توغرىسىدىكى ئىشلىرىڭنى ئۇبدان بىلىدۇ.

نەجاشى ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى، ئۇلار:

- پادىشاھ! بۇ ئىككىسى توغرا دەيدۇ. بىز ئۇلار يېڭىدىن پەيدا قىلغان دىنىدىن خەۋەر تېپىپ باقمىدۇق. ئۇلارنىڭ قەۋمى ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىزدىن ياخشى چۈشىنىدۇ ھەمدە ئۇلار پەيدا قىلغان دىننى ھەم ياخشى بىلىدۇ.

نەجاشى مۇنداق دېدى:

- ياق! الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ئاڭلاپ، ئەقىدىسىدىن خەۋەر تاپماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ھېچكىمگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ خاتا بولسا، ئۇلارنى قەۋمىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. ئەگەر توغرا بولسا، مەن ئۇلارنى ھىمايەمگە ئالىمەن. مېنىڭ يۇرتۇمدا تۇرغاندا ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن- ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى- مەن الله نىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئۇ مېنى ئۆز ۋەتىنىمگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى، سۈيقەستچىلەرنىڭ سۈيقەستىدىن ساقلىدى، ئاسىيلارنىڭ ئاسىيلىقىدىن قوغدىدى.

نەجاشى ساھابىلەرنى ھۇزۇرىدا قەۋمى بىلەن ئۇچرىشىشقا چاقىردى. ساھابىلەر بۇنىڭدىن ئەنسىرىدى ۋە ئۆز- ئارا:

- ئەگەر دىنىمىز توغرىلىق سوراپ قالسا نېمە دەيمىز؟ - دېيىشتى. ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى:

- ئۇلۇغ الله كىتاۋىدا نېمە دېگەن بولسا شۇنى دەيمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن نېمە ئېلىپ كەلگەن بولسا شۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. - دېدى.

ئۇلار نەجاشىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇلار ئۇ يەردە ئەمىر ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ رابىئە ھەمدە نەجاشىنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار باش كىيىملىرىنى كەيگەن، ئالدىلىرىغا كىتاپلىرىنى يايغان ئىدى. ساھابىلەر نەجاشىغا ئىسلامى سالام قىلدى ۋە سورۇننىڭ ئاخىرىدا ئولتۇردى. ئەمىر ئىبنى ئاس ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

- سىلەر نېمە دەپ پادىشاھقا سەجدە قىلمايسىلەر؟

- بىز الله دىن باشقىغا سەجدە قىلمايمىز.

نەجاشى ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزىدىن ئەجەپلىنىپ، بېشىنى مىدىرلاتتى ۋە ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى:

- سىلەر دىنىڭدىن ئۆزەڭلار ئۇچۇن پەيدا قىلغان، شۇ سەۋەپلىك قەۋمىڭلارنىڭ دىنىدىن يۈز

ئۆرىگەن، مېنىڭ دىنىمغىمۇ كىرمىگەن ئىشلار قانداق گەپ؟

جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئىجازەت سوراپ مۇنداق دېدى:

- ئى پادىشاھ! بىز ئۆزىمىز ئۆچۈن دىن پەيدا قىلىۋالمىدۇق. ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا (ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن) بىزگە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ يېنىدىن ھىدايەت ۋە ھەق دىننى ئېلىپ كەلدى، بىزنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، نۇرغا ئېلىپ چىقتى. بىز جاھىلىيەتتە بۇتقا چوقۇنىدىغان، سىلە رەھىم قىلمايدىغان، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋانلارنى يەيدىغان، چوڭ گۇناھلارنى قىلىدىغان، خوشنىغا يامانلىق قىلىدىغان، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىدىغان كىشىلەر ئىدۇق. بىزگە الله ئۆز ئىچىمىزدىن پەيغەمبەر ئەۋەتكەنگە قەدەر شۇ ھالدا تۇردۇق. بىز ئۇ پەيغەمبەرنىڭ نەسەبىنى بىلىمىز، راستچىل، ۋاپادار، پاك ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمىز. ئۇ بىزنى الله غا ئىشىنىشكە چاقىردى، الله غا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنى بىر دەپ ئېتىقات قىلىشقا بۇيرىدى. ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، روزا تۇتۇشقا، بىز ئىبادەت قىلىۋاتقان تاش ۋە بۇتلارنى تاشلاشقا بۇيرىدى. شۇنىڭدەك يەنە بىزنى راست سۆزلەشكە، ئامانەتنى ئادا قىلىشقا، سىلە-رەھىم قىلىشقا، خوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا، ھارامدىن ساقلىنىشقا، قان تۆكمەسلىككە بۇيرىدى. گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن، يالغان سۆزلەشتىن، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن توستى. بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاپ ئىشەندۇق، ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلىرىغا ئەگەشتۇق. شېرىكسىز بىر الله غا ئىبادەت قىلدۇق. ھارام قىلغان ئىشلاردىن ياندۇق، ھالال دېگەن ئىشلارنى قىلدۇق. قەۋمىمىز بىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ، قىينىدى. ئۇلار بىزنى دىنىمىزدىن قايتۇرۇپ، ھېساپ ئالغۇچى ۋە جازا- مۇكاپات بەرگۈچى بىر الله غا ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇتقا ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئازاپلىدى. بىزنى ئازاپلاپ، زۇلۇم سېلىپ قىينىغان، دىنىمىزغا ئەمەل قىلغىلى قويمىغان ۋاقىتتا، سىنىڭ ھىمايەڭگە ئۆتتۇشكە، سىنىڭ دىيارىڭدا تۇرۇشقا قىزىقتۇق ھەمدە سىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن بىلىپ تاللىدۇق. سىنىڭ يېنىڭدا ناھەقچىلىققا ئۇچرىماسلىقنى ئۈمىت قىلدۇق.

نەجاشى جەئفەردىن:

- سەندە پەيغەمبىرىڭلار پەرۋەردىگارىڭ يېنىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىشلار بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- بار.

- ماڭا ئوقۇپ بەرگىن.

جەئفەر ئۇنىڭغا سۈرە مەريەمنىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇپ بەردى: (ئۇلارغا) قۇرئاندا مەريەم (قىسسىسىنى) بايان قىلغىن، ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى(16) ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بىجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى(17)

مەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك اللەغا سىغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)»(18) جىبرىئىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن»(19) مەريەم ئېيتتى: «ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟»(20) جىبرىئىل ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر، ئۇنى (كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر»(21) مەريەم ھامىلدار بولدى، (ئائىلىسىدىن) يىراق بىر جايغا كەتتى(22) تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!»(23) جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى»(سۈرە مەريەم 16ـ 24 ئايەتكىچە)

نەجاشى يىغلاپ، ھەتتا ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. يېنىدىكى ئېپىسكوپ، پوپلارمۇ تىلاۋەت قىلىنغان ئايەتلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ ئالدىدىكى كىتاپلارنى ھۆل قىلىۋەتتى. نەجاشى:

ـ بىزگە تىلاۋەت قىلىنغان بۇ ئايەتلەر ۋە ئىيسا ئېلىپ كەلگەن سۆزلەر ئىككىلىسى بىر نۇردىن بارلىققا كەلگەن، ـ دېدى، ئاندىن ئىككىسىگە:

ـ الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇلارنى مەڭگۈ سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمەيمەن. ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەرمەيمەن، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى. باشقىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سورۇن ئاياغلاشتى.

ئەمر ئىبنى ئاس ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ قايتىپ چىقتى ۋە ھەمراھىغا:

ـ الله بىلەن قەسەمكى، ئەتە نەجاشى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ھېلىقىلارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىپ، تۈگەشتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىمەن، ـ دېدى.

ـ ئۇنداق قىلما ئەمر، گەرچە بىزگە قارشى چىققان بولسىمۇ ئۇلار بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز، ـ دېدى ھەمراھى. ئۇ ئەمردىن رەھىمدىلراق ئىدى.

ـ ياق، مەن نەجاشىغا: ئۇلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا توغرىلىق بەزى سۆزلەرنى دېدى، بەزىسىنى دېمەي يۇشۇردى. ئۇلار ئىيساغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنى بەندە دەيدۇ، دەيمەن.

ئەتىسى ئەمر نەجاشىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ ئى پادىشاھ! ئۇلار تونۇگۈن ساڭا بىر قىسىم گەپلەرنى دېدى، بىر قىسىم گەپلەرنى يۇشۇردى. ئۇلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسانى بەندە دەيدۇ.

نەجاشى ساھابىلەرنى چاقىردى ۋە:

ـ مەريەم ئوغلى ئىيسا توغرىلىق نېمە دەيسلەر؟ ـ دەپ سورىدى. جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇ توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز نېمە دېگەن بولسا شۇنى دەيمىز.

ـ ئۇ توغرىسىدا پەيغەمبىرىڭلار نېمە دېگەن؟

ـ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى، پاك مەريەمگە تاشلىغان الله نىڭ روھى.

ـ الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىيسا دەل سەن دېگەندەكلا. ـ دېدى نەجاشى.

نەجاشىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېپىسكوپلار ۋە پوپلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىپ غوتۇلدىشىپ كەتتى. نەجاشى ئۇلارغا غەزەپ ۋە مەسخىرە نەزىرى بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ:

ـ غوتۇلداشماڭلار! ـ دېدى. ئاندىن جەئفەر ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:

ـ خاتىرجەم ياشاڭلار، كىم سىلەرگە چېقىلسا زىيان تارتىدۇ. مەن ماڭا تاغدەك ئالتۇن بېرىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە سىلەرگە زىيان يەتكۈزىلىشىنى ھەرگىز ياقتۇرمايمەن.

ئاندىن خىزمەتكارلىرىغا مۇنداق دېدى:

ـ ئەمىر ئىبنى ئاس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىغا سوغىلارنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇ بىزگە كېرەك ئەمەس. الله ماڭا پادىشاھلىقنى بەرگەندە مەندىن پارا ئالمىغان، مەنمۇ پادىشاھلىقىمدا پارا ئالمايمەن. الله ماڭا كىشىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، مەنمۇ ئۇلارنى الله غا بويسۇندۇرىمەن.

ئېپىسكوپلار كىشىلەر ئارىسىدا: نەجاشى دىنىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر دىننى قوبۇل قىلدى، دەپ فىتنە تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىققا قۇتراتتى. ھەبەشلەر ئۇنى قورشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقماقچى بولدى. نەجاشى جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا كېمىلەرنى تەييارلاپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭغا چىقىپ، يۈز بېرىدىغان ئېھتىماللىقا تەييار تۇرۇڭلار. ئەگەر مەن يېڭىلىسەم خالىغان يېرىڭلارغا يۈرۈپ كېتىڭلار، ئەگەر مەن غەلىبە قىلسام، بۇرۇنقى جايلىرىڭلاردا ئولتۇرىۋېرىڭلار.

ئاندىن كېيىكنىڭ تېرىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا: «مەن شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ خاتىمىسى. يەنە شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئىيسا الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ھەمدە مەريەمگە تاشلانغان روھ» دەپ يېزىپ، ئۇنى مەيدىسىگە تاڭدى. ئۈستىگە رىداسىنى كىيىپ، قارشى چىققۇچىلار بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

ـ ئى ھەبەشلەر! سىلەرنىڭ ماڭا بولغان قارىشىڭلار قانداق؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياخشى، ـ دېيىشتى ئۇلار.

ـ ئۇنداقتا ماڭا قارشى تۇرۇشۇڭلارغا نېمە سەۋەپچى بولدى؟

ـ سەن دىنىمىزدىن يۈز ئۆرۈپسەن، ئىيسانى بەندە دەپسەن.

ـ سىلەر ئىيسانى نېمە دەيسىلەر؟
ـ ئۇ الله نىڭ ئوغلى.
نەجاشى قولىنى ىرداسىنىڭ ئۇستىگە، يەنى خەت يېزىلغان جايىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ:
ـ مەن ئىيسانى مۇشۇنىڭدىن باشقىسى ئەمەس، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. ئۇ تېرىگە يېزىلغانلىنى كۆزدە تۇتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزى كىشىلەرنى خۇرسەن قىلدى، ئۇلار قايىل بولۇپ، خاتىرجەم ھالدا قايتىپ كەتتى.

*　　　　*　　　　*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجاشى بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى ھەمدە ئۇنىڭ دىيارىغا ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغانلىقىدىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ ئىسلامغا مايىل بولغانلىقى، قۇرئانغا توغرا دەپ ئىتىقات قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نەجاشى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ماڭدى.
ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدىكى كاتتا پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئالتىسىنى الله نىڭ دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن خەت يازدى. خەتتە ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئىماننى تەرىپلەپ، كۇفرى ۋە شېرىكتىن ئاگاھلاندۇردى. بۇ ئىشقا ساھابىلەرنىڭ ياخشىسىدىن ئالتىسى تەييارلاندى. ئۇلار ئۆزلىرى بارىدىغان يەردىكى كىشىلەرنىڭ تىلىنى ئۆگەندى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوخشاش بىر كۈندە ئاتلىنىپ يولغا چىقتى. ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە زۇمەرى ھەبەشىستان پادىشاھىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە نەجاشىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئىسلامى سالام قىلدى، نەجاشى تېخىمۇ چىرايلىق سالام قايتۇرۇپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. سورۇن بېسىلغاندا ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى نەجاشىغا بەردى. نەجاشى خەتنى ئالدىراپ ئاچتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئىسلامغا چاقىرغانلىقىنى، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، خەتنى ئۇلۇغلاپ پېشانىسىگە قويدى ۋە خەتنىڭ ھۆرمىتىدىن كارۋىتىدىن چۈشۈپ، سورۇندىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، شاھادەت ئېيتتى ۋە:
ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارالىغان بولسام چۆقۇم باراتتىم. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ پۇتىغا باش قوياتتىم، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ دەۋىتىگە قوشۇلۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بۇرۇنلا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ خەت يازدى. مۇشۇ چاغدا، ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجاشىغا يازغان يەنە بىر پارچە خېتىنى چىقاردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەتتە نەجاشىنىڭ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ قىزى رەملەنى ئۆزىگە تويلاپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى.

ئۇممۇ ھەبىبە دەپ ئاتالغان مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى- رەملەنىڭ بېشى قايغۇلۇق، ئاخىرى خۇشخەۋەر بىلەن تولغان ھېكايىسى بار. قېنى، بىز ئۇنىڭغا قىسقىغىنە نەزەر سېلىپ باقايلى:

رەملە قۇرەيشنىڭ رەھبىرى- دادىسى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئىلاھىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ ۋە يولدىشى ئۇبەيدۇللا ئىبنى جەھشى شېرىكسىز، يەككە- يېگانە الله غا ئىمان كەلتۈردى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەندى. شۇ سەۋەپلىك قۇرەيشلەر ئۇلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ ئازاپلىدى. ھەتتا بۇ ئىككىسىگە مەككىدە تۇرغىدەك جاي قالمىدى- دە، ئىككىيلەن دىنىنى دەپ الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ قاتارىدا ھەبەشىستانغا باردى. ئۇلار باشقا مۇھاجىر قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە نەجاشىنىڭ يېنىدا ياخشى مۇئامىلىگە ۋە غەمخورلۇققا ئېرىشتى، ھەتتا ئۇممۇ ھەبىبە: ئازاپلىق كۈنلەر تۈگەپ ياخشى كۈنلەر باشلانغان چېغى، دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ تەقدىرنىڭ نېمىنى يۇشۇرۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله ئۇممۇ ھەبىبەنى ئەقىل يەتمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق سىنىماقچى بولدى...

ئۇنىڭ يولدىشى- ئۇبەيدۇللا ئىبنى جەھشى دىندىن يېنىپ خىرىستىئان بولۇپ، ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى، ھاراققا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى، ئېچىپ قانمايتتى. ئۇ ئۇممۇ ھەبىبەگە بىردىن بىرى يامان ئىككى ئىشنىنىڭ بىرىنى تاللاشنى شەرت قىلدى: بىرى- ئاجرىشىش؛ يەنە بىرى- خىرىستىئان بولۇش؛ ئۇممۇ ھەبىبە ئۆزىنىڭ ئۈچ ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىرى- يولدىشىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ خىرىستىئان بولۇپ، دۇنيادىكى رەسۋالىق، ئاخىرەتتىكى ئازاپقا گىرىپتار بولۇش؛ بىرى- ھازىرغىچە شېرىكىنىڭ قەلئەسى بولۇۋاتقان مەككىدىكى دادىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىش؛ يەنە بىرى- كىچىك قىزى ھەبىبە بىلەن بىرگە يېگانە، تەنھا ھالدا ھەبەشىستان زېمىنىدا تۇرۇش؛ ئۇ ھەممىدىن الله نىڭ رازىلىقىنى ئۈستۈن بىلىپ، الله چىقىش يولى ئاتا قىلغانغا قەدەر ھەبەشىستان زېمىنىدا تۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى.

ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ ئىراگدىيىسى بەك ئۇزىراپ كەتمىدى. يولدىشى ھاراق ئېچىپ مەستلىكتە ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ ئىددىتى توشۇشىغىلا، خۇشاللىق قانات قېقىپ كەلدى. ناھايىتى نۇرلۇق، گۈزەل بىر ئەتىگىنى ئۇنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئىشىكنى ئېچىپ، نەجاشىنىڭ يېقىن خىزمەتكارى ئەبرەھەنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئەبرەھە ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، مۇنداق دېدى:

- پادىشاھ سىزگە سالام يوللىدى. سىزگە الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد (ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ ئەلچى بولغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ تويىڭىزنى قىلىپ

قويۇشقا ۋەكىل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. سىزمۇ خالىسىڭىز ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان بىرىنى ۋەكىل قىلىڭ.

ئۇممۇ ھەبىبە خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى ۋە:

- الله سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، الله سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، - دەپ توۋلاپ كەتتى. ئاندىن:

- ئۆزەمگە خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسنى ۋەكىل قىلدىم، بۇ يەردىكىلەر ئىچىدە ئۇ ماڭا ھەممىدىن يېقىن، - دېدى.

ھەبەشىستاندا تۇرۇۋاتقان ساھابىلەر ئۇممۇ ھەبىبە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەجاشىنىڭ قەسرىگە يىغىلدى. كۆپچىلىك كېلىپ بولغاندا، نەجاشى الله غا ھەمدۇ- سانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

- مەقسەتكە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى رەملەنى ئۆزىگە تويلاپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىپتۇ. مەن ئۇنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلدۇم ھەمدە ئۇنىڭغا ۋاكالەتەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ قانۇنى بويىچە، رەملەنىڭ مەھرىگە يۈز دىنار بەردىم.

خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس ئورنىدىن تۇرۇپ، الله غا ھەمدۇ- سانا ئېيتىپ ۋە ياردەم تىلەپ، پەيغەمبەرگە دۇرۇد ۋە سالام يوللىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

- مەقسەت، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلدۇم، مېنى ۋەكىل قىلغۇچى ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى رەملەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تويلىدىم. الله پەيغەمبەرگە تويدا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، الله كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلغان رەملەگە مۇبارەك بولسۇن، - دېدى.

نەجاشى ئىككى كېمە تەييارلىدى. بۇ كېمىلەر بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى- رەملە بىلەن قىزىنى ھەبەشىستاندا قالغان ساھابىلەرنى، شۇنداقلا الله ۋە رەسۇلۇللاغا ئىمان كەلتۈرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىشقا، ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشقا تەشنا بولۇۋاتقان ھەبەشلەردىن بىر بۆلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يولغا سالدى. ئۇلارغا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنى رەھبەر قىلدى. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى- رەملەگە ئاياللىرىنىڭ يېنىدىكى بارلىق خۇشبۇي نەرسىلەرنى، ئۇد ئەنبەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سوغا قىلدى، شۇنىڭدەك ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قىسىم سوغىلارنى ئەۋەتتى. بۇ سوغاتلارنىڭ ئىچىدە ھەبەشىستاننىڭ ئېسىل ھاسىلىرىدىن ئۈچى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇتتى، ئىككىنچىسى ۋە ئۈچىنچىسىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا بەردى. بىلال ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە قالدۇرغان ھاسىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى، ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا ئالدىدا تىكلەپ قوياتتى. مەسجىد ياكى قىبلىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان قۇرۇلۇش يوق جايلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققاندا، ئىككى ھېيت ۋە سۇ تەلەپ قىلىش نامازلىرىدا شۇنداق

قىلاتتى. بىلال بۇ ھاسىنى ئېلىپ، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئالدىدىمۇ ماڭاتتى. خەلىفىلىك ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا، ئۇنىڭدىن ئوسمان ئىبنى ئەففانغا كەلگەندە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدا ھاسىنى سەئدۇلقەرزى ئېلىپ ماڭدى. خەلىفىلەر بۇ ئىشنى ئۇزۇن زامان داۋاملاشتۇردى.

شۇنىڭدەك نەجاشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىبۇ ـ زىننەتلەرمۇ سوغا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدا بىر ئالتۇن ئۈزۈكمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئالدى، ئۇنى ياقتۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن قىزى زەينەپنىڭ قىزى ئۇمامەگە «بۇنى ئىشلىتىڭ» دەپ ئەۋەتىپ بەردى.

مەككىنى فەتىھ قىلىشنىڭ ئازراق ئالدىدا نەجاشى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ رەببىنىڭ يېنىغا كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

ـ قېرىندىشىڭلار نەجاشى ـ ئەسھەمە ۋاپات بولدى. نامىزىنى ئوقۇڭلار، ـ دېدى، ئاندىن ئۇلارغا ئىمام بولۇپ، غائىپ نامىزى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ھېچكىمگە غائىپ نامىزى ئوقۇمىغان ئىدى.

* * *

الله نەجاشى ـ ئەسھەمەدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن! مەڭگۈلۈك جەننەتنى ئۇنىڭ ئورنى قىلسۇن! ئۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلارنى ئاجىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى، خەۋپ ئىچىدە خاتىرجەملىك بەردى. بۇنى پەقەت الله ۋە رەسۇلۇللانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ قىلدى.

نۇئمان ئىبنى سابىت (ئەبۇ ھەنىفە)

«مەن ئەبۇ ھەنىفەدىن ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، تەقۋا كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم»
- يەزىد ئىبنى ھارۇن

ئۇ چىرايلىق، كېلىشكەن، تىلى تاتلىق، سۆزى شېرىن، بەك ئېگىز مۇ ئەمەس، بەك پاكارمۇ ئەمەس ئادەم بولۇپ، قىياپىتى كېلىشكەن، خۇشپۇراقنى كۆپ ئىشلىتىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىقسا، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈشتىن بۇرۇنلا، پۇرىقىدىن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالاتتى. مانا بۇ ئەبۇ ھەنىفە دەپ ئاتالغان نۇئمان ئىبنى سابىت ئىبنى مەرزۇبان. ئۇ فىقھى گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ خۇشپۇراقلار تارقاتقان تۇنجى كىشى.

ئەبۇ ھەنىفە بەنى ئۇمەييە دەۋرىنىڭ ئاخىرى، ئابباسىيە دەۋرىنىڭ باش تەرىپىدە ياشىدى. ئۇ ياشىغان زاماندا خەلىفە ۋە ۋالىلار قابىلىيەتلىكلەرگە ھەر قايسى ئورۇندىن ئۇلارغا سەزدۈرمەستىن سېخىيلىق بىلەن ياردەم بېرىپ تۇراتتى. لېكىن ئەبۇ ھەنىفە بىلىمى ۋە روھىيىتىنى قەدىرلەپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىدىن ئۆزىنى تارتاتتى.

بىر قېتىم خەلىفە مەنسۇر ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىردى. ئۇ كەلگەندە ئىززەت- ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى ۋە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن نۇرغۇن سوئال سورىدى. ئۇ قايتماقچى بولغاندا، مەنسۇرنىڭ پىخسىق دېگەن نامى بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا 30 مىڭ دىرھەم سېلىنغان بىر ھەميان بەردى. ئەبۇ ھەنىفە:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! مەن باغداتتا مۇساپىر، بۇ مالنى قويىدىغان يېرىم يوق، يۇقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، - دېدى. مەنسۇر ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا قوشۇلدى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھەنىفە ئۇزاق ياشىمىدى. ئەجەل كەلگەندە ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئاشۇ مالدىنمۇ كۆپ ماللارنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان ھاۋالە خەتلىرى بايقالدى. مەنسۇر بۇنى ئاڭلاپ:

- الله ئەبۇ ھەنىفەگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ بىزنى ئالداپ بىزدىن بىر نەرسە ئالماپتۇ، بىزگە قايتۇرۇپ بېرىشتىمۇ بىزنى ئالداپتۇ، - دېدى.

ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، ئەبۇ ھەنىفە ئۆز كەسپىدىن يېگەندەك پاك ۋە ياخشى تاماق يېيەلمەيدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىنى تىجارەتكە قاراتقانلىقىنى بىلىمىز. ئۇ تۇقۇلما رەخت ۋە كىيىم سودىسى قىلاتتى. ئۇنىڭ تىجارىتى ئىراقنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بىر دۇكىنى بار بولۇپ، كىشىلەر ئۇ يەرگە كېلىپ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بىلىمىدىن ئالاھىدە لەززەت ئالاتتى. ئەبۇ ھەنىفە مۇئامىلە، ئامانەت ۋە ئېلىم- بېرىمدە راستچىل ئىدى. ئۇنىڭ تىجارەتتىكى كىرىمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، الله نىڭ پەزلى بىلەن نۇرغۇن مال- دۇنيا تاپتى. ئۇ مالنى ئۆز جايىدا ئېلىپ، ئۆز جايىغا قوياتتى. ئۇ ھەر يىلى يىل توشقاندا، تىجارەتتىكى پايدىنى ھېساپلاپ

ئۆز خىراجىتىگە يەتكۈدەكلا ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى قارىيلار، مۇھەددىسلەر، فەقىھلەر، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ لازىمەتلىكلىرى، يېمەكلىك، كىيىم كېچەكلىرىنى سېتىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇئەييەن مىقداردا مەبلەغ تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇلارغا بېرىپ:

- بۇ سىلەرنىڭ مېلىڭلارنىڭ پايدىسى، الله مېنىڭ قولۇم بىلەن سىلەرگە رىزق قىلىپ بەردى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ئۆزەمنىڭ مېلىدىن ھېچنەرسە بەرمىدىم. ئۇ سىلەرگە مەن ئارقىلىق قىلغان الله نىڭ ئىلتىپاتى. الله دىن باشقا ھېچكىم ھېچكىمگە رىزق بېرەلمەيدۇ، - دەيتتى.

* * *

ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سېخىيلىقى، خۇسۇسەن دوست- بۇرادەرلىرىگە بولغان سېخىيلىقى پۈتۈن جاھانغا تارالدى.

ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىدىن بىرى بىر كۈنى ئۇنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ:

- ئى ئەبۇ ھەنىيفە! ماڭا بىر تۇقۇلما كىيىم لازىم ئىدى، - دېدى.

- قانداق رەڭدە؟ - سورىدى ئەبۇ ھەنىيفە.

- مۇنداق رەڭدە.

- ئۇ قولۇمغا چۈشكىچە ساقلاپ تۇرغىن، - دېدى ئۇ. ئارىدىن بىر نەچچە جۈمە ئۆتمەيلا، تەلەپ قىلىنغان كىيىم ئۇنىڭ قولىغا چۈشتى. ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ يېنىدىن ھېلىقى بۇرادىرى ئۆتتى، ئۇ ئۇنىڭغا:

- ھاجىتىڭ ھەل بولدى، - دەپ كىيىمنى بەردى. بۇرادىرى ئۇ كىيىمنى ياقتۇردى ۋە:

- خىزمەتكارىڭغا نەچچە پۇل تاپشۇرىمەن؟ - دەپ سورىدى.

- بىر دىرھەم، - دېدى ئەبۇ ھەنىيفە.

- بىر دىرھەم؟ - سورىدى ئۇ ئەجەپلىنىپ.

- شۇنداق.

- ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامدىغانسەن، ئەبۇ ھەنىيفە؟

- ساڭا چاقچاق قىلمىدىم، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كىيىمنى يىگىرمە دىنار ۋە بىر دىرھەمگە ئالغان ئىدىم، بىرنى يىگىرمە دىنارغا ساتتىم، بۇ ماڭا بىر دىرھەمگە قالغان. مەن دوستۇمدىن پايدا ئالمايمەن، - دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ يېنىغا كىيىم ئالماقچى بولۇپ بىر ئاجىز ئايال كەلدى. ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭ دېگەن كىيىمنى ئېلىپ بەردى. ئايال ئۇنىڭغا:

- مەن ئاجىز ئايال، باھانى بىلمەيمەن. ماڭا كىيىمنى ئۆزەڭ ئالغان باھاغا ئازراق پايدا قوشۇپ بەرگىن، - دېدى.

- مەن ئىككى كىيىمنى بىراقلا ئالغان. بىرنى ئىككىنى ئالغان باھادىن تۆت دىرھەم كەمگە

ساتتىم. بۇنى قالغان شۇ پۇلغا ئېلىك، سىزدىن پايدا ئالمايمەن، ـ دېدى ئەبۇ ھەنىيفە.

بىر كۈنى ئەبۇ ھەنىيفە دوستلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدە جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىمنى كۆردى. كىشىلەر قايتىپ، ھېلىقى دوستى بىلەن يالغۇز قالغاندا:

ـ جاينامازنى ئۆرۈپ ئاستىدىكىنى ئال، ـ دېدى، ئۇ كىشى جاينامازنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئاستىدا مىڭ دىرھەم بار ئىدى. ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنى ئېلىپ ئەھۋالىڭنى ياخشىلا، ـ دېدى. ئۇ دوستى:

ـ مەن باي ئادەم، الله ماڭا كۆپ مال ئاتا قىلغان، بۇنىڭغا ھاجەت ئەمەسمەن، ـ دېدى. ئەبۇ ھەنىيفە:

ـ ئەگەر الله ساڭا ئاتا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى قېنى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «الله ئۆز نېئمىتىنىڭ تەسىرىنى بەندىلىرىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ سەن دوستۇڭنى غەمگە سېلىپ قويماي، ئەھۋالىڭنى ياخشىلا، ـ دېدى.

* * *

ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ سېخىيلىقى ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشى شۇ دەرىجىگە بارغان ئىدىكى، ئۇ ئائىلىسىگە قانچىلىك چىقىم قىلسا، شۇنچىلىكنى باشقا مۇھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى. ئەگەر يېڭى كىيىم كەيسە، مىسكىنلەرگە شۇنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كىيىم ئېلىپ بېرەتتى. ئەگەر ئالدىغا تاماق قويۇلسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى كەمبەغەللەرگە بېرەتتى. ئۇ يەنە قەسەم قىلماسلىق، قەسەم قىلىپ قالسا بىر دىرھەم سەدىقە قىلىشنى، ئاندىن يەنە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئەگەر قەسەم قىلىپ قالسا، بىر دىنار سەدىقە قىلىشقا ئەھدە قىلغان ئىدى.

ھەفس ئىبنى ئابدۇررەھمان بەزى تىجارەتلەردە ئەبۇ ھەنىيفە بىلەن شېرىك بولۇپ، ئەبۇ ھەنىيفە رەختلەرنى ھەفسىدىن بەزى ئىراق شەھەرلىرىگە يولغا سالاتتى. بىر قېتىم كۆپ مال تەييارلاپ، ئاندىن بەزى ماللاردا ئەيىپ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ:

ـ ئۇنى ساتقاندا، ئەيىبىنى ئالغۇچىغا ئېيتىپ بەر، ـ دېدى.

ھەفس مالنىڭ ھەممىسىنى ساتتى، لېكىن ئەيىپ بار كىيىملەرنى ئالغۇچىغا دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ شۇ كىيىملەرنى ئالغان كىشىلەرنى خېلى سۈرۈشتە قىلىپ باققان بولسىمۇ تاپالمىدى. ئەبۇ ھەنىيفە بۇنى بىلىپ جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. ئاخىرى پۈتۈن مالنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلىۋېتىپ، ئاندىن كۆڭلى ئارامغا چۈشتى.

بۇلاردىن سىرت، ئەبۇ ھەنىيفە چىقىشقاق، مۇئامىلىسى ياخشى ، دوستلىرىغا كۆيۈنىدىغان كىشى بولۇپ، گەرچە دۈشمىنى بولسىمۇ غەيۋىتىنى قىلغانلارغا يامانلىق قىلمايتتى.

دوستلىرىدىن بىرى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەكنىڭ سۇفيان سەۋرىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇللا! ئەبۇ ھەنىيفە غەيۋەتتىن نېمە دېگەن يىراق! مەن ئۇنىڭ بىر دۈشمىنىنىڭ

يامان گېپىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم.
- ئەبۇ ھەنىيفە ياخشىلىقلىرىنى يۇقتۇرۇپتىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى بىلىدۇ.»
ئەبۇ ھەنىيفە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاشقا، دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەك ئامراق ئىدى.
بىر قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن بىر ئادەم ئۆتۈپ، مەقسەتسىزلا ئۇنىڭ سورۇنىدا ئولتۇردى، تۇرغان ۋاقتىدا ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن دائىم ئالاقىلىشىپ، ھاجىتى بولسا ئادا قىلدى، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلىدى، مۇھتاج بولۇپ قالسا ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى داۋاملاشتى.

* * *

بۇلاردىن سىرت، ئەبۇ ھەنىيفە كۈندۈزى روزا تۇتقۇچى، كېچىسى ناماز ئوقۇغۇچى، قۇرئاننىڭ سىردىشى، سەھەرلەردە مەغفىرەت تىلىگۈچى ئىدى. ئۇنىڭ ئىبادەتلەرگە بەك بېرىلىشى ۋە ئىنتىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇ بىر كۈنى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار:
- بۇ ئادەم كېچىسى ئۇخلىمايدۇ. - دېيىشىۋاتقان ئىكەن. بۇ گەپ ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ قۇلىقىغا كىرىشى بىلەن، ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلاپ:
- مەن كىشىلەرنىڭ قارىشىدا الله نىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشىماي قاپتىمەن. الله بىلەن قەسەمكى، مەن الله نىڭ ئالدىدىمۇ كىشىلەر دېگەندەك بولىمەن. بۈنىڭدىن كېيىن الله بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر كېچىسى ياستۇققا باش قويمايمەن، - دېدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپلا، پۈتۈن كېچە ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كىشىلەر يېتىپ بولغاندا، ئۇ چىرايلىق كىيىمنى كىيىپ، ساقىلىنى تاراپ، خۇشپۇراق چېچىپ ياسىناتتى، ئاندىن جايىنامازدا ئۇستىدە كېچىنى الله غا ئىبادەت قىلىپ، قۇرئان ئوقۇپ ئىگىلگەن ياكى ئىلتىجا بىلەن قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە پۈتۈن قۇرئاننى بىر رەكئەت نامازغا ئوقۇيتتى، بەزىدە پۈتۈن كېچە بىر ئايەتنى ئوقۇپ چىقاتتى. ئۇ توغرىلىق قىلىنغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:
- ئۇ الله نىڭ: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر» (سۈرە قەمەر 46- ئايەت) دېگەن ئايىتىنى تەكرارلاپ، الله دىن قورقۇپ دىل تارىلىرىنى تىترىتىپ قەلبلەرنى پارە- پارە قىلىۋەتكۈدەك يىغلاپ، ئىسەدەپ كېتەتتى.
ئۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر بايان بار:
ئۇ قىرىق يىل ئەتراپىدا بامدات نامىزىنى خۇپتەننىڭ تاھارىتى بىلەن ئوقۇغان، بۇنى ئارىلىقتا بىرەر قېتىممۇ تەرك ئەتمىگەن. ئۇ ئۆزى ۋاپات بولغان ئورۇندا قۇرئاننى يەتتە مىڭ قېتىم تاماملىغان، «زەلزەلە» سۈرىسىنى ئوقۇسا بەدەنلىرى تىترەپ كېتەتتى، يۈرىكى سىلىنىپ كېتەتتى.
ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ، الله غا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دەيتتى:

- ئى زەررىچىلىك ياخشىلىقتا مۇكاپات بەرگۈچى، زەررىچىلىك يامانلىقتا جازا بەرگۈچى الله ! بەندەڭنى دەۋزەختىن ساقلاپ قالغىن. ئۇنىڭ خاتالىقى بىلەن جازاسىنىڭ ئارىلىقىنى يىراق قىلغىن. ئۇنى ئۆزەڭنىڭ چەكسىز رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، ئى ھەممىدىن مېھرىبان الله !

* * *

بىر كۈنى ئەبۇ ھەنىيفە- نۇئمان ئىمام مالىكنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ يەردە مالىكنىڭ بىر قانچە دوستلىرى بار ئىدى. ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىۋاتقاندا، ئۇ سورۇندىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

- بۇ كىشىنى بىلەمسىلەر؟

- ياق، - دېيىشتى دوستلىرى.

- ئۇ- نۇئمان ئىبنى سابىت. ئۇ بۇ تۈۋرۈكنى ئالتۇن دېمەكچى بولسا، بۇنىڭغا پاكىت كەلتۈرىدۇ ھەم ئىش شۇنىڭ دېگىنىدەك چىقىدۇ.

ئىمام مالىك ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ پاكىتىنىڭ كۈچلۈك، پاراسىتىنىڭ تېز، زېھنىنىڭ ۋە خاتىرىسىنىڭ ئۆتكۈرلىكى توغرىسىدا قىلغان سۆزىدە ئاشۇرىۋەتمىگەن ئىدى. تارىخ ۋە تەرجىمھال كىتابلىرى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ تەپەككۇر توغرىسىدا قارشىلاشقۇچىلار، ئەقىدە توغرىسىدا جىدەللەشكۈچىلەرگە بەرگەن رەددىيەلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئىمام مالىك ئۇنى سۈپەتلەپ ئېيتقان سۆزىنىڭ راستلىقىنىڭ دەلىللىرى. ئەگەر ئۇ بۇ تۈۋرۈك ئالتۇن دېسە، قوبۇل قىلىنماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ پاكىتىغا، چۈشەندۈرۈشىگە بويسۇنىسەن. ئۇنداقتا ئۇ ھەقىقەت توغرىسىدا مۇنازىرىلەشسە قانداق بولار؟

* * *

كۇفەدىن بىر ئادەم ھەقىقەتتىن ئېزىپ كەتتى. ئۇ كىشىلەر ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، كىشىلەر گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە: ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ تېگى يەھۇدى بولۇپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ يەھۇدىيلىقنى ساقلاپ قالغان، دەپ فىتنە تارقاتتى. ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە مۇنداق دېدى:

- مەن سىنىڭ قىزىڭنى پالانى بىر دوستۇمغا سوراپ كەلدىم.

- خوش كەپسەن، قارشى ئالىمىز. ئەبۇ ھەنىيفە! ساڭا ئوخشاش ئادەمنىڭ تەلىۋى رەت قىلىنمايدۇ. لېكىن كۈيئوغۇل بولماقچى بولغان كىشى كىم؟ - سورىدى ھېلىقى ئادەم.

- ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا مەرتىۋە ۋە بايلىق بىلەن تونۇلغان، سېخى، قولى كەڭ، الله نىڭ كىتاۋىنى يادلىغان، پۈتۈن كېچىنى بىر رەكئەت ناماز بىلەن تاڭ ئاتتۇرىدۇ، الله دىن قورقۇپ تولا يىغلايدۇ.

- ياشاپ كەت. بولدى بولدى، ئەبۇ ھەنىيفە! سەن دېگەن سۈپەتلەرنىڭ بىر قىسمىلا ئۇنىڭ

مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ قىزىغا لايىق كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
- لېكىن ئۇنىڭ سەن بىلسەڭ بولمايدىغان بىر ئىشى بار.
- نېمە ئىش؟
- ئۇ يەھۇدىي.
- يەھۇدىي؟ - دېدى ئۇ ئادەم چۆچۈپ- ھەي، ئەبۇ ھەنىيفە! مېنىڭ قىزىمنى يەھۇدىيغا ئېلىپ بەرمەكچىمۇ سەن؟ الله بىلەن قەسەمكى، گەرچە پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا تېپىلسىمۇ، مەن قىزىمنى ھەرگىز ئۇنىڭغا بەرمەيمەن.
- سەن قىزىڭنى يەھۇدىيغا بەرمەيسەن ھەم ئۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقسەن. شۇنداق تۇرۇپ كىشىلەرگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قىزىنى يەھۇدىيغا بەردى، دەۋاتىسەنغۇ!؟
- ھېلىقى ئادەم قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە:
- يامان سۆزۈمنى الله نىڭ كەچۈرۈشىنى تىلەيمەن، تۆھمەت چاپلىغانلىقىم ئۈچۈن الله غا تەۋبە قىلىمەن ، - دېدى.

* * *

خاۋارىجلاردىن بىرى- زەھھاك بىر كۈنى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ يېنىغا كەلدى. ۋە مۇنداق دېدى:
- ئەبۇ ھەنىيفە! تەۋبە قىل.
- نېمىشقا تەۋبە قىلىمەن؟
- ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمنى توغرا دېگەنلىكىڭگە تەۋبە قىلغىن.
- بۇ ئىشتا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسەم قوشۇلامسەن؟
- قوشۇلىمەن.
- بىز ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان ئىشتا كېلىشەلمىسەك ئوتتۇرىمىزدا كىم ھۆكۈم قىلىدۇ؟
- خالىغان كىشىنى ھۆكۈم قىلدۇرغىن.
ئەبۇ ھەنىيفە خاۋارىجلارنىڭ دوستلىرىدىن بىرىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭغا:
- بىز كېلىشەلمىگەن ئىشتا سەن ھۆكۈم قىلغىن، - دېدى. ئاندىن خاۋارىجغا:
- مەن دوستۇڭنىڭ ھۆكۈمىگە قوشۇلىمەن، سەن قوشۇلامسەن؟ - دېدى.
خاۋارىج خۇرسەنلىك بىلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەبۇ ھەنىيفە:
- قويە سېنى. مەن بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدىكى كېلىشىمنى توغرا دەيسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ساھابىسى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمنى خاتا دەمسەن؟ - دېدى.
خاۋارىج گاڭگىراپ قېلىپ جاۋاپ بېرەلمىدى.

* * *

ئازغۇن بىدئەتچى، ئىسلام دۇنياسىغا فىتنە تېرىغۇچى، جەھمىيە فىرقىسىنىڭ باشلىقى جەھمە ئىبنى سەفۋان بىر قېتىم ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

- مەن تەييارلىق قىلىپ سەن بىلەن سۆزلىششكە كەلدىم.

- سەن بىلەن سۆزلىشىش- نومۇس. سىنىڭ ئىشلىرىڭ ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىش- لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت.

- سەن قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم قىلىسەن؟ بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن بىلەن ئۇچرىشىپ گېپىمنى ئاڭلىمىغان تۇرساڭ.

- مەن سەن توغرىلىق قىلىنغان ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقمايدىغان گەپ- سۆزلەرنى ئاڭلىدىم.

- ماڭا بىلمەي ھۆكۈم قىلامسەن؟

- سىنىڭ ئىشلىرىڭ مەشھۇر ۋە كۆپ. ئۇنى پۈتۈن كىشىلەر بىلىدۇ. سەن توغرىلىق ئاڭلىغان ئىشەنچلىك سۆزلەر مىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىمغا يېتەرلىك.

- مەن سەندىن ئىمان توغرىلىق سورىماقچى، باشقىنى سورىمايمەن.

- ھازىرغا قەدەر مەندىن سورىمىساڭ، ئىمانىڭ نىمىلىكىنى بىلمەمتىڭ؟

- بىلىمەن، لىكىن ئۇنىڭ بىر يېرىدە شەكلىنىپ قالدىم.

- ئىماندا شەك قىلىش كاپىرلىق.

- مەندىن مىنى كاپىر قىلىدىغان سۆزنى ئاڭلىماي تۇرۇپ مىنى كاپىر دىسەڭ توغرا ئەمەس.

- سۇئالىڭنى سورا.

- الله نى قەلبى بىلەن تونىغان، ئۇنىڭ شىرىكسىز، يىگانە ئىكەنلىكىنى بىلگەن، الله نىڭ ئوخشىشى يوقلىغىنى تونىغان ئادەم ئىماننى تىلى بىلەن ئىپادە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە مۇئمىن ئۆلەمدۇ ياكى كاپىرمۇ؟

- قەلبى تونىغاننى تىلدا ئاشكارە ئىيتىشقا تۇسالغۇ بولماي تۇرۇپ، ئىماننى تىلدا ئىيتمىغان بولسا كاپىر ئۆلىدۇ، دەۋزەخ ئەھلىدىن بولىدۇ.

- ئۇ الله نى ھەقىقى تونىغان تۇرسا قانداقسىگە مۇئمىن بولمايدۇ؟

- ئەگەر قۇرئانغا ئىشەنسەڭ، ئۇنى پاكىت دەپ قارىساڭ ساڭا گەپ قىلىمەن. ئەگەر قۇرئانغا ئىشەنمىسەڭ، ئۇنى پاكىت دەپ قارىمىساڭ، ئىسلامغا قارشى ئادەم بىلەن سۆزلەشمەيمەن.

- ئەلۋەتتە قۇرئانغا ئىشىنىمەن، قايىل بولىمەن.

- الله تائالا ئىمان ئىيتىشنى دىل ۋە تىلدىن ئىبارەت ئىككى ئەزانىڭ بىرىدە ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىلىسىدە قىلدى. الله نىڭ كىتاۋى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بۇنىڭ پاكىتى بىلەن تولۇپ كەتكەن. الله مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونىغانلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قويۇلغانلىغىنى كۆرىسەن. بىز نىمىشقا الله غا، بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى!؟ ئۇلار ئىيتىدۇ: "رەببىمىز! بىز ئىمان ئىيتتۇق، بىزنى ئىتراپ قىلغۇچىلار قاتارىدىن قىلغىن. بىز

پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىت قىلىمىز“ ئۇ سۆزلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەنە شۇ» (سۈرە مائىدە 83 ـ 85 ئايەت). ئۇلار ھەقىقەتنى دىللىرى بىلەن تونۇپ، تىللىرى بىلەن بايان قىلدى. الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزدى. الله مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىڭلاركى، الله غا ئىمان ئېيتتۇق. بىزگە نازىل ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتاپلارغا) ئىمان ئېيتتۇق» (سۈرە بەقەرە 136 ـ ئايەت) ئۇلارنى سۆزلەشكە بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا ئىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا دەڭلار، غەلىبە قازىنىسىلەر» دېگەنكى، تونۇشنىڭ ئۆزى غەلىبە قىلىش دېمىگەن، بۇنىڭغا تىلدا سۆزلەشنى قوشقان. يەنە: «لا اله الا الله دېگەن ئادەم دوۋزەختە قالمايدۇ» دېگەن. تونۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلىپ، سۆزلەش ھاجەت بولمىسا ئىبلىس ـ شەيتانمۇ مۇئمىن ھېساپلىناتتى. چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارىنى تونۇيتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياراتقانلىقىنى، ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ھالبۇكى ئۇ ئېزىپ كەتتى. الله ئۇنىڭ تىلى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» (سۈرە ئەئراف 12 ـ ئايەت) «پەرۋەردىگارىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرىلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن» (سۈرە ھىجر 36 ـ ئايەت) «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋەسۋەسە قىلىش ئۈچۈن) چۇقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن» (سۈرە ئەئراف 16 ـ ئايەت) ئەگەر سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا بولسا، كاپىرلارنىڭ نۇرغۇنى تىلدا ئىنكار قىلسىمۇ، دىلىدا تونۇغانلىقى ئۈچۈن مۇئمىن بولغان بولاتتى. الله مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى» (سۈرە نەمل 14 ـ ئايەت). ئۇلار دىللىرىدا ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇئمىن دېيىلمەستىن، تىللىرىدا ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن كاپىر ھېساپلاندى.

ئەبۇ ھەنىيفە مۇشۇ ھالەتتە قۇرئاندىن ۋە ھەدىستىن مىسال ئېلىپ توختىماي سۆزلەۋەردى. ئاخىرى جەھمنىڭ چىرايىدا ھەيران بولۇش ۋە يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى ھەمدە ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئەبۇ ھەنىيفە! سەن ئېسىمدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئېسىمگە كەلتۈردۈڭ، مەن سېنىڭ يېنىڭغا يەنە كېلىمەن.

كېيىن ئۇ قايتا كەلمىدى.

يەنە بىر مىسال: ئەبۇ ھەنىيفە الله نىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان بىر قىسىم دىنسىزلار

بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارغا:

- يۈك تاق ۋە مال بىلەن توشقان بىر كېمە بار، ئۇنى شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى قوينىغا ئالدى. قارا بوران گۈلدۈرلەپ چىقىۋاتىدۇ. لېكىن كېمە كېمىچى ياكى يول باشلىغۇچى يوق تۇرۇپ، ئۆز يولىدا تىپ- تىنچ مېڭىپ، تەۋرەنمەستىن، زىيان يەتمەستىن ياكى يولدىن چىقىپ كەتمەستىن ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ بۇ پىكىر مەنتىقىگە ئۇيغۇنمۇ؟ - دېدى. ئۇلار:

- شەيخ! بۇنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ، تەسەۋۋۇر توغرا تاپمايدۇ. - دېيىشتى.

- الله پاكتۇر! كېمىنىڭ كاپىتانسىز دېڭىزدا توغرا مېڭىشىنى ئىنكار قىلىسىلەر. بۇ دۇنيانىڭ دېڭىزلىرى، ئاسمان جىسىملىرى، ئۇچار قۇشلىرى، ھايۋاناتلىرى ياراتقۇچىسىز بارلىققا كەلدى، باشقۇرغۇچىسىز چىرايلىق، رەتلىك ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايسىلەر؟! سىلەرگە ۋە سەپسەتەڭلارغا ۋاي!!! - دېدى ئەبۇ ھەنىيفە.

* * *

ئەبۇ ھەنىيفە پۈتۈن ھاياتلىق سەپىرىدە الله ئاتا قىلغان كۈچلۈك پاكىت بىلەن الله نىڭ دىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. الله ئاتا قىلغان ئۆتكۈر تىلى بىلەن الله نىڭ شەرىئىتىنى قوغداپ مۇنازىرىلەشتى. ۋاپات بولغاندا باشقىلار ئۇنىڭ ئۆزىنى پاك يەرگە دەپنە قىلىشنى، ناھەقچىلىق بار زېمىندىن يىراق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى مەنسۇرغا يەتكەندە:

- كىم بىزنى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ھاياتى ۋە ماماتىنىڭ تاپا- تەنىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ؟ - دېدى. (يەنى ئۇ بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ھامان ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىدۇ.)

ئەبۇ ھەنىيفە ئۆزىنى ھەسەن ئىبنى ئەممارنىڭ يۇيۇشىنى ۋەسىيەت قىلدى. ئۇ ئۇنى يۇغاندا:

- ئەبۇ ھەنىيفە! الله قىلغان گۇناھلىرىڭنى مەغفىرەت قىلسۇن! سەن ئوتتۇز يىلدىن بېرى بىر كۈن قالدۇرماي روزا تۇتتۇڭ، قىرىق يىلدىن بېرى كېچىسى يېتىپ باقمىدىڭ. سەن ئۆزەڭدىن كېيىنكى ئالىملارنى چارچىتىدىغان بولدۇڭ. - دېدى.

رەببىئە ئىبنى خۇسەيم

« ئى زەيدنىڭ دادىسى! سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
كۆرگەن بولسا، چوقۇم ياخشى كۆرگەن بولاتتى. »
ـ ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد

ھىلال ئىبنى ئىسھاق مېھمىنى مۇنزىرنىسەۋرىگە مۇنداق دېدى:

ـ ئى مۇنزىر! سېنى ئۇستازىڭغا ئاپىرايمۇ؟ نەسىھەت ئاڭلاپ ئىمانىمىز كۈچيەر.

ـ ئەلۋەتتە بولىدۇ، الله بىلەن قەسەمكى، مەن كۇفەگە پەقەت ئۇستازىڭ رەبىيئە ئىبنى خۇسەيىم بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇنىڭ ئىمان مۇھىتىدا بىردەم ياشىۋېلىش ئۈچۈنلا كەلگەن، لېكىن ئۇنىڭدىن بىزگە ئىجازەت سورىغانمىدىڭ؟ ئاڭلىشىمچە، ئۇ پالەچ بولۇپ قالغاندىن بېرى ئۆيىدە پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىكەن، كىشىلەر بىلەن ئۇچراشمايدىكەن، ـ دېدى. ھىلال:

ـ ئۇ « كۇفە » ئۇنى بىلگەندىن بېرى شۇنداق، كېسەل ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتمىدى.

ـ ھېچقىسى يوق، لېكىن بۇ ئالىملار ئىنچىكە مىجەز كېلىدىغان بولغاچقا، بىز ئۇستازدىن خالىغىنىمىزنى سوراۋەرسەك بولارمۇ؟ ياكى خالىغىنىمىزنى ئاڭلاش ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرامدۇق؟

ـ ئەگەر سەن رەبىيئە ئىبنى خۇسەيىم بىلەن تولۇق بىر يىل تۇرساڭمۇ، سەن گەپ قىلمىغۇچە ئۇ ھەرگىز گەپ قىلمايدۇ، سەن سورىمىساڭ سېنى ئالدىراتمايدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى الله نى ئەسلەش، جىم تۇرۇش، تەپەككۇر قىلىش...

ـ ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭ قېشىغا الله نىڭ بەركىتى بىلەن بارايلى.

ئۇلار ئىككىسى ئۇستازنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇلار يېتىپ بارغاندا ئۇستازغا سالام قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ كېچىدىن قانداق قوپۇپسىز؟

ـ گۇناھكار ئۆز رىزقىنى يەپ، ئەجەلنى كۈتۈپ قوپتى. ھىلال ئۇنىڭغا دېدى:

ـ كۇفەگە ئۇستا دوختۇر كېلىپتۇ، چاقىرىپ كېلەيمۇ؟

ـ ھىلال، مەن بىلىمەن، چوقۇم داۋالىنىش كېرەك، لېكىن مەن ئاد، سەمۇد، ئەسھابۇررەسسى ۋە شۇ قاتاردىكى كىشىلەر توغرىلىق كۆپ ئويلاندىم، ئۇلارنىڭ دۇنياغا قىزىقىشى، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىكىگە قارىدىم، ئۇلار بىزدىن كۈچلۈك ھەم قۇدرەتلىك ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دوختۇرلارمۇ بار ئىدى، كېسەللەرمۇ ھەم بار ئىدى... ئۇلاردىن ھېچكىم ـ داۋالانغۇچىلارمۇ، داۋالىغۇچىلارمۇ... قالمىدى!

ئاندىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، مۇنداق دېدى:

ـ بىز ھەقىقى كېسەلنى داۋالىساق بولاتتى.

مۇنزىر ئىجازەت سوراپ مۇنداق دېدى:

- ھۆرمەتلىك ئۇستاز، ئۇ كىمنىڭ قايسى؟
- گۇناھ.
- ئۇنىڭ دورىسى نېمە؟
- الله نىڭ كەچۈرۈشىنى تىلەش.
- كىشى قانداق شىپا تاپىدۇ؟
- قايتا گۇناھ قىلمايدىغان ھالەتتە تەۋبە قىلىش بىلەن.
ئاندىن بىزگە تىكىلىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:
- مەخفى گۇناھلار... سىلەر يۇشۇرۇن قىلغان گۇناھلاردىن ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇلار الله غا مەخفى ئەمەس، ئۇنىڭ دورىسىنى ئىزدەڭلار. مۇنىزىر مۇنداق دېدى:
- ئۇنىڭ دورىسى نېمە؟
- قايتا قىلماسلىق ئىرادىسى بىلەن قىلىنغان سەمىمى تەۋبە. ئاندىن ئۇستاز يىغلاپ كەتتى، ھەتتا ياشلىرى ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتتى. مۇنىزىر مۇنداق دېدى:
- سەن شۇنچىلىك تەقۋادار ئادەم تۇرساڭ، نېمىشقا يىغلايسەن؟
- ئۇ نداق ئەمەس، مەن نېمىشقا يىغلىماي؟ بىز بىر قىسىم كىشىلەرگە ( ساھابىلەرنى دېمەكچى ) نىسبەتەن ئوغرى، قاراقچى.. شۇنداق تۇرۇۋاتقاندا، ئۇ ستازنىڭ ئوغلى كىرىپ سالام قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
- دادا، ئانام ساڭا بىر خىل ھالۋىنى ئوخشۇتۇپ تەييارلاپتۇ، ئۇ سىنىڭ يەپ بېقىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن، ئەكىرەيمۇ؟
- ئەكىر.
ئۇ تاماقنى ئەكىرگىلى چىقىپ كەتكەندە، بىر تىلەمچى ئىشىكنى چەكتى. ئۇستاز:
- باشلاپ كىرىڭلار - دېدى. ئۇ ھويلىغا كىرگەندە ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ئوتتۇرا ياش، كىيىملىرى يىرتىلغان، شۆلگەيلىرى زاڭقىغا ئېقىپ چۈشكەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ چىراي ئالامىتىدىن گالۋاڭ، دۆت ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇ كىشىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي تۇرۇپلا، ئۇستازنىڭ ئوغلى ھالۋىنى ئېلىپ كىردى. ئۇستاز ئۇنى تىلەمچىنىڭ ئالدىغا قويۇشقا ئىشارەت قىلدى. ھالۋا ئۇ نىڭ ئالدىغا قويۇلدى، ھېلىقى كىشى ئالدىراپ، يالماپ يېيىشكە باشلىدى، شۆلگەيلىرى تاماق ئۈستىگە ئېقىۋاتاتتى. ئۇ يەپ ھەممىنى تۈگىتىۋەتتى. ئوغۇل دادىسىغا دېدى:
- دادا، الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ئانام جاپا چېكىپ بۇنى ئالاھىدە ساڭا تەييارلىغان، بىزنىڭمۇ شۇنىڭدىن يېگۈمىز بار ئىدى، سەن ئۇنى نېمە يەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان بۇ ئادەمگە تاماق قىلىپ بەردىڭ.
- ئى ئوغلۇم! ئۇ بىلمىسە الله چوقۇم بىلىدۇ... ئاندىن تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

ـ « ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ( يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەرپ قىلمىغۇچە ) ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، ( الله يولىدا ) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. » ( سۈرە ئال ئىمران 92ـ ئايەت )

شۇنداق تۇرغاندا تۇۋقانلىرىدىن بىر ئادەم ئالدىراپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى زەيىدنىڭ دادىسى! فاتىمەنىڭ ئوغلى ھۆسەيىن ( الله ئۇنى ۋە ئائىسىنى سالامەت قىلسۇن ) ئۆلتۈرۈلدى. ئۇستاز مۇنداق دېدى :

ـ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن ( بىز ھەقىقەتەن الله نىڭ ئىلكىدىمىز، جەزمەن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز )...

ئاندىن الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى تىلاۋەت قىلدى:

« ئېيتقىنكى، ” ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى الله ! سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن.“ » ( سۈرە زۇمەر 46ـ ئايەت )

لېكىن ھېلىقى ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

ـ ئۇنىڭ ئۆلىمى توغرۇلۇق نېمە دەيسەن؟

ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئالدىغا باردۇ، ئۇلارغا الله باھا بېرىدۇ.

ھىلال مۇنداق دەيدۇ:

قارىسام پېشىن ۋاقتى يېقىنلاپ قاپتۇ. ئۇستازغا:

ـ ماڭا نەسىھەت قىلغىن، ـ دېدىم. ئۇستاز مۇنداق دېدى:

ـ ھىلال، كىشىلەرنىڭ كۆپ ماختاشلىرى سېنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويمىسۇن، ئۇلار سېنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭنىلا بىلىدۇ. بىلگىنكى سەن ئۆز ئەمەلىڭنى قىلىسەن. الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلمىغان ھەر قانداق ئەمەل ۋە ئىبادەت يۇقاپ كېتىدۇ. مۇنزىر ئۇستازغا:

ـ ماڭىمۇ نەسىھەت قىلساڭ، الله ساڭا چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلغاي، ـ دېدى.

ـ ئى مۇنزىر! ئۆزۈڭ بىلىدىغان ئىشلاردا الله دىن قورققىن، بىلمەيدىغانلىرىڭنى بىلىدىغان كىشىلەردىن سورىغىن. ھېچكىم ئى الله ، مەن تەۋبە قىلىمەن، دەپ تەۋبە قىلمايدىغان ئىشنى قىلمىسۇن، ئۇ يالغانچىلىق بولىدۇ. لېكىن، ئى الله ، مېنىڭ تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، دېسۇن، بۇ دۇئا بولىدۇ. ئى مۇنزىر! بىلگىنكى ھېچقانداق سۆزدە ياخشىلىق يوق، لېكىن لا اله الا الله دېيىش، الله نى مەدھىيىلەش، الله نى ئۇلۇغلاش ( الله اكبر دېيىش )، الله نى پاك دەپ ياد ئېتىش ( سۇبھانەللا دېيىش )، ياخشىلىققا مۇۋەپپىقىيەت تىلەش، يامانلىقتىن پاناھ تىلەش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، قۇرئان ئوقۇش... مانا مۇشۇلاردىلا ياخشىلىق بار، بۇنىڭدىن باشقىسى بىھۇدە.

مۇنزىر ئۇستازغا مۇنداق دېدى:

- بىز سىنىڭ يېنىڭدا ئولتۇرغاندا شېئىر ئاڭلىمىدۇق، بىر قىسىم دوستلىرىڭنىڭ شېئىر ئېيتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق.
- سەن دېگەن ھەر قانداق گەپ خاتىرلىنىپ، كېيىن ئاشۇ جايدا ساڭا ئوقۇپ بېرىلىدۇ. مەن ھېساپ ئېلىنغاندا ماڭا ئوقۇپ بېرىلىدىغان كىتاۋىمدا شېئىر بېيىتلىرىنىڭ بولۇشىنى ياقتۇرمايمەن. ئاندىن ھەممىمىزگە قاراپ مۇنداق دېدى:
- ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئۇ كۆتۈلمىگەن غايىپ مېھمىنىڭلار، ئۇنىڭ يۇقاپ كېتىشى ئۈزراپ كەتسە، قايتىپ كېلىشى يېقىنلاپ قالىدۇ ھەم ئىگىسىنى ئىزدەيدۇ. ئاندىن ياش تۆكۈپ يىغلاپ كېتىپ مۇنداق دېدى:
- ئەتە " زېمىن كەينى - كەينىدىن تەۋرىتىلگەن، پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن، پەرىشتىلەرمۇ كەلگەن، جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا..." ( سۈرە فەجىر 21 ~ 23- ئايەتلەر ) ھالىمىز قانداق بولار؟

ھىلال مۇنداق دەيدۇ:

« رەبىئنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، پېشىنگە ئەزان ئوقۇلدى. ئۇستاز ئوغلىغا قاراپ:
- بول، الله غا چاقىرغۇچىغا جاۋاپ بېرەيلى، - دېدى. ئوغلى بىزگە مۇنداق دېدى:
- ئۇنى مەسجىدكە ئاپىرىشقا ياردەملىشىڭلار، الله سىلەرگە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلغاي.

بىز ئۇنى كۆتۈردۇق، ئوڭ قولىنى ئوغلىنىڭ مۆرىسىگە، سول قولىنى مېنىڭ مۆرەمگە قويدى، ئىككىمىزگە ئېسىلىپ ماڭدى، پۇتى يەرنى جىجىلاپ ماڭاتتى. ئۇنىڭغا مۇنىزىر مۇنداق دېدى:
- ئى زەيدىنىڭ دادىسى! الله ساڭا ئۆيۈڭدە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغانغۇ؟
- ئۇ شۇنداق، لېكىن مەن ئەزان ئوقۇغۇچىنىڭ " نىجاتلىققا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كېلىڭلار " دېگىنىنى ئاڭلىدىم. سىلەردىن كىم چاقىرغۇچىنىڭ نىجاتلىققا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىسا، گەرچە ئۆمىلەپ بولسىمۇ جاۋاپ قايتۇرۇپ، بارسۇن، - دېدى رەبىئە »

* * *

رەبىئە ئىبنى خۇسەيىم كىم؟ ئۇ - تابىئىنلارنىڭ بايراقدارى. ئۆز دەۋرىدە تەقۋادارلىقتا كامالەتكە يەتكەن يېتەكچىلەرنىڭ بىرى. تېگى ئەرەپ، مۇزەر قەبىلىسىدىن. ئۇنىڭ نەسەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئىلياس ۋە مۇزەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ، ئۆزىنى الله غا تەقۋادارلىق قىلىشقا بېغىشلىغان، ئانىسى كېچىلىرى ئۇخلاپ ئويغانغاندا، تېخى بالاغەتكە يېتىش ئالدىدىكى ئوغلىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، پەرۋەردىگارى بىلەن سىردىشىۋاتقانلىقىنى، نامازغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتى، - دە، چاقىرىپ سورايتتى:
- ئوغلۇم رەبىئە، ئۇخلىمامسەن؟
- كېچە كىرگەندە دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن قورققان كىشى قانداقمۇ ئۇخلىسۇن؟

كۆز ياشلىرى بۇ ياشانغان ئانىنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ چۈشەتتى ۋە ئوغلىغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيتتى. رەبىيئە ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا، تەقۋا، پەرزكارلىقىمۇ بىللە ئۆستى ۋە الله دىن قورقۇشىمۇ بىللە چوڭ بولدى. ئانىسى ئوغلىنىڭ كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا رەببىگە تۇلا ئىلتىجا قىلغانلىقى، قاتتىق ياش تۆككەنلىكىگە ئىچى ئاغرىدى، ھەتتا ئۇنىڭدىن بەزى گۇمانلارنىمۇ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىغا مۇنداق دېدى:

- ئوغلۇم! ساڭا نېمە بولدى؟ بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ئوخشىمامسەن؟ بىرەرنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭمۇ- يە؟

- ھەئە، ئانا! ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. ئانا قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە:

- ئۇ كىم؟ كىمنى ئۆلتۈردۈڭ؟ كىشىلەردىن ياردەم سورايلى، سېنى تىلىۋالسۇن. ئۇلار بەلكىم ئەپۇ قىلار، ئۆلتۈرۈلگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سېنىڭ يىغلاپ جاپا چەككەنلىكىڭنى، كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىڭنى كۆرسە رەھىم قىلار.

- ھېچكىمگە گەپ قىلماڭ. مەن ئۆزەمنى ئۆلتۈردۈم، ئۇنى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈردۈم.

* * *

رەبىيئە ئىبنى خۇسەيىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ساھابىسى، ھىدايەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىن ساھابە - ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ شاگىرتى بولدى. رەبىيئە ئۇستازىنى بالا ئانىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇستازىمۇ ئۆز شاگىرتىنى دادا ئۆز ئىنىڭ ئەركە بالىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى. رەبىيئە ئابدۇللانىڭ قېشىغا رۇخسەتسىز كىرىۋېرەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ قېشىدا رەبىيئە بولسا، ئۇ چىقىپ كەتمىگۈچە باشقىلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايتتى. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەبىيئەنىڭ روھىنىڭ سۈزۈكلىكى، قەلبىنىڭ ساپلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن كېيىن كېلىپ قالغانلىقىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا، ئادەمنىڭ قەلبى ئېچىشقۇدەك دەرىجىدە ئىبادەتنى چىرايلىق قىلىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

- ئى زەيىدنىڭ دادىسى! ئەگەر سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەن بولسا، چوقۇم ياخشى كۆرگەن بولاتتى. يەنە مۇنداق دېگەن:

- مەن سېنى قاچانلا كۆرسەم، ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالدا كۆرىمەن.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد سۆزىدە ئاشۇرىۋەتمىگەن ئىدى. رەبىيئە ئىبنى خۇسەيىم الله دىن قورقۇش، پەرزكارلىق ۋە تەقۋادارلىقتا شۇ دېمەتلىك كىشىلەردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن باشقىسى يېتەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. بۇ توغرىسىدا تارىخ سەھىپىلىرى چاقنىتىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن خەۋەرلەر بار. ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« مەن رەبىيئە ئىبنى خۇسەيىم بىلەن يىگىرمە يىل بىللە بولدۇم، مەن ئۇنىڭدى يۇقىرىغا

ئۆرلەيدىغان سۆزدىن باشقىسىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. » ئاندىن الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى تىلاۋەت قىلدى: " ياخشى سۆز الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ " ( سۈرە فاتىر 10- ئايەت ) « بىر كېچىسى رەبىيئەنىڭ يېنىدا ياتتىم، ئۇ مېنىڭ ئۇخلاپ بولغانلىقىمغا جەزىم قىلىپ بولغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ، الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئوقۇدى: " يامان ئىشلارنى قىلغانلار ( يەنى گۇناھكار كۇففارلار ) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى ، ھاياتلىق - ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ( يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمە دېگەن يامان؟! " ( سۈرە جاسىيە 21- ئايەت ) ئۇ پۈتۈن كېچە مۇشۇ ئايەت بىلەن ناماز ئوقۇدى. ئايەتنى باشلايتتى، قايتا - قايتا ئوقۇيتتى. ئاخىرى تاڭ يورىدى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. »

رەبىيئەنىڭ الله دىن قورقۇشى ۋە ئەنسىرىشى توغرىسىدا نۇرغۇن خەۋەرلەر بار. ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىز بىر كۈنى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بىلەن بىللە چىقتۇق، رەبىيئە ئىبنى خۇسەيممۇ بىللە ئىدى. بىز فۇرات دەرياسىنىڭ ساھىلىغا كەلگەندە، ئوت يېقىلغان ھاك تاۋلايدىغان بىر ئوچاقنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق، ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ تۇراتتى، يالقۇنى تىللىرىنى ھەر يانغا سوزاتتى، ئوتنىڭ نەرىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇچاقتا كۆيۈپ ھاك بولسۇن ئۈچۈن تاشلار تاشلاندى. رەبىيئە ئوتنى كۆرگەندە ئورنىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭغا قاتتىق تىترەك ئولاشتى ۋە الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئوقۇدى: " دوزەخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزەخنىڭ غەزەپتىن قايىنىغان ۋە ئىشەكتەك ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزەخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا - بۇ يەردە ئۇلار ( ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى ) تىلەيدۇ " ( سۈرە فۇرقان 12-13- ئايەتلەر ) ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ،ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەنگە قەدەر كۈتتۇق، ھوشىغا كەلگەندە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇق.

* * *

رەبىيئە ئىبنى خۇسەيم پۈتۈن ھاياتىدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ۋە تەييارلىق قىلىپ ياشىدى. ئۆلۈم كەلگەندە قىزى يىغلاشقا باشلىدى، ئۇ مۇنداق دېيىتتى:

- قىزىم! نېمىگە يىغلايسىز؟ دادىڭىزغا ياخشىلىق كەلگەن تۇرسا...

ئاندىن ياراتقۇچىغا جان تەسلىم قىلدى...

رەبىيئەتۇر رەئيى

«ھەدىسنى رەبىيئەدىن بەك يادقا بىلىدىغان بىرەرسىنى كۆرمىدىم»
ـ ئىبنى ماجەشۇن

بىز ھازىر ھىجرىيەنىڭ 51 ـ يىلىدا
مانا بۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزغۇچى ئەقىدىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا مېھرىبان، ئىسلاھ قىلغۇچى قولىنى سونۇپ، دۇنياغا ئىنسانىي ئىنسانغا بويسۇنۇشتىن قۇتقۇزىدىغان قانۇننى تارقىتىپ، دوستلۇقنى پەقەت بىر الله غىلا بېغىشلاپ يەر شارىنىڭ شەرق ۋە غەربىگە يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ.
بۇ ئۇلۇغ ساھابە، خۇراساننىڭ ئەمىرى، سىجىستاننى فەتھ قىلغۇچى، زەپەر قۇچقان قوماندان ـ رەبىيئە ئىبنى زىيادىل ھارىسى ئۇ زىننىڭ غازات قىلغۇچى قوشۇنىغا باش بولۇپ، الله يولىدا جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا شجائەتلىك خىزمەتكارى فەرۇخمۇ بار ئىدى. الله سىجىستان ۋە باشقا تەرەپلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن مۇكاپاتلىغاندىن كېيىن، بۇ قوماندان ئۆز ھاياتىنى سەبھۇن (تۈركىستان چېگرىسىدىكى چوڭ دەريا) دەرياسىدىن ئۆتۈش، ماۋرائۇننەھىر دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ يۇرتلارنىڭ چوققىلىرىغا تەۋھىد بايرىقىنى تىكلەشكە ئاتىدى. رەبىيئە ئىبنى زىياد جەڭگە تولۇق، پۇختا تەييارلىق قىلدى، الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقىت ۋە ئۇرۇشنى بەلگىلىدى. جەڭ باشلانغاندا رەبىيئە ۋە ئۇنىڭ باتۇر قوشۇنى تارىخ تىلىدىن چۈشۈرمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. رەبىيئەنىڭ خىزمەتكارى فەرۇخمۇ جەڭ مەيدانىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى، ھەتتا رەبىيئەنىڭ قىزىقىشى، ھۆرمەتلىشى، چوڭ بىلىشى ھەسسىلەپ ئاشتى. جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زور غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. دۈشمەنلەرنىڭ مەيدانى تەۋرىنىپ، سېپى پارچىلىنىپ، بىرلىكى بۇزۇلدى. ئاندىن مۇسۇلمانلار تۈرك زېمىنىغا كىرىشكە تۇسالغۇ بولۇۋاتقان، جۇڭگو زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىشتىن، سوغدى مەملىكىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن توسۇپ قويۇۋاتقان دەريادىن ئۆتتى.
بۇيۈك قوماندان دەريادىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاقتا قەدەم سېلىپلا، ئۇ ۋە ئەسكەرلەر دەريا سۈيىدە تاھارەت ئالدى ۋە قىبلىگە قاراپ، غەلبە ئاتا قىلغۇچى الله غا ئىككى رەكئەت تەشەككۇر نامىزى ئوقۇدى، ئاندىن بۇ كاتتا قوماندان خىزمەتكارى فەرۇخنى مۇكاپاتلاپ، ئۇنى ئازات قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا بۇ كۆپ غەنىمەتتىكى نېسىۋىسىنى تەقسىملەپ بەردى، يەنە ئۆز يېنىدىن نۇرغۇن مال بەردى. شۇ كۈندىن كېيىن رەبىيئە ئىبنى زىيادىل ھارىسى ئۇزاق ياشىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن بەلگىلەنگەن ئەجەل كەلگەندە، رازى بولغان ۋە رازى قىلىنغان ھالدا پەرۋەردىگارى تەرەپكە كەتتى. ئەمما باتۇر، قەھرىمان يىگىت ـ فەرۇخ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتتى. ئۇ تەقسىم قىلىنغان ۋە قوماندان بەرگەن زور مال، بۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ قىممەتلىك ئەركىنلىك ۋە قەھرىمانلىق بايانلىرى بىلەن تولغان، رىئاللىقتا

كۆرگەن نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىدى.

* * *

فەرۇخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىسىگە چۈشكەندە تولۇق يېتىلگەن، ھاياتى كۆچى ئۇرغۇپ تۇرغان، جاسارەتكە تولغان ياش بولۇپ، ئوتتۇزغا يېقىنلاشقان ئىدى. ئۇ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆي تۇتماقچى، كۆڭلى تەسكىن تاپىدىغان بىر ئايالغا ئۆيلەنمەكچى بولدى ـ دە، مەدىنىنە ئۆيلىرىنىڭ نورماللىرىدىن بىر ئۆينى سېتىۋالدى. ئەقلى پەزىلەتتە يېتىشكەن، دىنى ساغلام، ياشتا يېقىنلىشىدىغان بىر ئايالنى تاللاپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆيلەندى.

فەرۇخ ئۆيى ئارقىلىق ھەقىقەتەن بەختكە چۆمدى. ئايالىدىن ئۆزى ئويلىغان ۋە ئۈمىد قىلغاندىنمۇ ئۈستۈن ئىللىقلىق، شات ـ خۇرام تۇرمۇشقا ئېرىشتى. لېكىن ھەممە نەرسە تولۇق ئاۋات ئۆي ھەمدە الله ئاتا قىلغان ئېسىل خىسلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ھەممىسىگە ئىگە ئايالى بۇ مۆئمىن چەۋەندازنىڭ جەڭگە قاتنىشىشقا بولغان سېغىنىشىنى، قىلىچلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بولغان ئىشتىياقى، الله يولىدىكى جىھادنى يېڭىدىن باشلاشقا بولغان تەشنالىقىنى باسالمىدى. مەدىنىدە الله يولىدا جىھاد قىلغۇاتقان قوشۇنىڭ غەلبە خەۋىرى تارقالسىلا، ئۇنىڭ جىھادقا بولغان ئىشتىياقى لاۋۇلداپ، شەھىدلىككە بولغان تەشنالىقى قاتتىق كۆچىيەتتى.

بىر جۈمە كۈنى فەرۇخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ خاتىپىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھەر قايسى مەيدانلاردا جەڭ قىلغۇاتقان ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنى الله يولىدا جىھاد قىلىشقا قىزىقتۇرىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى دىننى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش، پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن شەھىدلىكنى ئىزدەشكە رىغبەتلەندۈرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ھەر قايسى جايلاردا جەڭ قىلغۇاتقان مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن بىرىگە قېتىلىش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇ بۇ ئىرادىسىنى ئايالىغا ئېيتتى. ئايالى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇررەھمان! مېنى ۋە قورسىقىمدىكى بۇ بالىنى كىمگە قالدۇرىسەن؟ سەن مەدىنىگە مۇساپىر ئادەم، سېنىڭ بۇ يەردە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭ يوق تۇرسا.

ـ سېنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا تاپشۇرىمەن، يەنە ساڭا جەڭ غەنىمەتلىرىدىن يىغقان ئوتتۇز مىڭ دىنار قالدۇردۇم. ياخشى ساقلاپ، كۆپەيتىپ، مەن غەنىمەت ئېلىپ سالامەت قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۆزەڭ ۋە بالاڭ ئۈچۈن توغرا خىراجەت قىلغىن... ياكى الله ماڭا ئۆزەم ئارزۇ قىلغان شېھىتلىكنى بېرەر... ـ دېدى، ئاندىن خوشلىشىپ ئۆز غايىسى ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

بۇ دىيانەتلىك ئايال يولدىشى سەپەرگە چىقىپ نەچچە ئايدىن كېيىن نۇرلۇق، چىرايلىق، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگىدەك بىر ئوغۇل تۇغدى. ئانا يولدىشىنىڭ پىراقىنى ئۇنتۇغىدەك دەرىجىدە قاتتىق خۇشال بولدى ۋە ئوغلىغا رەبىيئە دەپ ئىسىم قويدى. كىچىكىدىن

باشلاپ بالىدا تەبىئىي قابىلىيەت نامايەن بولۇشقا، سۆز ـ ھەرىكىتىدە زېرەك ۋە چېچەنلىكى ئاشكارە بولۇشقا باشلىدى، ئانىسى ئۇنى مۇئەللىملەرگە تاپشۇرۇپ ياخشى تەربىيلەشنى تاپىلىدى. ئوغلى ئۇچۇن تەربىيچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنى ياخشى تەربىيلەشكە قىزىقتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بالا يېزىش ۋە ئوقۇشنى ياخشى ئۆگەندى... ئاندىن الله نىڭ كىتاۋىنى يادلاپ، الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ھالىتىدە ناھايىتى يۇمران، مۇڭلۇق تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئاسان بولغانلىرىنى يادلىدى. ئەرەپ تىلىدىمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندى، دىنى ئىشلاردا كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلدى. رەبىيئەنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيلىگۈچىلىرىگە مال ۋە مۇكاپاتنى ئايىماي بەردى. ئۇ ئوغلىنىڭ بىلىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى كۆرگەن ھامان ئۇستازلىرىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ياخشىلىقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى.

ئۇ ئوغلىنىڭ دادىسىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ئۆزى ۋە ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىشىنى قاتتىق ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن فەرۇخنىڭ يوقاپ كېتىشى بەك ئۇزىراپ كەتتى. ئۇ توغرىسىدىكى سۆزلەرمۇ كۆپەيدى. بەزىلەر فەرۇخ دۈشمەننىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ، ـ دېسە، يەنە بەزىلەر، ئۇ توختىماي جىھاد قىلىۋاتىدۇ، دەيتتى. جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن ئۈچىنچى بۆلەك كىشىلەر:

ـ ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان شەھىدلىككە ئېرىشتى، ـ دېدى.

بۇ ئاخىرقى سۆزدىن رەبىيئەنىڭ ئانىسى فەرۇخنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ئەمدى ئۈزۈلگەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ قاتتىق قايغۇردى ھەمدە الله دىن ئەجىر ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

بۇ كۈنلەردە رەبىيئە بالاغەتكە يېتىپ ياشلار قاتارىغا قېتىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئانىسىغا نەسىھەت قىلغۇچىلار مۇنداق دېدى:

ـ مانا بۇ رەبىيئە ئۆزىگە ئوخشاش ياشلار بىلىشكە تېگىشلىك ئوقۇش ۋە يېزىشنى تولۇق ئۆگەندى. قۇرئان يادلاپ، ھەدىس ئۆگىنىپ، تەڭتۇشلىرىنى بېسىپ چۈشتى. ئۇنىڭغا ياخشى بىر ھۈنەر تاللاپ بەرگەن بولسىڭىز ئۇ تېزلا ئۇبدان ئۆگىنىپ ئائىلەڭلارنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىدۇ، ـ دېدى. رەبىيئەنىڭ ئانىسى:

ـ الله نىڭ ئوغلۇمغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشنى تاللاپ بېرىشنى تىلەيمەن، ـ دېدى... رەبىيئە ئۆزى ئۈچۈن بىلىم ئېلىشنى تاللىدى ھەمدە پۈتۈن ھاياتىدا ئۆگىنىپ، ئۆگىتىپ ياشاشنى نىيەت قىلدى. رەبىيئە ئۆزى تاللىغان يولغا كىچىكتۈرمەي دادىللىق بىلەن مېڭىپ كەتتى. مەدىنە مەسچىتلىرىگە، تولۇپ كەتكەن بىلىم سورۇنلىرىغا خۇددى چاڭقاپ كەتكەن ئۇسسۇز تاتلىق سۇغا ئۆزىنى ئاتقاندەك بېرىلدى، ساھابە كىراملەرنىڭ ھايات بارلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ بىلىمنى ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ بېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

خادىمى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىدى. سەئىد ئىبنى مۇسەييە مەكھۇلۇششامىي ۋە سەلەمە ئىبنى دىينار قاتارلىق تابىئىنلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى كىشىلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ پىشقەدەملىرىدىن تەلىم ئالدى. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆگەندى، ھەتتا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭغا بىرسى مۇنداق قىلغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ:

- ئۆزەڭنى ئاسرا، - دېۋىدى، ئۇ:

- بىز ئۇستازلىرىمىزنىڭ: « سەن بىلىمگە بارلىقىڭنى تەقدىم قىلمىساڭ، ساڭا بىر قىسمىنىمۇ بەرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، - دېدى.

ئۇزاق ئۆتمەي رەبىيئەنىڭ نامى كىشىلەر ئارىسىغا تارقالدى، دوستلىرى كۆپەيدى، شاگىرتلىرى ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتى، قەۋمى ئۆزلىرىگە يېتەكچى، رەھبەر قىلدى.

مەدىنىنىڭ بۇ ئالىمىنىڭ ھاياتى خاتىرجەم ئۆتىۋاتاتتى. بىر كۈنىنىڭ يېرىمى ئۆيدە ئائىلە ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە، قالغان يېرىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە بىلىم سورۇنلىرىدا ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كىشىنىڭ خىيالىغا كىلىپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەرگەنگە قەدەر شۇنداق تېنچ ئۆتىۋەردى.

ياز ئايلىرىنىڭ ئاي تۇغقان ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بىر ئاتلىق كەلدى. ئۇ مەدىنە كوچىسىدا ئېتىنى مىنگەن ھالدا ئۆز ئۆيىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ ئۆيى بۇرۇنقىدەك تۇردىمۇ ياكى ۋاقىت ئۇنى يۇقاتتىمۇ؟ - بىلمەيتتى. ئۇنىڭ مەدىنىدىن كەتكىنىگە ئوتتۇز يىلدىن ئاشقان ئىدى. ئۇ ئۆز- ئۆزىدىن شۇ ھويلىدا قۇيۇپ قويغان ياش ئايالى نېمە ئىش قىلغاندۇ؟... قورسىقىدا كۆتىرىۋاتقان بالىسى قانداق بولغاندۇ؟... ئوغۇل تۇغقانمىدۇ ياكى قىزمىدۇ؟... ھاياتمىدۇ ياكى ئۆلۈكمىدۇ؟... ھايات بولسا ئەھۋالى قانداقتۇ؟- دەپ سورايتتى... جىھاد غەنىمەتلىرىدىن يىغقان، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق يۇرتلارنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ماڭغان ئىسلام قوشۇنى بىلەن بىللە الله يۇلىدا جىھادقا ماڭغاندا قالدۇرۇپ كەتكەن زور مەبلەغ قانداق بولغاندۇ؟ - دەپ ئويلايتتى. مەدىنە كوچىلىرى ئۆتكەن كەچكەنلەر بىلەن ئاۋات بولۇپ، كىشىلەر خۇپتەن نامىزىدىن تېخى ھازىرلا تارقىغان بولسىمۇ، بۇلاردىن ھېچكىم ئۇنى تونىمايتتى، ئۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ قاۋۇل ئېتىغا، مۈرىسىگە ئېسىۋالغان قېلىچىغىمۇ نەزەر سالمايتتى. ئىسلام ئەللىرى ئاھالىلىرى الله يولىدا جەڭگە ماڭغان ياكى جەڭدىن قايتقان مۇجاھىدلارنى كۆزىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ پەرۋاسىزلىقى بۇ ئاتلىق كىشىنىڭ غەم - قايغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ۋەسۋەسىسىنى كۈچەيتىپ قويدى. بۇ ئاتلىق كىشى خىيالغا پېتىپ، ئۆزگىرىپ كەتكەن كوچىلاردا كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز ئۆز ھويلىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىشىك ئوچۇق ئىدى، خۇشاللىق ئۇنىڭغا ئۆيدىكىلەردىن رۇخسەت سوراشقا پۇرسەت بەرمىدى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ، ھويلىغا كىردى. ھويلىنىڭ ئىگىسى ئىشىكنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۇقىرى قەۋەتتىن

پەسكە قاراپ ئاي يۈرۈقىدا قىلىچ، نەيزە ئاسقان بىر ئەرنىڭ ھويلىغا ئىجازەتسىز كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ياش ئايالى بۇ يات ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان جايلىرىدىن يىراق ئەمەس يەردە ئىدى ـ دە، ھويلىنىڭ ئىگىسى دەرغەزەپ بولۇپ، توۋلىغان پېتى ئۇنى قوغلاپ چۈشتى.

ـ ھۇ الله نىڭ دۈشمىنى! قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ ئائىلەمگە باستۇرۇپ كىرىپ نامەھرەمگە ھۇجۇم قىلماقچىمۇ سەن؟!

ئۇ ھېلىقى كىشىگە يىرتقۇچ يولۋاس ئۆز تەۋەلىكىنى يامانلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندا ھۇجۇم قىلغاندەك شىددەت بىلەن ئېتىلدى، ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پۇرسەت بەرمىدى.

ھەر ئىككىلى ئەر بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشتى. بۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، چۇقانلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خوشنىلارمۇ ئەتراپقا يىغىلدى. ئۇلار ھېلىقى يات ئادەمنى كىشەن گەردىنىنى سىققاندەك قورشاپ ئۆز خوشنىسىغا ياردەم بەردى. ھويلىنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىنى تۇتىۋالدى ۋە قول، گەردىنىدىن مەھكەم باغلاپ:

ـ ئى الله نىڭ دۈشمىنى! الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى پەقەت ۋالىنىڭ يېنىدىلا قويۇپ بېرىمەن، بولمىسا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن، ـ دېدى. ھېلىقى ئادەم:

ـ مەن الله نىڭ دۈشمىنى ئەمەس، مەن گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ مۈلۈكۈم، كەلسەم ئىشىك ئوچۇقكەن، كىردىم... دەپ، كىشىلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى خالايىق! سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئۇنى ئۆز پۇلۇمغا سېتىۋالغان. ئى خالايىق! مەن ـ فەرۇخ. خوشنىلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز يىلدىن بېرى الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان فەرۇخنى تونۇيدىغان بىرەرسى قالمىدىمۇ؟!

ھويلىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئانىسى ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلاردىن ئويغىنىپ كەتتى. يۇقىرى قەۋەتنىڭ دەرىزىسىدىن قاراپ ئۆز ئېرىنى ئۆز ئەينى كۆردى. ئۇ ھەيرانلىقتىن گەپ قىلالمىغىلى تاس قالدى، لېكىن تۇرمايلا مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنى قويىۋېتىڭلار، رەبىيئە! ئۇنى قويىۋەت، ئۇنى قويىۋەت ئوغلۇم! ئۇ سېنىڭ داداڭ. خالايىق! قايتىپ كېتىڭلار، الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن. دىققەت قىلىڭ ئەبۇ ئابدۇررەھمان! سىزنىڭ ئالدىڭىزنى توسقان بۇ كىشى ـ سىزنىڭ ئوغلىڭىز، سىزنىڭ جىگەر پارىڭىز.

ئۇنىڭ سۆزى قۇلاققا يېتىشى بىلەن فەرۇخ رەبىيئەگە ئالدىنى قىلدى ۋە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى. رەبىيئەمۇ فەرۇخنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىغا، گەردىنىگە، بېشىغا سۆيۈشكە باشلىدى.

كىشىلەر تاراپ كەتتى. رەبىيئەنىڭ ئانىسى ئوتتۇز يىلغا يېقىن خەۋىرى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، بۇ دۇنيادا ئۇ چىرىشارمەن دەپ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان يولدىشىغا سالام قىلىپ چۈشتى. فەرۇخ ئايالىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشكە، خەۋىرى

ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرىشكە باشلىدى. بۇ ئايال يولدىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كۆپ پەرەك يولدىشىنىڭ ئۆزىدە قويۇپ قويغان شۇنچە كۆپ مالنى يوقىتىۋەتكەنلىكىگە غەزەپلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇشى ئۇنىڭ بارلىق خۇشاللىقىنى بېسىپ چۈشۈپ، كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە مۇنداق دەيتتى: ئەگەر ئۇ ھازىر مەندە ئامانەت قويۇپ ياخشىلىق بىلەن ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغان ئاشۇ كۆپ پۇلنى سورىسا ئىش قانداق بولار؟ ئۇنىڭغا ئۆز پۇلىدىن ھېچنېمە قالمىدى، دېسەم نېمە ئىش يۈز بېرەر؟ مەن ئۇنىڭغا مەندە قويغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئوغلىڭىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئىشلەتتىم، دېسەم بىر بالىنىڭ خىراجىتىگە ئوتتۇز مىڭ دىنارنىڭ ھەممىسى كېتەرمۇ، دەپ قايىل بولارمۇ؟ ئوغلىنىڭ قاتتىق سېخىلىقىغا، ئۇنىڭ بىرەر دىنار ۋە بىرەر دىرھەمم قويمىغانلىقىغا، مەدىنىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ پۇللارنى نەچچە مىڭ قېرىنداش بۇرادەرلىرىگە چىقىم قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلدىغانلىقىغا ئىشىنەرمۇ؟ رەبىيئەنىڭ ئانىسى مۇشۇ ئەنسىز خىياللاردا تۇرۇۋاتقاندا يولدىشى ئۇنىڭغا قاراپ:

- ئى رەبىيئەنىڭ ئانىسى! مەن سىزگە تۆت مىڭ دىنار ئەكەلدىم، سىزگە قالدۇرغان مالنى ئەكىلىڭ، بۇنى قوشۇپ ھەممىسىگە باغ ياكى يەر سېتىۋېلىپ، ھاياتلىق يار بەرسە شۇنىڭ كىرىمى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەيلى، - دېدى. ئايالى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىپ، ھېچنىمە دېمىدى. فەرۇخ ئۇنىڭدىن قايتا سوراپ:

- قېنى، ھېلىقى پۇل نەدە؟ مەن ئۇنىڭغا مەندىكىنى قوشۇپ قوياي، - دېدى. ئايال:

- مەن ئۇنى مۇۋاپىق بىر جايغا قويغان، خۇدا خالىسا بىر قانچە كۈنگە قالماي چىقىرىپ بېرەي، - دېدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى مۇئەززىننىڭ ئاۋازى بۆلىۋەتتى. فەرۇخ ئالدىراپ چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ، تاھارەت ئالدى. ئاندىن ئىشىك تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىۋېتىپ: رەبىيئە قېنى؟ - دېۋىدى، باشقىلار:

- ئۇ بىرىنچى ئەزاندىلا سەندىن بۇرۇن مەسجىدكە كەتكەن، سەن جامائەتكە ئۈلگۈرەلمەسلىكىڭ مۇمكىن، - دېدى.

فەرۇخ مەسجىدكە يېتىپ بارغاندا، ئىمام نامازنى ھازىرلا ئوقۇپ بولغان ئىدى. ئۇ ئۆز نامىزىنى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك مەقبەرىسى تەرەپكە باردى، ئاندىن پاك باغچا تەرەپكە ئەگەلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە باغچىنى كۆرۈشكە ئىشتىياق، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇشقا بولغان تەشنالىق بار ئىدى. ئۇ گۈزەل بىر جايىنى ناماز ئوقۇشقا تاللىدى. نەفلى ناماز ئوقۇشقا باشلاپ، الله ئوقۇشنى خالىغان نامازنى ئوقۇدى، ئاندىن ئىلھام قىلىنغان دۇئالارنىڭ قىلدى. مەسجىدتىن ئايرىلماقچى بولغاندا، مەسجىد مەيدانىنىڭ شۇنچە كەڭ تۇرۇپ، بىلىم ئالغۇچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. كىشىلەر سورۇندا ئۇستازىنىڭ ئەتراپىغا ئۇلۇغ شۇۋالغان بولۇپ، مەيداندا پۇت قويغىدەك يەر قالمىغان ئىدى. ئۇ كىشىلەر توپىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشقا

چوڭايغان مەشھۇر ئۇستازلار، ھالىتىدىن مەرتىۋىلىكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان سالاپەتلىك ئەرلەر بار بولۇپ، نۇرغۇن ياشلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قەلەملىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، خۇددى گۆھەر تەرگەندەك، ئۇستاز دېگەن سۆزلەرنى تىرىپ ئېلىپ، نەپىس بويۇمنى ساقلىغاندەك دەپتەرلىرىگە خاتىرىلەيتتى. كىشىلەر توپى ئۇستاز ئولتۇرغان تەرەپكە يۈزلىنىپ دىققىتى بىلەن قاراپ ئولتۇرغان بولۇپ، خۇددى باشلىرىدا قۇش بارىدەك، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. يەتكۈزگۈچىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سۆزمۇ ـ سۆز تولۇقى بىلەن يەتكۈزەتتى. قانچىلىك يىراق بولسۇن، ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر ئېغىزمۇ قولدىن بېرىپ قويمايتتى. فەرۇخ ئۇستازنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئورۇندى، ئورنى يىراق بولغاچقا كۆرەلمىدى. ئۇستازنىڭ ئوچۇق بايانلىرى، مول بىلىملىرى، ئاجايىپ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئۇنى ھاياجانغا سالدى. كىشىلەرنىڭ ئۇستازغا بولغان ھۆرمىتى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇستاز سۆزىنى تۈگىتىپ، ئورنىدىن تۇردى، ـ دە، كىشىلەر گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەسجىدنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىشىپ، ئۇزىتىپ چىقتى. مۇشۇ ۋاقىتتا فەرۇخ يېنىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئادەمگە قاراپ:

ـ رەببىڭنىڭ ھۆرمىتى، بۇ ئۇستازنىڭ كىملىكىنى ماڭا دەپ بەرسەڭ، ـ دېدى. بۇ ئادەم ئەجەپلىنىپ:

ـ سەن مەدىنىلىك ئەمەسمۇ ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ مەدىنىلىك، مەدىنىدە ئۇنى تونۇمايدىغان ئادەممۇ بارمىكەن؟

ـ مەن ئۇنى تونۇمىغان بولسام كەچۈرگىن. ئوتتۇز يىل ئەتراپىدا مەدىنىدىن يىراق جايلاردا يۈردۈم، مەدىنىگە تېخى ئاخشاملا قايتىپ كەلدىم.

ـ كېرەك يوق، مەن بىلەن ئازراق ئولتۇر، ساڭا ئۇستاز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي، سەن سۆزىنى ئاڭلىغان بۇ ئۇستاز ـ تابىئىنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرى. ئۇ مەدىنىنىڭ ھەدىسشۇناسى، دىنى ئالىمى. يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، مەدىنىلىكلەرنىڭ ئىمامى، ماشا الله (الله نىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ) ـ ھېلىقى ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ـ ئۇنىڭ سورۇنىدا مەن كۆرگەندەك مالىك ئىبنى ئەنەس، ئەبۇ ھەنىفە، يەھيا ئىبنى سەئىدىل ئەنسارى، سۇفيان سەۋرى، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەمرىل ئەۋزائى، لەيسە ئىبنى سەئىدى قاتارلىقلار بار.

فەرۇخ:

ـ لېكىن سەن... ـ دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى تۈگىتىشكە پۇرسەت بەرمەي، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئۇ بۇلاردىن سىرت ئېسىل پەزىلەت، كەمتەرلىك، گۈزەل ئەخلاق ۋە سېخىيلىقنىڭ پېشۋاسى. مەدىنىلىكلەر دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئۇنىڭدەك سېخى، دۇنياغا بېرىلمەسلىكتە ئۇنىڭدەك تەقۋا،

الله نىڭ رازىلىقى ۋە مۇكاپاتىغا ئۈنىڭدەك قىزىقىدىغان بىرەرسىنى بىلمەيدۇ.
فەرۇخ:
- لېكىن سەن ماڭا ئۈنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرمىدىڭ.
- ئۇ - رەبىيئەتۇر رەئيى.
- رەبىيئەتۇر رەئيى؟!
- ھەئە، ئىسمى رەبىيئە، لېكىن مەدىنە ئالىملىرى ۋە ئۇستازلار ئۇنى رەبىيئەتۇر رەئيى دەپ چاقىرىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر مەسىلىگە الله نىڭ كىتاۋى ياكى پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىدىن ئېنىق ئاساس تاپالمىسا، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇ مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئىجتىھاد قىلىدۇ. ئاساسى يوق مەسىلىلەرگە ئاساسى بار مەسىلىلەر ئاساسىدا ئۇلار دۇچ كەلگەن ئىشلارغا دىللار ئارام تېپىپ، كۆڭۈل خاتىرجەم بولغىدەك ھۆكۈم چىقىرىدۇ.
فەرۇخ ھەسرەت بىلەن:
- سەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى دېمىدىڭغۇ؟!
- ئەبۇ ئابدۇررەھمان دەپ ئاتالغان فەرۇخنىڭ ئوغلى رەبىيئە. ئۇ دادىسى الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بولۇپ، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئانىسى ئۈستىگە ئالغان. نامازنىڭ ئالدىدىلا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ دادىسى كېچىدىن قايتىپ كەپتۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، - دېدى ھېلىقى كىشى.
مۇشۇ يەرگە كەلگەندە فەرۇخنىڭ كۆزىدىن چوڭ ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. ھېلىقى ئادەم بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى، ئۇ ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭدى. رەبىيئەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ياشقا تولغانلىقىنى كۆرۈپ:
- رەبىيئەنىڭ دادىسى! نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدى.
- ياخشىلىق بولدى. مەن ئوغلىمىز رەبىيئەنى بىلىم، شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇقتا ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىمنى كۆرۈپ باقمىغان ئورۇندا كۆردۈم، - دېدى. رەبىيئەنىڭ ئانىسى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى - دە، ئۇنىڭغا:
- سەن قايسىسىنى ياخشى كۆرىسەن؟ ئوتتۇز مىڭ دىنارنىمۇ ياكى ئوغلۇڭ ئېرىشكەن بىلىم ۋە شان - شەرەپنىمۇ؟
- بەلكى الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئوغلۇمنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى پۈتۈن دۇنيانىڭ مال - دۇنياسىدىن ئۈستۈن قويىمەن. - مەن سەن قالدۇرغان پۇل مالنى مۇشۇنىڭغا خىراجەت قىلدىم، قىلغىنىم كۆڭلۈڭگە ياقتىمۇ؟
- ئەلۋەتتە ياقتى. الله مەن، ئوغلۇڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ساڭا چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلغاي!

رەجا ئىبنى ھەيۋە

«كىندىدە ئۈچ ئادەم بار، الله ئۇلار سەۋەبلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ، دۈشمەنلەر
ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ـ رەجا ئىبنى ھەيۋە »
ـ مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك

تابىئىنلار دەۋرىدە تەخدىشى يوق ئۈچ ئادەم بولۇپ، ئۇلار دېيىشىپ قويغاندەكلا بىر ـ بىرىنى ھەقتە چىڭ تۇرۇش ۋە سەبرى قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى، ياخشىلىق ۋە خەيرىيەت ئىشلارنى قىلىشقا ۋەدىلىشەتتى، ھاياتىنى تەقۋالىق ۋە بىلىم بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئۆزلىرىنى الله ، رەسۇلۇللا ۋە ئومۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە ئاتىغان ئىدى. ئۇلار ـ ئىراقتىكى مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن، ھىجازدىكى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى بەكرى، شامدىكى رەجا ئىبنى ھەيۋە ئىدى.

كېلىڭلار! بۇ تەلەيلىك بۇ ياخشى مۇتتەقى كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى ـ رەجا ئىبنى ھەيۋەنىڭ ھايات باغچىسىدا ئۆتكۈزەيلى!

* * *

رەجا ئىبنى ھەيۋە پەلەستىن زېمىنىنىڭ بەيسان دېگەن يېرىدە ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ خەلىفىلىكىنىڭ ئاخىرىقى دەۋرى ياكى شۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتتا تۇغۇلدى. ئۇ ئەرەپلەرنىڭ كىندى قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. كىندىلىق بۇ يىگىت كىچىكىدىن باشلاپلا الله غا ئىتائەت قىلىپ، الله نى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ياخشى كۆرۈپ ۋە باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش شەكلە يېتەكلەپ، ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ ئەقلىگە كېلىشى بىلەنلا بىلىم ئېلىشقا قەدەم قويدى. بىلىم ئۇنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، مۇستەھكەم ئورۇنلاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسى نىشانىنى الله نىڭ كىتاۋىدىن بىلىم ئېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئوزۇق ئېلىشقا قاراتتى. تەپەككۇرى قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن چاقنىدى، كۆزى پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يورىدى، قەلبى نەسىھەت، بىلىم ـ ھېكمەتكە تولدى. بىلىم ـ ھېكمەت بېرىلگەن ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا سەئىدىل خۇدۇرى، ئەبۇ دەردا، ئەبۇ ئۇمامە، ئۇ بادە ئىبنى سامىت، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان، ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ۋە نۇۋاس ئىبنى سەمئان قاتارلىقلارغا ئوخشاش پېشقەدەم ساھابىلەرنىڭ نۇرغۇنىدىن بىلىم ئېلىشقا نېسىپ بولدى. ئۇلار ئۇنىڭ ھىدايەت چىرىغى، ئىلىم ـ ئىرپان مەشئىلى بولدى.

بۇ ئامەتلىك يىگىت ئۆزى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقارماي تەكرارلايدىغان دەستۇر بېكىتكەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيتتى:

ـ ئىمان بىلەن زىننەتلەنگەن ئىسلام نېمە دېگەن ياخشى! تەقۋالىق زىننەتلىگەن ئىمان نېمە دېگەن ياخشى! بىلىم زىننەتلىگەن تەقۋالىق نېمە دېگەن ياخشى! ئەمەل زىننەتلىگەن بىلىم نېمە دېگەن ياخشى! مۇلايىملىق زىننەتلىگەن ئەمەل نېمە دېگەن ياخشى!

* * *

رەجا ئىبنى ھەيۋە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاندىن تارتىپ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگىچە ئۇمەييە جەمەتىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرگە ۋەزىر بولدى. لېكىن ئۇنىڭ سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىلەن بولغان ئالاقىسى بۇلاردىن بۇرۇنقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بېسىپ چۈشتى. ئۇمەييە جەمەتىنىڭ خەلىپىلىرى ئۇنىڭ نەزىرى ئۆتكۈر، گەپتە راستچىل، نىيىتى دۇرۇس، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەدبىرلىك، يەنە كېلىپ كىشىلەر ئالدىرىشىپ كەتكەن دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە بېرىلمەيدىغان بولغاچقا، ئۆزلىرىگە يېقىن تۇتۇپ، قەلبلىرىدىن ئورۇن بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇمەييە جەمەتىنىڭ خەلىپىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى الله نىڭ ئۇلارغا قىلغان زور رەھمىتى ۋە چەكسىز ئىنئامى ئىدى. ئۇ ئۇلارنى ياخشىلىقتا يېتەكلەيتتى، توغرا يولغا باشلايتتى، يامانلىقتىن توسۇپ، ئۇنىڭ يولىنى ئېتەتتى، ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ، ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. خاتالىقنى كۆرسىتىپ، ئۇنى قىلىشنى يامان كۆرسىتەتتى. ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا نەسىھەت قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ خەلىپىلەر بىلەن ئارىلىششىنى يۇرۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۇلار ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر ئىش يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

مەن سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىلەن كىشىلەر توپى ئىچىدە تۇرىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز بىر ئادەمنىڭ قىستاڭچىلىق ئىچىدە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ كۆرۈنۈشى چىرايلىق، سالاپەتلىك كىشى بولۇپ، سەپنى يېرىپ كېلىۋاتاتتى. مەن خەلىپىنىڭ يېنىغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ يېنىمدا توختاپ، ماڭا سالام قىلدى ۋە ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ ئى رەجا! سەن بۇ ئادەم بىلەن سىنالدىڭ، ـ ئۇ خەلىپىنى كۆرسەتتى ـ سەن نۇرغۇن ياخشىلىق ۋە ياكى يامانلىقتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە. سەن ئۇنى ئۆزىگە ساڭا ۋە بارلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا يېتەكلە. رەجا! ئېھتىياتچان بولغىن، شاھلارنىڭ يېنىدا ئورنى بار ئادەم شاھلارغا ئەرزىنى يەتكۈزەلمەيدىغان ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئەرزىنى شاھلارغا يەتكۈزسە، قىيامەتتە الله نىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېساپ بەرگەندە، الله ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئېھتىياتچان بولغىن، رەجا! كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا، الله ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ. ئېھتىياتچان بولغىن، رەجا! الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىش.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، يەنە سۆزلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقىنىمدا، خەلىپە:

ـ رەجا ئىبنى ھەيۋە قېنى؟ ـ دەپ مېنى چاقىردى. مەن ئۇ تەرەپكە قاراپ:

ـ مانا مەن، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ـ دېدىم. ئۇ مەندىن بىر ئىشنى سورىدى. مەن جاۋاپ بېرىپ بولۇپ ھېلىقى ھەمراھىمغا قاراپ تاپالمىدىم، ئۇنى خېلى ئىزدىدىم. كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

رەجا ئىبنى ھەيۋەنىڭ تارىخنىڭ ئەڭ نۇرلۇق بەتلىرىدە ساقلىنىۋاتقان، كېيىنكىلەر بۇرۇنقىلاردىن بايان قىلىۋاتقان بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىرى بىلەن بولغان سەممىي ھالىتىدىن نۇرغۇنى بار. بىر كۈنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ سورۇنىدا بەنى ئۇمەييەلەرگە يامانلىق ساقلاپ يۈرگەن بىر ئادەم سۆزلەپ قالدى. ئۇ ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ تەرەپدارى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى دېيىلىپ، چېقىمچى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا ئۇنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدىغان ھېلىقى كىشىنى گەپ - سۆزلىرىنى دەپ ئۆتتى - دە، ئابدۇلمەلىك:

- الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى تۇتىۋالسام قانداق قىلىمەنكىن قېنى؟ چۇقۇم بېشىنى ئالىمەن، - دېدى. بۇنىڭغا ئۇزاق ئۆتمەي الله نىڭ تەقدىرى بىلەن ھېلىقى ئادەم ئابدۇلمەلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ ئۇ كىشىنى كۆرۈپلا غەزەپتىن بىر قىسىملا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئىجرا قىلماقچى بولىۋىدى، شۇ زامان رەجا ئىبنى ھەيۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! الله ئەززە ۋە جەللە ساڭا خالىغان قۇدرەتنى بەردى. سەن الله ئۈچۈن الله ياخشى كۆرىدىغان ئەپۇ قىلىشنى بەرگىن، - دېدى. خەلىپىنىڭ ھېسسىياتى پەسىيىپ، ئاچچىقى ياندى ۋە ھېلىقى ئادەمنى كەچۈرۈپ، قويىۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى.

* * *

ھىجرىيەنىڭ 91- يىلى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ھەج قىلدى. ئۇنىڭغا رەجا ئىبنى ھەيۋە ھەمراھ ئىدى. ئۇلار مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھەمراھلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى زىيارەت قىلدى. خەلىفە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە ئوبدان، تولۇق قاراپ چىقماقچى بولدى، چۈنكى ئۇ ئۇنى ئىككى يۈز گەزگە كېڭەيتىشنى نىيەت قىلغان ئىدى. خەلىفىنىڭ ئوبدان كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن، كىشىلەر مەسجىدتىن چىقىرىۋېتىلدى. سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىن باشقا ھەممەيلەن چىقتى. قوغدىغۇچى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبكە چىقىپ كېتىشنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز - ئۇ شۇ ۋاقىتتا مەدىنىنىڭ ۋالىسى ئىدى - سەئىد ئىبنى مۇسەييەبكە كىشىلەر چىقىپ تۈرغاندەك مەسجىدتىن چىقىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ئادەم ئەۋەتتى. سەئىد:

- مەسجىدتىن ھەر كۈنى ئايرىلىپ ئادەتلەنگەن ۋاقىتتىلا ئايرىلىمەن، - دېدى. ئۇنىڭغا: ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىگە سالام قىلمامسەن؟ دېيىلگەندە:

- مەن بۇ يەرگە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئورنۇمدىن تۇرۇشقا كەلدىم، - دېدى. رەجا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەۋەتكەن ئادەم بىلەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆزلەردىن خەۋەر تېپىپ، خەلىفىنى سەئىد بار جايدىن باشقا يەر بىلەن ئېلىپ ماڭدى. بۇلار خەلىفىنىڭ ئاچچىغىنىڭ يامانلىقىنى بىلگەچكە، رەجا خەلىفىنى گەپكە سېلىپ ماڭدى. خەلىفە ۋەلىد ئۇلارغا:

ـ بۇ كىشى كىم؟ ئۇ سەئىد ئىبنىمۇسەييەب ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى.

ـ شۇنداق ، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ـ دەپ، ئىككىسى سەئىدنىڭ دىنى بىلىمى، پەزىلىتى، تەقۋالىقىنى سۆيەتلەپ بېرىشكە باشلىدى ھەمدە:

ـ ئەگەر بۇ ئۇستاز مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنى كۆرەلىگەدەك بولغان بولسا، ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلغان بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز. ـ دېدى. ۋەلىد ئۇلارغا:

ـ مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سىلەر دەۋاتقاندەكلا بىلىمەن، بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام قىلىشقا ھەقلىق. ـ دەپ مەسجىدنى ئايلىنىپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى ۋە:

ـ ئۇستاز! ئەھۋالىڭ قانداق؟ ـ دېدى. سەئىد ئورنىدىن تەۋرىمەي:

ـ الله نىڭ نېمىتى بىلەن ياخشى. تەشەككۈر ۋە پەزلى ـ ئېھسان الله غا بولسۇن. مۇئمىنلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ الله ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن!

خەلىفە قايتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

ـ بۇ كىشىلەرنىڭ ئاخىرقىسى، بۇ ئۇممەتنىڭ پېشۋالىرىنىڭ ئاخىرقىسى.

*　　　*　　　*

خەلىفىلىك سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىككە كەلگەندە، رەجانىڭ ئورنى تېخىمۇ ئاشتى. سۇلايمان ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى. چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردا ئۇنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا قىزىقاتتى. رەجا ئىبنى ھەيۋە بىلەن سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ تەسىرلىك ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ـ خەلىفە سۇلايماننىڭ ۋەلىئەھدى ئورۇنباسار تەيىنلىشى ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى تاللىشى.

*　　　*　　　*

رەجا ئىبنى ھەيۋە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ھىجرىيەنىڭ 99 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ دەسلەپكى جۈمە كۈنى بىز مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك بىلەن دابىق (سۈرىيەنىڭ ھەلەپكە يېقىن جاي بولۇپ، ئۇمەييە جەمەتى رۇملارغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا شۇ يەرگە چۈشەتتى. سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ قەبرىسى شۇ يەردە) تا ئىدۇق. خەلىفە قېرىندىشى مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ قوماندانلىقىدا قۇستانتىنىيەگە زور قوشۇن ماڭدۇرغان ئىدى. بۇ قوشۇندا خەلىفىنىڭ ئوغلى داۋۇد ۋە ئائىلىسىدىن كۆپ كىشى بار ئىدى. خەلىفە الله نىڭ ياردىمى بىلەن قۇستانتىنىيەنى ئازاد قىلىش ياكى ئۆلۈمگىچە دابىق يايلىقىدىن ئايرىلماسلىققا قەسەم قىلدى. جۈمە ناماز ۋاقتى بولغاندا، خەلىفە چىرايلىق تاھارەت ئېلىپ، يېشىل تونىنى كىيىپ، يېشىل سەللىسىنى يۆگىدى ھەمدە ئۆزىگە قىزىقىش نەزىرىدە ئەينەككە قارىدى. ئۇ قىرىق ياشتا بولۇپ، ياشلىقى ئۇرغۇپ

تۇراتتى. ئۇ ئەينەككە قاراپ بولۇپ، كىشىلەر بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن چىقتى. ئۇ مەسجىدتىن تىترەك ئولىشىپ قايتتى. كىسەل كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. ئۇ مەندىن يېنىدىن يىراق كەتمەسلىكىمنى تەلەپ قىلدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ خەت يېزىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ـ دە:

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ ئوغلۇم ئەييۇبنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلەش مەكتۇبى يېزىۋاتىمەن، ـ دېدى ئۇ.

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! خەلىفىنىڭ قەبرىسىدە خاتىرجەم ياتالىشى ۋە رەببى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كىشىلەرگە ياخشى، دىيانەتلىك، سالىھ ئادەمنى ئورۇنباسارلىققا قويۇش بىلەن بولىدۇ. ئوغلۇڭ ئەييۇب تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بالا، ئۇنىڭ ھەقىقى سالاھىيىتى تېخى ئاشكارە بولمىدى.

خەلىفە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

ـ بۇ مەن يازغان خەت، الله دىن ئىستىخارە سالماقچىمەن، تېخى قەتئىي نىيەتكە كەلمىدىم، ـ دېدى ۋە خەتنى يىرتىۋەتتى. بۇنىڭدىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خەلىفە مېنى چاقىرىپ:

ـ ئى ئەبۇ مىقدام! (رەجانىڭ تەخەللۇسى) ئوغلۇم داۋۇد توغرىسىدا قانداق پىكرىڭ بار؟

ـ ئۇ ھازىر قۇستانتىنىيەدە مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن بىللە، ھازىر يوق. ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ؟ بىلمەيسەن.

ـ ئۇنداقتا سېنىڭچە كىم لايىق؟

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! بۇنى سەن بىلىسەن، ـ دېدىم.

مەن كىشىلەرنى بىر ـ بىرلەپ دەپ، ئاخىرى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى تىلغا ئېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم، ئۇ:

ـ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭ پەقەت پەزىلەتلىك، مۆكەممەل، ئەقىللىق، دىيانەتلىك... ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

ـ توغرا دېدىڭ. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سەن دېگەندەكلا، لېكىن مەن ئۇنى تەيىنلەپ، ئابدۇلمەلىك ئەۋلادىغا سەل قارىسام، فىتنە پەيدا بولىدۇ، ئۇلار ئۇنى خاتىرجەم قىلمايدۇ.

ـ ئۇنداقتا ئۇلاردىن بىرىنى قوشۇپ، ئۇنى ئۆمەردىن كېيىنكى خەلىفە قىلىپ تەيىنلىگىن.

ـ توغرا دېدىڭ. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ئۇلارنى رازى قىلىدۇ.

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇ قولىغا قەغەز ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن خەت يازدى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

اللەنىڭ بەندىسى، مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكتىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە:

مەن ئۇنى مەندىن كېيىنكى خەلىپە قىلىپ تەيىنلىدىم ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنى خەلىپە قىلدىم. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار. نىيىتى يامانلارغا پۇرسەت بولمىسۇن.»

ئۇ خەتنى تۈگىتىپ، ماڭا سۇندى، ئاندىن ساقچى باشلىقى كەئب ئىبنى ھامىزغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا:

ـ ئائىلەمدىكىلەرنى چاقىرغىن، ئۇلار يىغىلسۇن. ئۇلارغا رەجا ئىبنى ھەيۋەنىڭ قولىدىكى خەت مېنىڭ خېتىم ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇر. ئۇلارنى خەتتىكى كىشىگە بەيئەت قىلىشقا بۇيرۇغىن، ـ دېدى.

رەجا مۇنداق دەيدۇ:

ئۇلار يىغىلغاندا، ئۇلارغا:

ـ بۇ مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ خېتى. ئۇنىڭدا خەلىپە ئۇ زىدىن كېيىنكى خەلىپىنى تەيىنلىگەن. خەلىپە مېنى ئۇ تەيىنلىگەن كىشىگە بەيئەت قىلىشقا بۇيرۇدى، ـ دېدىم. ئۇلار:

ـ بىز مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز، تەيىنلىگەن خەلىپىگە بويسۇنىمىز، ـ دېيىشتى ۋە خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشقا خەلىپىدىن ئۇلارغا ئىجازەت سورىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەن قوشۇلدۇم. ئۇلار خەلىپىنىڭ قېشىغا كىرگەندە، خەلىپە ئۇلارغا:

ـ رەجانىڭ قولىدىكى مېنىڭ خېتىم. ئۇنىڭدا مېنىڭدىن كېيىنكى خەلىپە تەيىنلەنگەن. سىلەر مەن تەيىنلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە مەن خەتتە تىلغا ئالغان كىشىگە بەيئەت قىلىڭلار، ـ دېدى.

ئۇلار بىر ـ بىرلەپ بەيئەت قىلىشقا باشلىدى، پېچەتلەنگەن خەتنى چىقاردىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى مەن ۋە مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىدىن باشقا ھېچبىر ئىنسان بىلمەيتتى. كىشىلەر تاراپ بولغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز يېنىمغا كېلىپ، مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئەبۇ مىقدام! مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ماڭا بولغان تونۇشى ياخشى ھەم مېنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭ خەلىپىلىك ئىشىدىن بىرەرنى ماڭا تاپشۇرغان بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. الله بىلەن قەسەم قىلىمەن. ھۆرمىتىم، دوستلۇغۇم يۈزىسىدىن سەندىن خەتتە نېمە بارلىقىنى دەپ بېرىشىڭنى سورايمەن. ئەگەر مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ خېتىدە ماڭا ئالاقىدار بىرەر نەرسە بولسا، پۇرسەت كېتىشتىن ئىلگىرى خەلىپىدىن ماڭا ئالاقىدار ئىشلارنى ئۆچۈرىۋېتىشنى سورىۋالاي، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن سورىغان ئىشتىن بىر ھەرپىنىمۇ ساڭا دېمەيمەن، ـ دېدىم.

ئۇ ئاچچىقلانغان پېتى كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

- ئى ئەبۇ مىقدام! بىز بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلمىز ھەم كونا دوستلاردىن ھەم مەن ساڭا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن. ماڭا مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ خېتىدە نېمە بارلىقىنى دەپ بەرسەڭ. ئەگەر خەلىفىلىك ماڭا تاپشۇرۇلغان بولسا گەپ قىلمايمەن. ئەگەر باشقىلارغا تاپشۇرۇلغان بولسا گېپىم بار. الله بىلەن قەسەم قىلاي، ھەرگىز سېنى دېدى، دېمەيمەن، - دېدى.

مەن جاۋابەن:

- ياق، الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى سىر تۇتۇشقا بۇيرۇغان ئىشتىن قىلچە ئەشكارىلىمايمەن، - دېدىم. ئۇ:

- مەن قاتناشتۇرۇلمىسام بۇ ئىش كىمگە كېلىدۇ؟! خەلىفىلىك ئابدۇلمەلىك ئەۋلادىدىن چىقىپ كېتەمدۇ؟ الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئابدۇلمەلىك ئەۋلادىنىڭ كۆزى، - دەپ قولىنى قولىغا ئۇرغان پېتى كەتتى. ئاندىن سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ يېنىغا كىردىم، ئۇ جان تەسلىم قىلىۋاتقان ئىكەن. سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنى قىبلە تەرەپكە قاراتماقچى بولىۋىدىم، ئۇ ماڭا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

- رەجا! تېخى ۋاقتى بولمىدى، - دېدى.

مەن ئىككىنچى قېتىم شۇنداق قىلماقچى بولدۇم، ئۈچىنچى قېتىمدا ئاندىن:

- رەجا! ئەمدى ۋاقتى بولدى. بىر ئىش قىلماقچى بولساڭ قىل. ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللا ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا، - دېدى.

مەن ئۇنى قىبلە تەرەپكە قاراتتىم، ئۇ جان تەسلىم قىلدى. خەلىفە جان تەسلىم قىلغاندىن كېيىن كۆزىنى يۇمدۇرۇپ، ئۈستىگە يېشىل يېپىنچا يېپىپ قويۇپ، ئىشىكنى تاقاپ تېشىغا چىقتىم. ئايالى مەندىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ۋە ئۇنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئىشىكنى قىيا ئېچىپ كەلگەن ئادەمگە:

- قارا، خەلىفە ئۇزاق ئۇيقۇسىزلىقتىن كېيىن ھازىرلا ئۇخلىدى، ئۇنى ئارامىدا قويۇڭلار، - دېدىم. ئۇ قايتىپ خەلىفىنىڭ ئايالىغا خەۋەر قىلدى، ئۇ ئىشەندى، ئاندىن ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ، ئىشىك يېنىدا ئىشەنچلىك قاراۋۇل قويۇپ، ئۇنىڭغا مەن قايتىپ كەلگىچە ئورنىدىن ھەرگىز تەۋرىمەسلىك، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلىفىنىڭ يېنىغا كىرگۈزمەسلىكنى تەكىتلىدىم. بۇلارنى تۈگىتىپ تېشىغا ماڭدىم. كىشىلەر ئۇچراپ، ئۇلار:

- مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ - دەپ سوراشتى.

- ئۇ كېسەل بولغاندىن بېرى ھازىرقىدەك ئارام تاپقان ئەمەس، اللهغا شۈكرى، - دېدىم.

ئاندىن ساقچى باشلىقى كەئب ئىبنى ھامىزغا ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇ مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى دابىق مەسجىدىگە يىغدى. مەن ئۇلارغا:
- مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ خىتىدىكى كىشىگە بەيئەت قىلىڭلار، - دېدىم. ئۇلار:
- بىز بىر قېتىم بەيئەت قىلغان، يەنە بىر قېتىم بەيئەت قىلامدۇق؟ - دېيىشتى. مەن:
- بۇ مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقى، - دېدىم. ئۇلار مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن پېچەتلەنگەن خەتتىكى ئىسمى ئاتالغان كىشىگە بەيئەت قىلدى، ئۇلار بىر - بىرىگە بەيئەت قىلدى.مەن ئىشنى ياخشى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا:
- سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار ۋاپات بولدى، ئىننە لىللاھى ۋە ئىننە ئىلەيھى راجىئۇن (بىز ھەممىمىز اللەنىڭ ئىلكىدىمىز، بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز)، - دېدىم ھەمدە خەتنى ئۇلارغا ئوقۇدۇم، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دېگەن يەرگە كەلگەندە، ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك توۋلاپ:
- بىز ئۇنىڭغا ھەرگىز بەيئەت قىلمايمىز، - دېدى. مەن:
- ئۇنداقتا اللە بىلەن قەسەمكى، كاللاڭنى ئالىمەن، تۇر بەيئەت قىل، - دېدىم. ئۇ پۇتىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە:
- ئىننە لىللاھى ۋە ئىننە ئىلەيھى راجىئۇن، - دېدى (ئۇ خەلىفىلىكنىڭ ئۆزىگە ياكى ئابدۇلمەلىك ئەۋلادى بولغان ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بىرەرىگە ئەمەس، ئۆمەرگە كەلگەنلىكىگە قايغۇرۇپ، شۇنداق دېدى)، ئۆمەرمۇ:
- ئىننە لىللاھى ۋە ئىننە ئىلەيھى راجىئۇن، - دېدى (خەلىفىلىكنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان تۇرۇپ، ئۆزىگە كېلىپ قالغانلىقىغا قايغۇرۇپ، شۇنداق دېدى)، بۇ - اللە بۇ ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھاياتى كۈچىنى قايتا ياشارتقان، دىنىنىڭ مەشئىلىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بەيئەت ئىدى.

* * *

مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى - سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىككە خوش مۇبارەك بولسۇن! ئۇ دىيانەتلىك، سالىھ ئادەمنى ئورۇنباسار قىلىپ، تەيىنلەش ئارقىلىق، اللە ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلدى. سەمىمى ۋەزىر - رەجا ئىبنى ھەيۋەگە شات - خۇراملىق يار بولسۇن! ئۇ اللەنىڭ رەسۇلى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلدى. اللە ياخشى، دىيانەتلىك، سالىھ مەسلىھەتچىگە كاتتا مۇكاپات بەرسۇن! لايىق ئەجرىگە ئېرىشتۈرسۇن! ئۇنىڭ تەپەككۇر نۇرى بىلەن مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەن ئامەتلىك ياخشى كىشىلەر يول تاپقۇسى!!!...

رۇفەي ئىبنى مىھران (ئەبۇلئالىيە)

## «ساھابىلەردىن كېيىن ئەبۇلئالىيە، ئاندىن سەئىد ئىبنى جۇبەيىردىن بەك قۇرئاننى بىلىدىغان ئالىم كىشى يوق ئىدى»
### ـ ئەبۇ بەكرى ئىبنى داۋۇد

ئەبۇلئالىيە دەپ ئاتالغان رۇفەي ئىبنى مىھران مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر رەھبەرلىرىدىن بىرى، قالتىس قارى ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ بىرى، تابىئىنلار ئىچىدە اللەنىڭ كىتاۋىغا ھەممىدىن بەك ئالىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئۇلۇغ قۇرئاننى ۋە ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىلىرىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان قۇرئاننىڭ مەقسەت ۋە مۇددىئالىرىنى ئەڭ ياخشى بايقىيالايدىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرگە باي، قىممەتلىك ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت بىلەن تولغان. قېنى كېلىڭلار، بىز ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بېشىدىن باشلايلى:

رۇفەي ئىبنى مىھران پارىس دىيارىدا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلدى. مۇسۇلمانلار پارىسلارنى زۇلمەتتىن نۇرغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن پارىس دىيارىغا غازات قىلىشقا باشلىغاندا، رۇفەي مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېھىر ـ شەپقەت بىلەن تولغان زېمىنىغا ئورۇنلاشقان قۇل ئىدى. ئۇ ۋە دوستلىرى ئۇزاق ئۆتمەي ئىسلامنىڭ يۈكسەكلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئىسلام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى ـ دە، توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇلار اللەنىڭ كىتاۋىنى بىرلىپ ئوقۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى نا ھايىتى كۆپ ئۆگەندى. رۇفەي ئۆزىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەن ۋە مېنىڭ قەۋمىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر مۇھاجىرلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بەسرەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇق، ئاندىن بىز ئىمان ئېيتتۇق ۋە قۇرئاننى يادلاشقا بىرلىپ كەتتۇق. بىزنىڭ بەزىلىرىمىز پۇل تېپىپ، خوجايىنىغا تاپشۇراتتى، بەزىلەر ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم. بىز ھەر كېچىسى قۇرئاننى بىر تاماملايتتۇق، بۇ بىزگە قىيىن كەلدى. ئىككى كۈندە بىر تامام قىلدۇق، بۇمۇ قىيىن كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ كۈندە بىر تاماملىدۇق. كۈندۈزدىكى ھارغىنلىق، كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن بۇمۇ بىزگە تەس كەلدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ساھابىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، اللەنىڭ كىتاۋىنى ئوقۇپ بولالماي ئۇيقۇسىز قالغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇلار: قۇرئاننى ھەپتىدە بىر قېتىم تامام قىلىڭلار، دېدى. بىز ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ، قۇرئاننى كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئوقۇپ، يەنە بىر قىسمىدا ئۇخلايتتۇق، بۇ بىزگە قىيىن كەلمىدى.

* * *

رۇفەي ئىبنى مىھران بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر ئايالنىڭ خىزمەتكارى بولدى. ئۇ ئايال ئەقىللىق، سالاپەتلىك خوجايىن بولۇپ، ناھايىتى تەقۋادار، ئىمانى كۈچلۈك ئايال ئىدى. رۇفەي كۈندۈزى بەزىدە خىزمەت قىلىپ، بەزىدە دەم ئالاتتى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئوقۇش- يېزىشنى ياخشى ئۆگەندى، دىنى بىلىملەردىن تەلىم ئالدى.

مەلۇم بىر جۈمە كۈنى رۇفەي كامىل تاھارەت ئالدى، ئاندىن خوجايىنىدىن مېڭىشقا ئىجازەت سورىدى.

- ئى رۇفەي! قەيەرگە؟ - سورىدى خوجايىنى.

- مەسجىدكە بارماقچىدىم.

- قايسى مەسجىدكە بارىسەن؟

- جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسجىدكە.

- بىللە بارايلى.

ئىككىسى بىللە مېڭىپ، مەسجىدكە كىرىۋاتقانلار بىلەن بىللە مەسجىدكە كىردى. ئۇ خوجايىنىنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. مەسجىد توشۇپ، ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا، خوجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئى مۇسۇلمانلار! گۇۋاھ بولۇڭلار. مەن بۇ خىزمەتكارىمنى اللەنىڭ ساۋابىغا قىزىقىپ، ئەپۇ قىلىشىنى، رازىلىقىنى ئىزدەپ ئازات قىلدىم. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا بولىدۇكى، يامانلىق قىلىشقا يول يوق.

ئاندىن رۇفەيگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئى اللە! مەن ئۇنى مال- دۇنيا، بالا- چاقا پايدا بەرمەيدىغان كۈنگە قالدۇردۇم.

ناماز تۈگىگەندە، رۇفەي ئۆز يولىغا ماڭدى، يەنە بىرەيلەنمۇ ئۆز يولىغا ماڭدى.

رۇفەي ئىبنى مىھران شۇ كۈندىن باشلاپ مەدىنىنگە بېرىپ كېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن ۋاپات بولۇش ئالدىدا كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭدەك مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن بىرگە بولۇش، ئۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىش، ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش شەرىپىگە ئېرىشتى.

ئەبۇلئالىيە دەپ ئاتالغان رۇفەي ئىبنى مىھران اللەنىڭ كىتاۋىغا قاتتىق بېرىلگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىگىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، بەسرەدە ئۆز ئۇچراشقان تابىئىنلارنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاڭلىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ساغلام بولغان مەنبەنى ئاززۇ قىلدى- دە، ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن، پات- پات مەدىنىگە بارىدىغان بولدى. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا بىرلا ئادەم ۋاستىچى بولاتتى، ئۇ

بولسىمۇ- ساھابىلار ئىدى. ئۇ ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى، ئابدۇللا ئىبنى ئاببس قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالدى. ئەبۇلئالىيە مەدىنىە مۇنەۋۋەرەدىكى ھەدىس بايان قىلغۇچىلار بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالمىدى، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ھەر بىر ئورۇنغا باراتتى. ئۇنىڭغا بىر ئادەم بىلمىلىك دېيىلسە، قانچىلىك يىراق بولسۇن تۇگىسىنى ھەيدەپ ماڭاتتى. يېتىپ بارسا ئالدىراپ- تىنەپ ئۇ كىشىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر نامازنى تولۇق، مۇكەممەل ئوقۇمىسا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي، ئۆزىگە:

- نامىزىغا سەل قارىغان ئادەم باشقا ئىشلارغا چوقۇم سەل قارايدۇ، - دەيتتى، ئاندىن ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، كەلگەن يېرىگە قايتىپ كېتەتتى.

ئەبۇلئالىيە بىلىمدە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكىدەك دەرىجىگە يەتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئەبۇلئالىيەنىڭ تاھارەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ يۈز- قولىدىن سۇ تېمىپ، ھەر بىر ئەزاسىدىن پاكلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم ۋە:

- الله تەۋبە قىلغۇچىلارنى، پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، - دېدىم. ئۇ:

- سۇ بىلەن پاكلانغۇچىلار پاكلانغۇچى ئەمەس، ئۇلار تەقۋالىق ئارقىلىق گۇناھتىن پاكلانغۇچىلاردۇر، - دېدى. مەن ئۇنىڭ دېگىنىنى ئويلىدىم ھەمدە مېنىڭ سۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى، ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭغا:

- الله ساڭا كۆپ ئەجىر ئاتا قىلسۇن ھەمدە بىلىم ۋە پاراسىتىڭنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن، - دېدىم».

ئەبۇئالىيەنىڭ يەنە بىر ئادىتى- ئۇ كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا قىزىقتۇراتتى، بىلىم ئېلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ مۇنداق دەيتتى:

- ئۆزەڭلارنى بىلىم ئىگەللەش ئارقىلىق چېنىقتۇرۇڭلار، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كۆپ سوراڭلار. بىلىڭلاركى، بىلىم تارتىنچاق ياكى ھاكاۋۇر ئادەمگە ئالدىنى قىلمايدۇ. تارتىنچاق خىجىل بولۇپ سورىمايدۇ، ھاكاۋۇر چوڭچىلىق قىلىپ سورىمايدۇ.

ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى قۇرئاننى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ تولۇق ئەمەل قىلىشقا، كىشىلەر ئىختىيارىچە پەيدا قىلىۋالغان ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈشكە تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

- قۇرئاننى ئۆگىنىڭلار، ئەگەر ئۇنى ئۆگەنسەڭلار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىمەڭلار. توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. ئەنە شۇ- ئىسلام. اللهنىڭ كىتاۋى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سەپسەتە، بىدئەتلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ يولىدىن ھەرگىز چىقىپ كەتمەڭلار.

ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ھەسەنۇل بەسەرىگە يەتكۈزدى. ئۇ:
- الله بىلەن قەسەمكى، ئەبۇلئالىيە سىلەرگە توغرا نەسىھەت قىپتۇ. - دېدى.
شۇنىڭدەك ئۇ يەنە بىلىم ئۆگەنگۈچىلەرگە قۇرئان يادلاشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيتتى:
- قۇرئاننى بەش ئايەت- بەش ئايەتتىن ئۆگىنىڭلار، بۇ ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان، چۈشىنىشكە ئوڭاي. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەش ئايەت- بەش ئايەتتىن ئېلىپ چۈشكەن.
ئەبۇلئالىيە ئوقۇتقۇچىلا ئەمەس، يول كۆرسەتكۈچى ئىدى. ئۇ بىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تەشنالىقنى پايدىلىق بىلىم مەرىپەت بىلەن قاندۇراتتى، دىللارغا ياخشى ۋەز نەسىھەت بىلەن ئوزۇق بېرەتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈرەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
- الله ئۆزىگە شۇنداق ھۆكۈم قىلدى: كىم ئىمان ئېيتسا، توغرا يولغا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: «كىمكى اللەغا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت اللەنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەبرىگە) يېتەكلەيدۇ» (سۈرە تەغابۇن 11- ئايەت). كىمكى تەۋەككۈل قىلسا، الله ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى ئۇلۇغ اللەنىڭ: «كىمكى اللەغا تەۋەككۈل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ» (سۈرە تەلاق 3- ئايەت) دېگەن سۆزىدۇر. كىمكى اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ كىشىلەرگە خەير- ساخاۋەت قىلسا، الله ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى ئۇلۇغ اللەنىڭ: «كىمكى اللەغا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اللەنىڭ يولىدا پۇل- مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ» (سۈرە بەقەر 245- ئايەت) دېگەن سۆزىدۇر. كىمكى اللەنى چاقىرسا، الله ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى اللەنىڭ: «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنى ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن). ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)» (سۈرە بەقەر 186- ئايەت) دېگەن سۆزىدۇر. اللەنىڭ سۆزى ھەممىدىن ئۈستۈن.
ئۇ شاگىرتلىرىغا مۇنداق دەيتتى:
- ئىتائەتچانلىق بىلەن ئىشلەڭلار، ئىتائەت قىلغۇچىلارنى ھىمايە قىلىڭلار. ئاسىيلارنىڭ ئىشىنى اللەغا تاپشۇرۇڭلار، الله خالىسا جازالايدۇ، خالىسا مەغفىرەت قىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۇچۇرۇپ: "مەن الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن، الله ئۈچۈن يامان كۆرىمەن. اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مۇنداق قىلىمەن، اللەدىن قورقۇپ مۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن" دېگەنلىكىنى

ئاڭلىساڭلار، ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلماڭلار.

ئەبۇلئالىيە ئەمەل قىلغۇچى ئالىم ھەمدە نەسىھەت قىلغۇچى، يول كۆرسەتكۈچىلا ئەمەس، ھەقىقى جىھاد قىلغۇچى ئىدى. ئۇ ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىنى جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە جىھاد مەيدانلىرىدا ياكى چېگرانى ساقلاۋاتقانلار بىلەن بىرگە چېگرالاردا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ جىھاد بىلەن شەرىققە ۋە غەرپكە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ شام دىيارىدا رۇملۇقلارغا قارشى جەڭ قىلغان، ئۇ ئاشۇ دىياردا تۈنجى ئەزان ئوقۇغۇچى بولغان. ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندا، ئەبۇلئالىيەنىڭ ئۆزىگە خاس مەيدانى بولۇپ، ئۇ بىزگە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

« ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن چاغ ـ مېنىڭ ھاياتى كۈچكە تولغان جانلىق ۋاقتىم ئىدى. ئۇرۇش قىلىشنى تۇمۇزدىكى مۇزدەك سۇغا ئوخشاش ياخشى كۆرەتتىم. تەييارلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئەمما سەپنىڭ قايسىسىغا بېرىشنى بىلەلمىدىم. بۇلار تەكبىر ئېيتسا، ئۇلارمۇ تەكبىر ئېيتاتتى. ئۇلار تەھلىل ئېيتسا، بۇلارمۇ تەھلىل ئېيتاتتى. مەن خۇدۇمنى يىغىپ ئۆزەمگە مۇنداق دېدىم:

ـ قايسى تەرەپنى كاپىر ھېساپلاپ ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلاي؟ قايسى تەرەپنى مۇئمىن ھېساپلاپ ئۇلارنىڭ سېپىدە جىھاد قىلاي؟

ئاندىن ئۇلارنى تاشلاپ كەتتىم».

* * *

ئەبۇلئالىيە بىر ئۆمۈر قاتتىق قايغۇرۇپ ئۆتتى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشەلمىگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلارنى ئالاھىدە ئۇستۇن بىلىپ ياخشى كۆرەتتى. ساھابىلەرمۇ ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ئەتىۋارلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ئەنەس ئىبنى مالىك قولىدىكى ئالمىنى ئەبۇلئالىيەگە سوغا قىلدى. ئەبۇلئالىيە ئۇنى قولىغا ئېلىپ، مۇنداق دەپ سۆيۈشكە باشلىدى:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتقان قول تۇتقان ئالما. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن قول تۇتقان ئالما.

* * *

بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى، ئۇ بىر قېتىم ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا كىردى. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس شۇ چاغدا ئەلى تەرىپىدىن بەسرەنىڭ ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. ئابدۇللا ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە كارىۋىتىغا چىقىرىپ، ئۆك تەرىپىدە ئولتۇرغۇدى. سورۇندا قۇرەيشنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزـ ئارا كۆز قىسىشىپ، كۇسۇرلىشىپ مۇنداق دېيىشكە باشلىدى:

ـ ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ قۇلنى كارىۋاتقا قانداق چىقارغانلىقىغا قاراڭلار!

ئابدۇللا ئۇلارنىڭ كۆز قىسىشلىرىنى بايقاپ، ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

- بىلىم ھۆرمەتكە ھۆرمەت قوشىدۇ، بىلىم كىشىلەر ئارىسىدا ئۆگەنگۈچىنىڭ قەدرىنى كۆتىرىدۇ، مۆتىۋەرلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزىدۇ.

* * *

بىر يىلى ئەبۇلئالىيە الله يولىدا جىھاد قىلىشقا بەل باغلاپ، يۈختا تەييارلىق قىلىپ مۇجاھىدلار بىلەن بىرگە مېڭىشنى ئىرادە قىلدى. تاڭ يورىغاندا بىر پۇتى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ تۈرغانسېرى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. دوختۇر ئۇنى كۆرۈپ:

- يىگۈچى ئىكەن، - دېدى.

- يىگۈچى دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىۋىدى، دوختۇر:

- ئۇ چۈشكەن ئەزانى تۈگەشتۈرۈپ، باشقا ئەزاغا كۆچىدۇ، ئاخىرى پۈتۈن بەدەننى نابۇت قىلىدۇ، - دېدى. ئاندىن پۇتىنى تېز كېسىشكە ئىجازەت سورىدى، ئۇ ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. دوختۇر پىچاق ۋە ھەرىلەرنى ھازىرلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا:

- ھارىش، كېسىش ئاغرىقلىرىنى سەزمەسلىك ئۈچۈن، ھوشسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنى ئازراق ئىچكىن. مەندە ئۇ دورىلارنىڭ ياخشىلىرىدىن بار.

- نېمە ئۈچۈن؟ ماڭا اللەنىڭ كىتاۋىنى ياخشى ئوقۇيدىغان قارىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار. ئۇ ئوقۇيالايدىغان ئايەتلەرنى ماڭا ئوقۇپ بەرسۇن. مېنىڭ چىرايىمنىڭ قىزىرىپ، كۆز قارىچۇقۇمنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى، نەزىرىمنىڭ ئاسمانغا تىكىلگەنلىكىنى كۆرسەڭلار، ئىشىڭلارنى باشلاڭلار.

ئۇلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، بەدىنىنى كەستى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە دوختۇر ئۇنىڭغا:

- سەن ئوپېراتسىيەنىڭ ئاغرىقىنى سەزمىگەندەك تۇرىسەن، - دېدى. ئۇ:

- مەن اللەنىڭ مۇھەببىتىنىڭ خۇشاللىقى ۋە اللەنىڭ كىتاۋىنىڭ لەززىتى بىلەن كېسىشنىڭ ئازاۋىنى سەزمىدىم، - دېدى، ئاندىن پۇتىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قاراپ مۇنداق دېدى:

- قىيامەت كۈنى رەببىم بىلەن ئۇچراشقاندا، رەببىم مەندىن قىرىق يىلدىن بېرى سەن ئارقىلىق ھارام ياكى ناتوغرا ئىشقا ماڭغانلىقىم توغرىسىدا سورىسا، مەن ئەلۋەتتە ياق دەيمەن. ئىنشائاللا، مەن راست سۆزلىدىم.

* * *

ئەبۇلئالىيە تەقۋالىق، ئاخىرەتنى ئۇنتۇماسلىق، پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەييارلىق قىلىشتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن كېپەنلىك تەييارلىغان بولۇپ، ئۇنى ھەر بىر ئايدا بىر قېتىم كىيىپ، ئاندىن ئۆز ئورنىدا قويۇپ قوياتتى. ساغلام تۇرۇپ 17 قېتىم ۋەسىيەت قىلغان، ھەر بىر ۋەسىيەتكە ۋاقىت بەلگىلەپ بېرەتتى. ۋاقتى توشۇپ قالسا ئۇنىڭغا قاراپ ياكى ئۆزگەرتەتتى، ياكى ئالماشتۇراتتى ياكى كېڭەيتەتتى. ھىجرىيەنىڭ 93- يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئەبۇلئالىيە يوكى يەڭگىل، روھى پاك، رەببىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىششكە

ئىشەنگەن، پەيغەمبىرى بىلەن ئۈچرىششقا تەشنا بولغان ھالدا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

## سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب
## (ئالىم ۋە ئەمەل قىلغۇچى)

«سالىم ئىشەنچلىك، بايان قىلغان ھەدىسى كۆپ، ئالىجاناپ، پەرىزكار ئادەم ئىدى.»
ـ ئىبنى سەئىدى

«تەقۋالىق، پەزىلەت ۋە تۇرمۇشتا ئۆز زامانىسىدا سالىم ئىبنى ئابدۇللادىن باشقا ئالدىنقىلارغا ئوخشايدىغان بىرسى يوق »
ـ ئىمام مەلىك

بىز ھازىر ئۆمەرۇل فارۇقنىڭ خەلىفىلىك دەۋرىدە... مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىسى. مۇسۇلمانلار پارىس شاھلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى- يەزدەجىردتىن غەنىمەت ئالغان نەرسىلەر بىلەن جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شاھلارنىڭ ئۈنچە- مەرۋايىتى بىلەن تاجلىرى، ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن بەلباغ، كەمەرلىرى... ياقۇت ۋە مارجان بىلەن بېزەلگەن، بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان قىلىچلارمۇ بار ئىدى. بۇ زور كۆپ، قىممەت با ھالىق بايلىقلاردىن باشقا نۇرغۇن ئايال ئەسىرلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەزدەجىردنىڭ ئۈچ قىزىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا مۇسۇلمان باشلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى تاللاش ئىختىيارلىغى بېرىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى، ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىننى تاللىدى ۋە زەينۇل ئابىدىيننى تۇغدى. ئىككىنچىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى تۇغدى. ئۇ مەدىنىدىكى يەتتە دىنى ئالىمنىڭ بىرى- قاسىمنى تۇغدى. ئۈچىنچىسى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى تاللىدى. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ نەۋرىسى، ئىش- ھەرىكەتتە بەك ئوخشىمايدىغان سالىمنى تۇغدى.

قېنى كېلىڭلار! ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى سالىمنىڭ ھاياتىدىكى نۇرلۇق كۆرۈنۈشلەرگە نەزەر سېلىپ باقايلى: الله ئۇنىڭدىن، دادىسىدىن ۋە بوۋىسىدىن رازى بولسۇن!

ئابدۇللانىڭ ئوغلى سالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان، دەپنە قىلىنغان ۋە ھىجرەت قىلغان ئورۇن- مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىد- بۇيلىرى بىلەن خۇشپۇراقلىقتا چۆمگەن، ۋەھيىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدى. كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان، كېچىسى ناماز ئوقۇپ ئۇخلىمايدىغان، پەرىزكار ئابىد دادىسىنىڭ يېتەكلىشىدە تەربىيەلەندى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دادىسىنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگەندى... دادىسى

ئوغلى سالىمدا باشقا قېرىنداشلىرىنى بېسىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە تەقۋالىقنىڭ ئىپادىلىرىنى، ئىسلامنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ خارەكتېرىدە ئىسلامنىڭ خىسلەتلىرى، قۇرئاننىڭ ئەخلاقىنى بايقىدى- دە، ئۇنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ ئەتىۋارلىدى. ھەتتا بۇ توغرىسىدا مالامەت قىلغۇچىلارغا مۇنداق دېدى:

- ئۇلار ماڭا سالىم توغرىسىدا مالامەت قىلىدۇ، مەنمۇ ئۇلارغا مالامەت قىلاي. سالىم مېنىڭ كۆز قارچۇقۇم.

ئۇنىڭغا ئۆزى بىلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى سۆزلەپ بەردى، اللەنىڭ دىنى - ھۆكۈملىرىنى ئۆگەتتى، اللەنىڭ كىتابىدىن تەلىم بەردى، ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ساھابە كىراملار بىلەن ئاۋات ئىدى. ياش يىگىت سالىم مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن قايسى بىرىگە نەزەر سالسا پەيغەمبەرلىكنىڭ نۇرى ۋە خۇشبۇيى بىلەن يۇرىغان نۇرنى كۆرەتتى، قەيەرگە قارىسا ياكى قۇلاق سالسا ياخشىلىقنى كۆرەتتى ياكى ياخشىلىقنى ئاڭلايتتى، شۇ سەۋەپلىك ئۇنىڭغا نۇرغۇن ساھابىلاردىن بىلىم ئېلىش پۇرسىتى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرى: ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ رافىئە، ئەبۇ لۇبابە ۋە زەيد ئىبنى خەتتابلار ئىدى. بۇنىڭغا دادىسى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ تەلىم - تەربىيەسى قوشۇلاتتى. سالىم ئۇزاق ئۆتمەي مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرىگە، تابىئىنلارنىڭ دىنى مەسىلىسىنى سورايدىغان، دىننىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىنىدىغان، دىنى ۋە دۇنياۋى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا تايىنىدىغان مەدىنىدىكى دىنى ئالىمنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ۋالىيلار، قازىلار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە مەدىنە ئالىملىرىنىڭ يېنىغا بىرىشقا بۇيرۇيتتى. ئۇلار بىرەر مەسىلىگە يۇلۇقسا ھەممىسى يىغىلىپ قاراپ چىقىراتتى، ئاندىن ئاشۇ مەدىنە ئالىملىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. ۋالىيلارنىڭ سالىم ئىبنى ئابدۇللانىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغىنى- ئەڭ تەلەيلىك، كىشىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، خەلىپىلەرنىڭ قارىشىدا ئىشەنچلىك كىشى بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى چىققانلارغا مەدىنە تار كېلىپ ھۇقۇقىنى ساقلاپ قالالمايتتى. بۇلارنىڭ مىساللىرىدىن بىرى:

ئابدۇررەھمان ئىبنى زەھھاك يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك خەلىپە ۋاقتىدا مەدىنىگە ۋالى بولدى. ھۈسەيىن (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ قىزى فاتىمە تۇل قېلىپ، باللىرىنىڭ ئالدىدا قالدى. ئابدۇررەھمان ئىبنى زەھھاك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توي قىلىش تەلىۋىنى قويدى. فاتىمە:

- الله بىلەن قەسەمكى، توي قىلغۇم يوق. باللىرىم بىلەن تۇرىۋاتىمەن. شۇلارغا قارايمەن، - دېدى.

ئابدۇررەھمان چىڭ تۇرىۋالدى. فاتىمە ئۇنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن قورقماستىن، سەۋەپ كۆرسىتىپ ماقۇل بولمىدى. ئابدۇررەھمان ئۇنىڭ ئۇنىماي تۇرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

ـ الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ماڭا ئايال بولۇشقا رازى بولمىساڭ، چوڭ بالاڭنى تۇتۇپ: ھاراق ئىچتى ـ دېگەن تۆھمەت بىلەن دەررە ئۇرغۇزىمەن، ـ دېدى.

فاتىمە ئۆز ئىشىدا سالىمدىن مەسلىھەت سورىدى. سالىم ئۇنىڭغا ۋالىنى شىكايەت قىلىپ خەلىفىگە خەت يېزىشنى، خەتتە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشنى كۆرسەتمە بەردى. فاتىمە خەت يېزىپ، ئەلچىدىن دەمەشققە يولغا سېلىۋەتتى. ئەلچى خەتنى ئېلىپ خەلىفىنىڭ يېنىغا بارماي تۇرۇپ، خەلىفىنىڭ خەزىنىچىسى ئىبنى ھورمۇزگە ھېساپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن يېنىغا كېلىش توغرىلىق بۇيرۇق كەلدى. ئىبنى ھورمۇز ھەق ئىگىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ھۆسەيىننىڭ قىزى فاتىمەنىڭ يېنىغا خوشلاشقىلى كېلىپ، مۇنداق دېدى:

ـ مەن دەمەشققە ماڭماقچىمەن. قىلىپ بېرىدىغان ئىش بارمۇ؟

ـ بار، مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىگە ئىبنى زەھھاك تەرىپىدىن مەن ئۇچرىغان ئىشلارنى، ئۇنىڭ ماڭا تەھدىت سالغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەدىنە ئالىملىرىنىڭ، خۇسۇسەن سالىم ئىبنى ئابدۇللانىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى يەتكۈزگىن.

ئىبنى ھورمۇز فاتىمەنى يوقلىغانلىقىغا ئۆزىگە كايىدى. چۈنكى ئۇ فاتىمەنىڭ ئابدۇررەھمان ئىبنى زەھھاك ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىنى خەلىفىگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىشنى خالىمايتتى. ئىبنى ھورمۇز دەمەشققە فاتىمەنىڭ خېتىنى ئېلىپ ماڭغان ئەلچى يېتىپ بارغان كۈنىنىڭ ئۆزى يېتىپ باردى. ئىبنى ھورمۇز خەلىفىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، خەلىفە ئۇنىڭدىن مەدىنىنىڭ ئەھۋالى، سالىم ۋە ئۇنىڭ ئۆلىما بۇرادەرلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سوراپ:

ـ مەدىنىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئالاھىدە ئىش بارمۇ؟ ـ دېدى.

ئىبنى ھورمۇز خەلىفىگە ھۆسەيىننىڭ قىزى فاتىمە توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىدى ھەمدە ۋالىنىڭ سالىمغا تۇتقان پوزىتسىيىسى توغرىلىقمۇ ھېچنەرسە بايان قىلمىدى. ئۇ ھېساپ بېرىپ خەلىفىنىڭ يېنىدا ئولتۇرىۋاتقاندا، دەرۋازىۋەن كىرىپ:

ـ الله ئەمىرنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلسۇن! ئىشىك يېنىدا ھۆسەيىننىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ئەلچىسى ساقلاپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ھورمۇزنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، مۇنداق دېدى:

ـ الله ئەمىرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن! ھۆسەيىننىڭ قىزى فاتىمە ساڭا گەپ ئەۋەتكەن ئىدى، ـ دەپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى ئېيتتى. خەلىفە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كارىۋىتىدىن چۈشۈپ:

ـ ھۇ يىتىمەك! سەندىن مەدىنىنىڭ ئىشلىرىنى سورىغان ئەمەسمىدىم!؟ سەن مۇشۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ماڭا دېمەپسەن، ھە!؟

ئىبنى ھورمۇز ئېسىدىن چىقىپ قالغانلىقىنى سەۋەپ كۆرسىتىپ تۇرىۋالدى، ئاندىن خەت ئەكەلگەن ئەلچىگە رۇخسەت بېرىپ، كىرگۈزۈلدى. خەلىفە ئۇنىڭدىن خەتنى ئېلىپ، ئوقۇشقا

باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتلىرى ياناتتى. ئۇ سۆزلىگەچ، قولىدىكى نەيزىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

- زەھھاكنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە چېقىلىشقا جۈرئەت قىپتۇ، ھە! سالىم ئىبنى ئابدۇللانىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇنىڭ مەدىنىدە ئازاپلىنىپ تۆۋلىغان ئاۋازىنى مۇشۇ دەمەشقتىكى ئورنۇمدا تۇرىۋاتقىنىمدا ماڭا ئاڭلىتالايدىغان ئادەم بارمۇ؟ (يەنى ئۇنىڭ ئاۋازىنى مەدىنىدىن دەمەشققە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ئازاپلايدىغان ئادەم بارمۇ؟ بۇ ئۇنى قاتتىق ئازاپلاشتىن كىنايە) - دېدى خەلىفە. ئۇنىڭغا:

- بار مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەدىنىدە ئابدۇلۋاھىد ئىبنى بىشىير بار. بۇ ئىشنى شۇنىڭغا تاپشۇر. ئۇ ھازىر تائىفتا، - دېيىلدى.

- الله بىلەن قەسەمكى شۇنداق بولسۇن، - دېدى خەلىفە. ئاندىن قەغەز ئەكەلدۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن پەرمان يازدى:

- «مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكتىن ئابدۇلۋاھىد ئىبنى بىشىرغا سالام. مەقسەت: مەن سېنى مەدىنىگە ۋالى قىلدىم. ئەگەر بۇ خېتىم يېتىپ بارسا، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققىن ھەمدە زەھھاك ئوغلىنى ھۇقۇقتىن ئېلىپ تاشلا. ئۇنىڭغا مىقدارى قىرىق مىڭ دىنار كەلگىدەك تۆلەم قوي. پۈتۈن مەدىنىگە ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك ئازاپلا!»

ئەلچى خەتنى ئېلىپ مەدىنە يولى بىلەن تائىفقا ئالدىراپ يولغا چىقتى. ئۇ مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، مەدىنە ۋالىسى ئابدۇررەھمان ئىبنى زەھھاكنىڭ يېنىغا كىرمىدى، سالاممۇ قىلمىدى. بۇنىڭدىن ۋالىنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى- دە، ئادەم ئەۋەتىپ ئەلچىنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە كېلىش سەۋەبىنى سورىدى. ئۇ ھېچنەرسە دېمىدى. ۋالى كۆرپىسىنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

- قارا! - دېدى. كۆرپىنىڭ تېگىدە دىنار بىلەن تولغان ھەميان تۇراتتى. ئۇ ئەلچىگە:

- بۇ مىڭ دىنار. ساڭا اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم بېرەي. سەن كېلىش سەۋەبىڭنى، قولۇڭدا نېمە بارلىغىنى دەپ بەرسەڭ، بۇنى ساڭا بېرىۋېتىمەن، سىرنى ھېچكىمگە دېمەيمەن، - دېدى. ئەلچى ئېيتىپ بەردى. ۋالى پۇلنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە ئۇنىڭغا:

- مەن دەمەشققە يېتىپ بېرىپ بولغىچە بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۇر، ئاندىن بۇيرۇلغان ئىشىڭغا ماڭ، - دېدى. ئابدۇررەھمان ئىبنى زەھھاك دەرھال يۈك تاقلىرىنى تېڭىپ، مەدىنىدىن ئايرىلىپ، دەمەشققە يول ئالدى. ئۇ دەمەشققە يېتىپ كېلىپ، خەلىفىنىڭ قېرىندىشى مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ ئېسىل پەزىلەتلىك، ئالىجاناپ زات ئىدى. ئابدۇررەھمان ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، مۇنداق دېدى:

- ئى ئەمىر! ماڭا ياردەم قىلساڭ.

- ئۆزەڭنى خوش تۇت. نېمە ئىش ئىدى؟

- مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىغىم تۈپەيلى مېنى جازالىماقچى.

ئەتىسى مەسلەمە يەزىدنىڭ يېنىغا كىرىپ:
- ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مېنىڭ بىر ھاجىتىم بار ئىدى، - دېدى.
- ئابدۇررەھمان ئىبنى زەھھاكنىڭ ئىشلا بولمىسا، بارلىق ھاجىتىڭ ھەل قىلىنىدۇ.
- الله بىلەن قەسەمكى، دەل شۇ ئىش بىلەن كەلگەن.
- الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن.
- ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟
- ئۇ ھۇ سەيىننىڭ قىزى فاتىمەگە بېسىم ئىشلىتىپ تەھدىد سالىتۇ، قورقۇتۇپ زۇلۇم قىپتۇ. سالىم ئىبنى ئابدۇللانىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدىنە شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى سۆكۈپ، ئالىملار ۋە ياخشى كىشىلەر ئەيىپلەشكە باشلاپتۇ.
مەسلەمە مۇنداق دېدى:
- ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! سەن ئويلىغىنىڭدەك قىل.
- يېڭى ۋالىنىڭ مېنىڭ بۇيرۇغۇمنى ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ئىبنى زەھھاكنى مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرىغىن. ئۇنى باشقا ۋالىلارغا ئىبرەت قىلسۇن.

* * *

مەدىنىدىكىلەر يېڭى ۋالىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇنىڭ ئابدۇررەھمان ئىبنى زەھھاك توغرىسىدىكى خەلىفىنىڭ بۇيرىغىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىرادىسى ئۇلارنى خۇرسەن قىلدى. ئۇلار يېڭى ۋالىنىڭ ياخشىلارنىڭ يولىدا ماڭغانلىقىنى، ئىشلاردا قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ۋە سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، ئاندىن تونۇپ يەتكەندە، ئۇلارنىڭ يېڭى ۋالىغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى.

* * *

مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىككە خۇش مۇبارەك بولسۇن! مۇشۇنداق ئۇلگىلىك كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئاشۇنداق ئەرلەرنى يېتىشتۈرگەن بۈيۈك ئىسلامغا شان- شەرەپ ۋە ئىززەت- ئىكراملار بولسۇن!

* * *

مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۇمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بىر قانچە بالىسى بار، ئابدۇللا ئۇنىڭغا بەك ئوخشايتتى. ئابدۇللانىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش بالىسى كۆپ بولۇپ، سالىم ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئوخشايتتى.

قېنى، ئۇمەر ئىبنى خەتتابنىڭ نەۋرىسى، ئۇنىڭغا ئەخلاق ۋە قەددى- قامەت ھەمدە خارەكتېر جەھەتتىن ھەممىدىن بەك ئوخشايدىغان كىشى- سالىم ئىبنى ئابدۇللانىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرايلى.

* * *

سالىم خۇشبۇي مەدىنىدە ياشىدى. ئۆز ۋاقتىدا مەدىنە بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە باياشات ئىدى. ئۇنىڭ تەمىناتى ھەر قايسى ئورۇنلاردىن تۇلۇق كېلىپ تۇراتتى. بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىرى مەدىنىگە كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان دەرىجىدە بېيىش پۇرسىتى بەرگەن ئىدى. لېكىن سالىم دۇنياغا باشقىلار بېرىلگەندەك بېرىلمىدى. باشقىلار توپلىغاندەك، يۇقلىپ كېتىدىغان مال- دۇنيادىن توپلىمىدى. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالماي، اللەنىڭ يېنىدىكى ئەجىر- مۇكاپاتنى تاللىدى. كەلگۈسىدىكى غەلىبىگە ئېرىشىشنى ئۈمىت قىلىپ، ھازىرقىدىن يۈز ئۆردى.

بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىرى ئۇنىڭغا باشقىلارغا بەرگەندەك كۆپ مال- دۇنيا بېرىپ سىناپ باقماقچى بولۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە قىزىقمايدىغانلىقىنى، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ- زىننەتلىرىنى چوڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدى. بىر يىلى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك مەككىگە ھەج قىلغىلى كەلدى. ئۇ دەسلەپكى تاۋاپلىرىنى قىلىۋاتقاندا سالىمنى كۆردى، ئۇ كەئبىنىڭ ئۇدۇلىدا تەۋەززۇلىق بىلەن ئولتۇرۇپ، دىل ھوزۇرى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. ياشلىرى گۈيا كۆزىدە ياش دېڭىزى باردەك، مەڭزىگە تاراملاپ چۈشۈۋاتاتتى. خەلىپە تاۋاپنى قىلىپ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ بەردى. خەلىپە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ھەتتا تىزلىرى تېگىشىپ قالغىلى ئازلا قالدى. سالىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى ۋە قارىمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ كەتكەن، اللەنى ئەسلەش بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇغان ئىدى. خەلىپە سالىمنى يۇشۇرۇن كۆزىتىشكە، سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلاۋەتتىن توختىغان، يىغىدىن توختىغان پۇرسەتنى كۈتۈشكە باشلىدى. پۇرسەت كەلگەندە، خەلىپە ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەراكاتۇھۇ.

- ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەراكاتۇھۇ.

- ئى ئەبۇ ئۇمەر! مەن ئادا قىلىدىغان ھاجىتىڭ بولسا سورىغىن. - دېدى خەلىپە پەس ئاۋازدا.

سالىم ھېچنېمە دېمىدى. خەلىپە ئۇنى ئاڭلىمىدى دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىپ، مۇنداق دېدى:

- سېنىڭ ھەل قىلىدىغان ھاجىتىڭ بولسا، سورىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن.

سالىم مۇنداق دېدى:

- اللە بىلەن قەسەمكى، اللەنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراشتىن خىجىل بولىمەن.

خەلىپە خىجىل بولۇپ جىمىپ كەتتى، لېكىن ئۆز ئورنىدىن مىدىرلىمىدى.

ناماز تۈگەپ سالىم ياتىقىغا قايتماقچى بولغاندا، كىشىلەر توپى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن سورىسا، بىرى دىن ئىشلىرىدىن يول سورايتتى. يەنە بىرى دۇنيا ئىشلىرىدا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. يەنە بىرى دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى... ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغانلارنىڭ ئىچىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكمۇ بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى كۆرگەندە يول بۇشۇتۇپ بەردى. خەلىفە كېلىپ سالىم بىلەن تەڭ ماڭدى، ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

ـ مانا ھازىر مەسجىدنىڭ سىرتىغا چىقتۇق، ھاجەتلىرىڭ بولسا سورىغىن، ـ دېدى. سالىم:

ـ دۇنيانىڭ ھاجەتلىرىدىنمۇ ياكى ئاخىرەتنىڭ ھاجەتلىرىدىنمۇ؟ ـ دېدى ئۇنىڭغا.

ـ بەلكى دۇنيانىڭ ھاجەتلىرىدىن، ـ دېدى خەلىفە. سالىم:

ـ دۇنيانىڭ ھاجەتلىرىنى دۇنيانىڭ ئىگىسىدىن سورىمىدىم، ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدىغان ئادەملەردىن قانداقمۇ سوراي؟! ـ دېدى.

خەلىفە خىجىل بولۇپ، سالام قىلىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

ـ ئى خەتتاب ئائىلىسى (ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جەمەتىنى دېمەكچى)! سىلەر قانائەت ۋە تەقۋادارلىق بىلەن نېمە دېگەن بەختلىك ۋە ئەزىز! الله بىلەن كۆڭلۈڭلار نېمە دېگەن توق ۋە باي! الله سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!!!

*　　　*　　　*

شۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يىلى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ھەج قىلدى. كىشىلەر ئەراپاتتىن قايتقاندا، خەلىفە سالىم ئىبنى ئابدۇللا بىلەن مۇزدەلىفەدە ئۇچرىشىپ قالدى. سالىم ئېھرام باغلىغان ئىدى. خەلىفە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئوچۇق يەرلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ قاۋۇل، كۈچلۈك، بەدىنىنىڭ چىڭلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭدىن:

ـ سېنىڭ تەن قورۇلۇشۇڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، ئى ئەبۇ ئۆمەر! يەيدىغان ئاساسى تاماقىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ نان ۋە زەيتۇن يېغى. تاپالىسام بەزى چاغلاردا گۆش يەيمەن.

ـ نان ۋە زەيتۇن يېغى يەيسەن؟

ـ ھەئە.

ـ كۆڭلۈڭ تارتامدۇ؟

ـ كۆڭلۈم تارتمىسا، قۇرساق ئېچىپ، كۆڭلۈم تارتقىدەك بولغىچە قويۇپ قويىمەن، ـ دېدى سالىم.

*　　　*　　　*

سالىم دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىش ۋە ئۇنىڭ ۋاپاسىز نەرسىلىرىگە بېرىلمەسلىك جەھەتتە بۇۋىسىغا ئوخشىغىنىدەك، قىينىچىلىق ۋە جازا قانچىلىك ئېغىر بولىشىدىن قەتئىنەزەر، ھەق

سۆزنى ئېيتىشتىمۇ بۇۋىسى- ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بەك ئوخشايتتى. بۇنىڭ مىسالىدىن بىرى:

بىر قېتىم سالىم مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتى بىلەن ھەججاجنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەججاج ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئىززەت- ئىكراملار بىلەن ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار شۇنداق تۇرۇۋاتقاندا، ھەججاجنىڭ ئالدىغا چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرىنى توپا- چاڭ باسقان، چىرايى سارغايغان، كويزا- كىشەنلەر بىلەن باغلانغان بىر بۆلۈك كىشىلەر كەلتۈرۈلدى. ھەججاج سالىمغا قاراپ:

- بۇلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، بىھۇدە قان تۆككەن ئاسىيلار، - دېدى ۋە ئۇنىڭغا قىلىچنى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- تۇر، ئاۋۇنى ئەكىلىپ بېشىنى چاپ، - دېدى.

سالىم ھەججاجنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئېلىپ، ئۇ ئادەم تەرەپكە ماڭدى. كىشىلەر ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇشقان ئىدى. سالىم ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭغا دېدى:

- سەن مۇسۇلمانمۇ؟

- ھەئە.

- بۇ سۇئاللارنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ بۇيرۇلغاننى ئىجرا قىل! - دېدى ھەججاج.

- بامدات نامىزىنى ئوقۇغانمىدىڭ؟ - سورىدى سالىم ھېلىقى كىشىدىن.

- ناماز ئوقۇمايدىغان مۇسۇلمانمۇ بارمۇ؟

- مەن سەندىن بۈگۈن بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇڭمۇ دەپ سوراۋاتىمەن!؟

- الله ساڭا ھىدايەت بەرسۇن. مەن ساڭا ھەئە، دېدىم ھەمدە سەندىن بۇ زالىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى سورىدىم. بولمىسا ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقىسەن.

سالىم ھەججاجنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، قولىدىكى قىلىچنى تاشلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

- بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىسپاتلاپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بامدات نامىزىنى ئوقۇغان ئادەم اللەنىڭ ھىمايىسىدە» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. مەن اللەنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئادەمنى ئۆلتۈرمەيمەن.

ھەججاج غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى:

- بىز ئۇنى بامدات نامىزى ئوقۇمىدى دەپ ئۆلتۈرمەيمىز، ئۇنى خەلىفە ئوسمان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بەردى دەپ ئۆلتۈرىمىز.

سالىم بۇنى ئاڭلاپ:

- كىشىلەر ئىچىدە ئوسماننىڭ قېنى توغرىسىدا سەن ۋە مەندىنمۇ لايىق ئادەم بار، - دېدى.

ھەججاج جىم ئولتۇرۇپ جاۋاپ قايتۇرمىدى. كېيىن سورۇندىكىلەردىن بىرى مەدىنىگە كەلدى ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرگە ھەججاجنىڭ ئوغلى سالىمدىن تەلەپ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئابدۇللا سۆزنىڭ ئاخىرنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئالدىراپ، سۆزلىگۈچىدىن:

- سالىم ھەججاجنىڭ بۇيرۇقىغا قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟ - دەپ سورىدى.
خەۋەر بەرگۈچى سالىمنىڭ قىلغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى، ئابدۇللانىڭ چىرايى ئېچىلدى ۋە:
- ياخشى، ياخشى... ئەقىللىق... ئەقىللىق، - دەپ ماختىدى.

* * *

خەلىفىلىك ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە كەلگەندە، ئۇ سالىمغا مۇنداق خەت يازدى:
«مەقسەت: اللە مېنى مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز ياكى مەن تەلەپ قىلماستىن مېنى مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى بولۇش بىلەن سىنىدى. اللەنىڭ مۇشۇ سىناقتا ماڭا ياردەم بېرىشىنى تىلەيمەن. بۇ خېتىم ساڭا يېتىپ بارسا، ماڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ كىتاپلىرىنى، تەرجىمىھال ۋە ئىش- پائالىيەتلىرىنى ئەۋەتىپ بەرگىن. مەن ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشمەكچىمەن، اللە ياردەم بەرسە ئۇنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ماڭماقچىمەن. ۋەسسالام».
سالىم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت يازدى:
«مەقسەت: خېتىڭ ماڭا يېتىپ كەلدى. سەن ئۇنىڭدا اللەنىڭ سېنى سېنىڭ مەسلىھەتىڭسىز ياكى ئىلتىماسىڭسىز مۇسۇلمانلارغا رەھبەر قىلىش بىلەن سىنىغانلىقىنى، سېنىڭ ئۆمەرنىڭ يولىدا ماڭماقچى بولغانلىقىڭنى بايان قىلىپسەن. ئېسىڭدە بولسۇن، سېنىڭ زامانىڭ ئۆمەرنىڭ زامانىغا ئوخشىمايدۇ. سېنىڭ ئادەملىرىڭ ئىچىدە ئۆمەرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشايدىغانلىرى يوق. لېكىن بىلگىنكى، توغرا ئىشنى نىيەت قىلىپ قىلىش ئىرادىسىگە كەلسەڭ، اللە ساڭا ياردەم بېرىدۇ ۋە ياردەم بېرىدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇلارنى ئويلىمىغان يەردىن كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. اللە بەندىلىرىگە ئۇنىڭ نىيىتىگە قاراپ ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئىش قىلىش نىيىتى تولۇق بولسا، اللەمۇ تولۇق ياردەم بېرىدۇ، ئەگەر نىيىتى يېتەرسىز بولسا، اللەمۇ نىيىتى بويىچە تولۇق ياردەم بەرمەيدۇ. ئەگەر كۆڭلۈڭ سېنى اللە نارازى بولىدىغان ئىشقا ھەيدىسە، سېنىڭ ئالدىڭدا دۇنيادىن كەتكەن سەندىن بۇرۇنقى ھۆكۈمدارلارنى ئويلا. ئۇلارنىڭ لەززەتنى كۆرگەن كۆزلىرى قانداق بولدى؟ ئاچكۆزلۈك بىلەن تويمىغان قورساقلىرى قانداق تېشىلدى؟ ئۇلار قانداق بولۇپ ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا كۆمۈلمەي، تاشلاپ قويۇلسا پۇرىقى كىشىلەرنى بىئارام قىلىدىغان، سېسىق پۇرىقىدىن كىشىلەرگە زىيان يېتىدىغان تاپقا ئايلىنىپ قالدى؟ مۇشۇلارنى كەلگۈسىدە ئۆزەڭدىن سورىغىن. ۋەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەراكاتۇھۇ».

* * *

سالىم ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئۇزاق ئۆمۈر كۆردى. ھاياتلىق مۇساپىسىنى تەقۋالىق بىلەن ئۆتكۈزدى، ھىدايەت بىلەن زىننەتلىدى، دۇنيانىڭ زىننىتى ۋە قىزىقتۇرۇشىدىن يۈز ئۆرىدى. ئاددى تاماقلارنى يېدى، ئاددى كىيىملەرنى كەيدى. ئەسكەر بولۇپ مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن رۇملۇقلارغا قارشى غازات قىلدى. خۇددى كۈيۈمچان ئاتىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى

ئادا قىلدى.

ھىجرىيەنىڭ 106- يىلى ئۇنىڭغا ئەجەل كەلگەندە، مەدىنە قايغۇ بىلەن تەۋرەندى. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ھەر بىر قەلبتە ھەسرەت، ھەر بىر كۆزدە ياش قالدۇردى. پۈتۈن كىشىلەر ئۇنىڭ جىنازىسىنى ئۇزۇتۇش ۋە دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ھەركەتكە كەلدى.

ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك كىشىلەر توپىنى كۆرگەندە، كىشىلەرنىڭ شۇنچە كۆپلىكى ئۇنى ھەيران قالدۇردى، قەلبىدە ھەسەت قوزغىتىپ، ئۆزىدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

- دەپ باقە، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى بولارنىڭ مۇشۇ يۇرتىدا ۋاپات بولسا، بولاردىن قانچىسى چىقار؟

ئاندىن مەدىنىدىكى ۋالىسى ئىبراھىم ئىبنى ھىشامىل مەخزۇمىغا:

- مەدىنىلىكلەردىن ھەر قايسى چېگرالارغا تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتىشكە بۇيرۇق قىل، - دېدى. شۇ سەۋەپلىك شۇ يىلى «تۆت مىڭ يىل» دەپ ئاتالدى.

«سەئىد ئۆلتۈرۈلدى، ھالبۇكى يەر يۈزىدە ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ
بىلىمىگە بەك مۇھتاج ئىدى»
ـ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل

سەئىد ئىبنى جۇبەير قامەتلىك، كېلىشكەن، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇن بولۇش بىلەن بىرگە قەلبى ئويغاق، زېرەك، سەزگۈر، گۈزەل ئەخلاقلا قاتتىق قىزىققان، ھارام ئىشلاردىن ئۆزىنى بەك تارتقان ياش ئىدى. ئۇنىڭ تىرىسىنىڭ قارىلىقى، چېچىنىڭ بۇدۇرلىكى، تىگىنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يېشى كىچىك تۇرۇپلا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىشىگە تۇسالغۇ بولالمىدى. سەئىدنىڭ تېگى قارا تەنلىك، كېلىپ چىقىشى ئەرەپ بولۇپ، بىلىم ئۇنىڭ اللهغا ئېرىشىدىغان يولى، تەقۋالىق جەننەتكە كىرىشىگە سىلىنغان يولى بولۇپ، ئۇ تەقۋالىقنى ئوڭ قولىدا، بىلىمنى سول قولىدا تۇتقان ئىدى. ھەر ئىككى قولىدا قاتتىق ئىدى. ئۇ ھاياتلىق مۇساپىسىنى ئىككىلەنمەستىن مۇشۇ ئىككىسىگە ئاتىدى. كىشىلەر ئۇنى ئېغىزىغا چىش چىققاندىن باشلاپ ياكى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كىتاپقا بېرىلگەن ياكى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن جايىنامازدا تۇرۇۋاتقان ھالدا كۆرەتتى. مانا بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ھەم رازى قىلسۇن.

ياش يىگىت سەئىد ئىبنى جۇبەير ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى، ئەدى ئىبنى ھاتەم، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر، ئۇممۇل مۇئمىنىن ـ ئائىشەلەرگە ئوخشاش پىشقەدەم ساھابىلەردىن بىلىم ئالدى. الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن. لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇستازى ۋە يېتەكچىسى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا ئۆلىماسى، تېشىپ تۇرغان بىلىم دېڭىزى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ئىدى. سەئىد ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇرئاننى ۋە چۈشەندۈرۈشىنى، ھەدىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىزلىرى قايسى، ئىشەنچىلىكلىرى قايسى ئىكەنلىكىنى ئۆگەندى. دىنى ھۆكۈملەرنى، دىننى چۈشەندۈرۈشلەرنى تەلىم ئالدى. ئۇنىڭدىن تىل ئۆگىنىپ، يۇقىرى سەۋىيەگە ئېرىشتى. ھەتتا ئۆز زامانىسىدا يەر يۈزىدە ھەر قانداق بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلىمىگە مۇھتاج بولىدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئايلاندى. قالغان بىلىمگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، كۇفەدە ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى ھەم كۇفەدىكىلەرنىڭ ئۇستازى ۋە رەھبىرىگە ئايلاندى. ئۇ رامىزاندا كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ، بىر كېچىسى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى، يەنە بىر كېچىسى زەيد ئىبنى سابىتنىڭ قىرائىتى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى. ئۈچىنچى كېچىسى ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ قىرائىتى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر ئۇ تەنھا ناماز ئوقۇسا بەزىدە پۈتۈن قۇرئاننى بىر نامازدا ئوقۇيتتى. «ئۇلار ئۇزاقتا قالماي بىلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بوينلىرىدا تاقاقلار ۋە اللهنىڭ

زەنجىرلىرى بولىدۇ. ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرىلىدۇ» (سۈرە غافىر 72ـ ئايەت) دېگەن سۆزىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەدە ۋە تەھدىد، ئاگاھلاندۇرۇش ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا بەدىنى تىترەپ كېتەتتى، يۈرەكلىرى سېلىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكىلەتتى. يەنە شۇنداق ئايەتلەرنى نەپەس ئالالماي قالغۇچە تەكرار ئوقۇيتتى. ئۇ ھەر يىلى ئىككى قېتىم بەيتۇلھەرامغا بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ھەر قېتىم ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن رەجەپ ئېيىدا، يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىش ئۈچۈن زۇلقەئىدە ئېيىدا باراتتى. بىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، نەسىھەت ۋە ياخشىلىق ئىزدىگۈچىلەر ئۇنىڭدىن مول بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كۇفەگە كېلەتتى، ئۇنىڭ توغرا كۆرسەتمىسىنى ئالاتتى. بىرى:

ـ قورقۇش دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورايتتى، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

ـ قورقۇش دېگەن ـ اللەدىن قورقۇشۇڭ سەن بىلەن خاتا ئىشلار ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولۇپ، سېنى خاتالىقتىن ياندۇرغان نەرسە. يەنە بىرى:

ـ اللەنى ئەسلەش (زىكرى) دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورايتتى. ئۇ:

ـ اللەنى ئەسلەش ـ ھەممىدىن ئۇلۇغ اللەغا بويسۇنۇشتۇر. كىم اللەغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭغا بويسۇنسا، اللەنى ئەسلىگەن بولىدۇ. كىم اللەدىن يۈز ئۆرۈپ اللەغا بويسۇنمىسا، گەرچە پۈتۈن كېچە زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىپ، تىلاۋەت قىلسىمۇ اللەنى ئەسلىگەن بولمايدۇ. ـ دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ماكانلاشماقچى بولۇپ كۇفەنى تاللىغاندا، كۇفە ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ھەججاج ئىراق، يىراق شەرىق ۋە ماۋرائۇننەھىرنىڭ ۋالىسى بولۇپ، ھوقۇقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئولتۇرۇۋاتاتتى. بۇ، ھەججاج ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەركىتىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىنكى ئەھۋال ئىدى. ئۇ ئىراقنى، بەنى ئۇمەييەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بېسىقتۇرۇپ، ھەممە يەردىكى ئىنقىلاپ ئوتلىرىنى ئۆچۈردى. اللەنىڭ بەندىلىرىنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتاتتى. پۈتۈن ئەل قورقۇنچ ئىچىدە قالغان ئىدى. ھەججاجنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن قورقۇپ، كىشىلەر ئەركىنرەك نەپەس ئالالماس بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەججاج بىلەن ئۇنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىنىڭ بىرى ـ ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەشئەس ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇ توقۇنۇش چوڭ پىتنىگە ئايلىنىپ، ھۆل ـ قۇرۇق ھەممىسىنى چەيلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر جاراھەتلەرنى قالدۇردى. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ھەججاج ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەشئەسنىڭ قوماندانلىقىدا سىجىستان (ئىران بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يۇرت)نىڭ كەينى تەرىپىگە ئورۇنلاشقان رايۇنلاردىكى تۈرك پادىشاھلىقىغا قارشى «رەتبىيل» غازىتىغا قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قەيسەر غالىپ قوماندان رەتبىيل دىيارىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپ، مۇستەھكەم بىر قۇرغاننى قولغا كەلتۈردى. شەھەر ـ

قىشلاقلاردىن نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى ئالدى. بۇ زور غەلىبىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەججاجغا ئادەم ماڭغۇزدى. مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ھەم بىرگە ئەۋەتتى. ھەججاجغا يەنە ھەر قايسى جايلارنىڭ كىرىش - چىقىش يوللىرىنى ئۆگىنىش، شۇ يەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن بىر مەزگىل جەڭدىن توختاشقا رۇخسەت سوراپ خەت يازدى. ئۇلار تېخى رەتبىيل دىيارىنىڭ نامەلۇم بولغان تاغ جىلغىلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن، غالىپ قوشۇن چوڭ خەتەرگە يولۇقمىغان ئىدى. خەتكە ھەججاجنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئابدۇررەھماننى قورقۇنچاق، يارىماس دەپ خەت يازدى. خەتتە ئۇنى ئازاپ ۋە ئۆلۈمدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بىلەن تەھدىد سالغان ئىدى. قوماندان ئابدۇررەھمان قوشۇننىڭ مۆتىۋەرلىرىنى ۋە ھەر قايسى قوماندانلىرىنى چاقىردى. ئۇلارغا ھەججاجنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بېرىپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. ئۇلار ھەججاجغا بويسۇنماسلىق، ئۇنىڭغا قارشى چىقىش تەكلىۋىنى بەردى. ئابدۇررەھمان ئۇلارغا:

- مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمنى قوللاپ ماڭا بەيئەت قىلامسىلەر؟ ئىراق زېمىنىنى ھەججاجنىڭ رەزىللىكىدىن پاكلاش ئۈچۈن جىھاد قىلىشقا ياردەم بېرەمسىلەر؟ - دېدى.

قوشۇن ئابدۇررەھمانغا بەيئەت قىلدى. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەشئەس ھەججاجغا قاتتىق غەزەپلەنگەن قوشۇن بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. ھەججاجنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئابدۇررەھمان قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭلەر بولدى. ھەممىسىدە ئابدۇررەھمان زور غەلىبىگە ئېرىشتى. سىجىستان ۋە پارىس دىيارىنىڭ كۆپ قىسمى قولغا كەلدى. ئاندىن كۇفە ۋە بەسرەنى ھەججاجنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جەڭ ئوتى لاۋۇلداۋاتقان، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەشئەس غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەۋاتقان ۋاقىتتا، ھەججاجغا دۈشمەنلىرىنىڭ كۈچىنى كۆپەيتىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ مۇنداق: ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ۋالىيلىرى ھەججاجغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، زىممىيلەرنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋەلىكىدە ياشاۋاتقان غەيرى دىندىكىلەر) جىزيە (زىممىيلەر ئىسلام ھاكىمىيىتىگە تۆلەيدىغان باج) تۆلەشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسلامغا كىرىشكە باشلىغانلىقىنى، ئىشلەيدىغان قىشلاقلىرىنى تاشلاپ، شەھەرلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى، كىرىم ئازلاپ، خەزىنە قۇرۇقدالغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. ھەججاج بەسرە ۋە باشقا جايلاردىكى ۋالىيلىرىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۇلارنى شەھەرگە كىرگەن بارلىق زىممىيلەرنى يىغىشقا، ھەممىسىنى كۆچۈپ كىرگىلى قانچە ئۇزۇن بولغان بولسۇن، قىشلاققا قايتۇرۇشقا بۇيرىدى. ئۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، زىممىيلارنى يۇرت - ماكانلىرىدىن، كىرىم مەنبەسىدىن ئايرىپ، شەھەر ئەتراپىغا يىغدى. ئاياللار ۋە باللارنىمۇ ئېلىپ چىقىشتى. ھەممىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، بىراقلا تاشلىۋەتكىلى ئۇزۇن بولغان ھەر قايسى قىشلاقلارغا ھەيدەپ ماڭدى. ئاياللار، باللار، قېرىلار يىغلاشقا، زارلىنىشقا،

پەرياد چېكىشكە باشلىدى. ئۇلار:

- ھەي مۇھەممەد! نەدە سەن؟ ھەي مۇھەممەد! قەيەردە سەن؟ - دەپ توۋلىشاتتى. ئۇلار نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بەسرەنىڭ ئالىم ئۆلىمالىرى ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارنى تىلىشىپلىش ئۈچۈن چىقتى. ئۇلارمۇ ئۇلارنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ يىغلىدى. ئۇلارنىڭ مۇسىبىتىگە ئازاپلاندى. ئابدۇررەھمان بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئالىم ئۆلىمالارنى ئۆزىنى قوللاشقا چاقىردى. پىشقەدەم تابىئىنلار، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن نۇرغۇنى ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. بۇلارنىڭ باشلامچىلىرى - سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا، شەئبى، ئەبۇلبەختەرىي قاتارلىقلار ئىدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك جەڭ باشلاندى. دەسلەپتە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەشئەس ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى غەلىبە قىلدى. كېيىن ھەججاجنىڭ كۈچى ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ، ئاخىرى ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەشئەس ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىپ قاچتى، قوشۇنى ھەججاجغا تەسلىم بولدى. ھەججاج جاكارچى ئارقىلىق مەغلۇپ بولغان قوشۇننى ئۆزىگە باشقىدىن بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. ئۇلارنىڭ كۆپى ھەججاجنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. بىر قىسىملىرى ئۆزىنى تارتتى. ئۆزىنى يوشۇرغانلارنىڭ ئىچىدە سەئىد ئىبنى جۇبەيرمۇ بار ئىدى. تەسلىم بولغۇچىلار بىر - بىرلەپ بەيئەت قىلىشقا كېلىپ، خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىشقا يولۇقتى. ھەججاج ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە:

- سەن مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ۋالىيسىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان سەۋەپلىك ئۆزەڭنى كاپىر دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ - دەيتتى. ئەگەر سورالغۇچى ھەئە دېسە، ئۇنىڭ يېڭى بەيئىتى قوبۇل قىلىنىپ، قويۇپ بېرىلەتتى. ئەگەر ياق، دېسە، ھەججاج ئۆلتۈرىۋېتەتتى. بەزىلەر ھەججاجغا بويسۇنۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى كاپىر دەپ ئىقرار قىلدى. بەزىلەر بۇنى قىلماي قارشى چىقىش بەدىلىگە بېشىنى تاپشۇردى. نەچچە مىڭ ئەر ئۆلتۈرۈلگەن، نەچچە مىڭى ئۆزىنى كاپىر دەپ ئىقرار قىلغاندىن كېيىن قۇتۇلۇپ قالغان بۇ قورقۇنۇچلۇق قىرغىنچىلىقنىڭ خەۋەرلىرى كەڭ تارقالدى.

خەسئەم قەبىلىسىدىن ياشىنىپ قالغان بىر كىشى بولۇپ، ئىككىلا گۇرۇھتىن يىراق بولۇپ، فۇرات دەرياسى (سۈرىيە ۋە ئىراقنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا) نىڭ ئۇ قېتىدا ئولتۇراتتى. ئۇمۇ باشقىلار بىلەن بىرگە ھەججاجنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئاپىرىلدى. ئۇ ھەججاجنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىلگەندە، ھەججاج ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ئۇ كىشى جاۋابەن:

- ئۇرۇش ئوتى يانغاندىن بېرى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئۇرۇشتىن يىراق ھالدا ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇردۇم. سەن ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، غەلىبە قىلدىڭ، ساڭا بەيئەت قىلىشقا كەلدىم، - دېدى. ھەججاج كايىپ:

- ھۇ ئۆلگۈر! رەھبىرىڭ بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلماي كۈتۈپ ئولتۇردۇڭما؟ ئۆزەڭنى كاپىر

دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ ـ دېدى.

ـ مەن سەكسەن يىل اللەغا ئىبادەت قىلىپ، ئەمدىلىكتە ئۆزەمنى كاپىر دېسەم، ھەقىقەتەن پەس ئادەم بولمامدىم؟ ـ دەپ جاۋاپ بەردى.

ـ ئۇنداقتا سېنى ئۆلتۈرىمەن.

ـ مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈر. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ پەقەت ئىشەك ئۇسسۇغىچىلىك ۋاقتىم قالدى. ئىشەك ئەتىگەندە سۇ ئىچسە، كەچتە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدۇ. مەن ھەر ۋاقىت ئۆلۈمنى كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن، خالىغىنىڭنى قىل.

ھەججاج جاللاتقا:

ـ ئۇنىڭ بېشىنى چاپ، ـ دېدى، جاللات ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى كەستى. سورۇندىكى ھەججاجنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىرى قالماي بۇ ياشانغان كىشىنىڭ ئۆلۈمگە تەكبىر ئېيتىپ، اللەنىڭ رەھمەت قىلىشىنى تىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەمىيل ئىبنى زىيادنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا دېدى:

ـ ئۆزەڭنى كاپىر دەپ قارامسەن؟

ـ الله بىلەن قەسەمكى، ھەرگىز ئۇنداق دەپ قارىمايمەن، ـ دېدى كەمىيل.

ـ ئۇنداقتا سېنى ئۆلتۈرىمەن.

ـ خالىغىنىڭنى قىل. اللەنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىمىز، ھېساب ـ كىتاپ شۇ يەردە.

ـ شۇ يەردە مېنىڭ توغرا بولۇپ چىقىدۇ.

ـ ئەگەر شۇ كۈندە ئۆزەڭ ھۆكۈم قىلغۇچى بولساڭ شۇنداق بولىدۇ.

ـ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! ـ دېدى ھەججاج.

ئۇمۇ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئاندىن ھەججاج يامان كۆرىدىغان، ئۆلتۈرىۋەتكىسى بار كىشى كەلتۈرۈلدى. ھەججاج بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئالدىراپ ئۇ كىشىگە:

ـ سەن ئۆزەڭنى كاپىر دەپ قارايسەنغۇ؟ ـ دېدى. ھېلىقى كىشى:

ـ مېنى ئۇچۇرۇپ ئالدىما، مەن پۈتۈن زېمىن ئەھلى ۋە كۈچلۈك فىرئەۋندىنمۇ بەكرەك كاپىر، ـ دېدى. ھەججاجنىڭ ئۇنى شۇنداق ئۆلتۈرۈۋەتكىسى بار تۇرۇپ، ئىلاجسىز قويىۋەتتى. يۇقىرىقى ئىشلار ھەممە جايغا تارقالدى. سەئىد شۇنىڭغا ئىشەندىكى، ئەگەر ئۇ ھەججاجنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا پەقەت ئىككى يولنىڭ بىرى بار، ئۈچىنچىسى يوق ئىدى. بىرى ـ بېشىنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرىش، يەنە بىرى ـ ئۆزىنى كاپىر دەپ ئىقرار قىلىش ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاچچىق... سەئىد ئىراقتىن چىقىپ كېتىش، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى تاللىدى. ھەججاج ۋە ئۇنىڭ جاسۇسلىرىدىن يوشۇرۇنۇپ، اللەنىڭ كەڭرى زېمىنىغا سەپەر قىلدى. ئاخىرى مەككە زېمىنىدىكى كىچىك بىر كەنتكە ئورۇنلاشتى. شۇ ھالدا تۇلۇق ئون يىل

تۇردى. ئۇ ھەججاجنىڭ غەزىۋىنى ئۇچۇرۇشقا، ئاچچىقىنى بېسىشقا يېتەرلىك ئىدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. مەككىگە بەنى ئۇمەييە ۋالىلىرىدىن يېڭى بىر ۋالى كەلدى. سەئىدنىڭ دوستلىرى يېڭى ۋالىنىڭ دوستلىرىنىڭ خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يۇشۇرۇن كۆزەتتى. سەئىدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

- بۇ ئادەم مەككىگە كەلدى، بىز ئۇنىڭدىن ھەرگىز خاتىرجەم ئەمەس. سەن بىزنىڭ تەلۋىمىزگە قوشۇلۇپ، بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەت، - دېدى. سەئىد:

- الله بىلەن قەسەمكى، مەن قېچىپ اللهدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، مۇشۇ يەردە قېلىپ قىلىش ئىرادىسىگە كەلدىم، اللهنىڭ خالىغىنى بولسۇن، - دېدى.

كىشىلەرنىڭ يېڭى ۋالى خالىدنى ناچار، قەبىھ ئادەم دەپ گۇمان قىلىشى خاتا ئەمەس ئىدى. ئۇ سەئىدنىڭ تۇرار جايىنى بىلگەندىن كېيىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سەئىدنى باغلاپ، ۋاستە شەھىرىدىكى ھەججاجنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئاپىرىشقا بۇيرۇدى. ئەسكەرلەر ئۇستازنىڭ ئۆيىنى قورشىدى. دوستلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا قولىغا كىشەن سالدى. ھەججاجنىڭ يېنىغا مېڭىشنى ئېيتتى.سەئىد تەمكىن، خاتىرجەم ھالدا قوبۇل قىلدى. ئۇ دوستلىرىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

- مەن مۇشۇ زالىمنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشۈم مۇمكىن. مەن ۋە ئىككى بۇرادىرىم ئىبادەت قىلىۋاتقان بىر كېچىسى ئۇچىمىز دۇئانىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ، اللهغا دۇئا قىلدۇق. اللهغا كۆپ ئىلتىجا قىلدۇق، ئاندىن اللهدىن بىزنى شەھىدلىككە ئېرىشتۈرۈشنى سورىدۇق. الله ئىككى ھەمراھىمغا شەھىدلىكنى رىزىق قىلدى. مەن كۈتۈپ تۇرىۋاتىمەن.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، كىچىك قىزى چىقتى. ئۇ دادىسىنى قولى باغلانغان، ئەسكەرلەر ھەيدەۋاتقان ھالدا كۆرۈپ، دادىسىغا ئېسىلىپ ئىسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. سەئىد ئۇنى ئۆزىدىن ئاستا يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

- قىزىم، ئانىڭىزغا دەڭ. بىزنىڭ ئۇچرىشىدىغان جايىمىز الله خالىسا جەننەت بولىدۇ، - دېدى، ئاندىن مېڭىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئىبادەتكار، تەقۋا، پەرھىزكار ھەقىقى ئىسلام ئۆلىماسىنى ۋاستە شەھىرىگە ئېلىپ باردى ۋە ھەججاجنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ھەججاجنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ھەججاج ئۇنىڭغا ھەسەت بىلەن قاراپ، دېدى:

- ئىسمىڭ نېمە؟

- سەئىد ئىبنى جۇبەير.

- ياق، شەقىي ئىبنى كەسىير (سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ ئەكسى).

- ياق، ئانام ئىسمىمنى سېنىڭدىن ئوبدان بىلەتتى.

- مۇھەممەد توغرىلىق نېمە دەيسەن؟

- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا اللهنىڭ سالامى بولسۇن)نى دېمەكچىمۇ؟

- ھەئە.

- ئۇ ئادەم باللىرىنىڭ رەھبىرى، تاللانغان پەيغەمبەر. ئۇ ھايات بارلارنىڭمۇ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭمۇ ئەڭ ياخشىسى. پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇ ستىگە ئالدى، ۋەزىپىنى ئادا قىلدى. الله، قۇرئان تەرەپكە چاقىرىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلدى.

- ئەبۇ بەكرى توغرىلىق نېمە دەيسەن؟

- ئۇ سەمىمى كىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى. ئۇ دۇنيادىن ياخشى نام بىلەن كەتتى، بەختلىك ياشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىلەن ماڭدى. ھەرگىز ئۆزگەرتمىدى، ئالماشتۇرمىدى.

- ئۆمەر توغرىلىق نېمە دەيسەن؟

- ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغان ئايرىغۇچى (فەررۇق)، الله ۋە رەسۇلۇللانىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ يولىدىن ھەرگىز چىقىپ كەتمىدى، ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ ياشىدى. شەھىد قىلىنىپ، ھاياتىدىن ئايرىلدى.

- ئوسمان توغرىلىق نېمە دەيسەن؟

- ئۇ قىيىنچىلىق قوشۇنى، يەنى تەبۇك غازىتى قوشۇنىنى تەييارلىغۇچى، رۇم قۇدۇقىنى قازغۇچى، ئۆزى ئۈچۈن جەننەتتىن ئۆي سېتىۋالغۇچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلەنگەن كۈيئوغلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىلاھى ۋەھىي بىلەن تويلاپ قويغان. ئۇ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن.

- ئەلى توغرىلىق نېمە دەيسەن؟

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، ياشلاردىن ئەڭ دەسلەپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشى. پاك ئايال فاتىمەنىڭ ئېرى. جەننەت ياشلىرىنىڭ رەھبىرى. ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ دادىسى.

- بەنى ئۈمەييە خەلىپىلىرىدىن قايسىسىنى بەك ياخشى كۆرىسەن؟

- ياراتقۇچىسىنى ھەممىدىن بەك رازى قىلغانىنى.

- قايسىسى ياراتقۇچىسىنى بەك رازى قىلغان؟

- بۇنى ھەممىنى بىلىدىغان الله ياخشى بىلىدۇ.

- ماڭا بولغان قارىشىڭ قانداق؟

- سەن ئۆزەڭ ئوبدان بىلىسەن.

- مەن سەندىن بىلمەكچى.

- دېسەم خۇشال بولماي، خاپا بولىسەن.

- ئاڭلىمسام بولمايدۇ.

- مەن سېنىڭ اللەنىڭ كىتاۋىغا قارشى چىقىۋاتقانلىغىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن

كۈچۈڭنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خاتا ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن. بۇ سېنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، دەۋزەخكە ئەكىرىدۇ.

- ئاگاھ بول، مەن سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن.

- ئۇنداقتا سەن مېنىڭ دۇنيارىمنى بۇزىسەن، مەن سېنىڭ ئاخىرىتىڭنى بۇزىمەن.

- قايسى خىلدا ئۆلۈشنى خالايسەن؟ تاللا!

-ھەججاج! سەن ئۆزۈڭ تاللا. سەن مېنى قايسى ئۆلۈمدە ئۆلتۈرسەڭ، الله سېنى ئاخىرەتتە شۇ ئۆلۈم بىلەن ئۆلتۈرۈپ قىينايدۇ.

- سېنى كەچۈرۈشۈمنى خالامسەن؟

- ئەگەر ئەپۇ قىلىنىش بولسا، اللهدىن بولغان بولىدۇ. سەن ئەپۇ قىلالمايسەن، سەۋەپلەرنىمۇ قوبۇل قىلالمايسەن. ھەقىقى ئەپۇ قىلغۇچى - الله.

ھەججاجنىڭ غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ:

- غۇلام! قىلىچ، پاياندار ئەكەل، - دېدى، سەئىد تەبەسسۇم قىلدى. ھەججاج ئۇنىڭغا:

- نېمىشقا كۈلىسەن؟ - دېدى.

مەن سېنىڭ اللهغا جۈرئەتلىك قىلىۋاتقانلىقىڭغا، اللهنىڭ ساڭا كەڭ قورساقلىق قىلىۋاتقانلىقىغا، يەنى سېنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھاكاۋۇر ئىكەنلىكىڭگە كۈلىۋاتىمەن.

- غۇلام! بۇنى ئۆلتۈر!

سەئىد قىبلىگە ئالدىنى قىلدى ۋە:

- «مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمان زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» (سۈرە ئەنئام 79- ئايەت)، - دېدى.

- ئۇنىڭ يۈزىنى قىبلىدىن ئۆرۈۋېتىڭلار!

- «قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ ئۇ اللهنىڭ تەرىپىدۇر»، - دېدى سەئىد.

- ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇڭلار!

- «سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، (ئۆلگەنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساپ ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز» (سۈرە تاھا 55- ئايەت)، - دېدى سەئىد يەنە.

- اللهنىڭ دۈشمىنىنى ئۆلتۈرۈڭلار! مەن قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئۇنىڭدەك دەل كەلتۈرەلەيدىغان ئادەمنى كۆرمىگەن.

سەئىد قولىنى كۆتۈرۈپ، مۇنداق دېدى:

- ئى الله! مەندىن كېيىن ھېچكىمنى ھەججاجنىڭ قولىغا قالدۇرمىغىن.

* * *

سەئىدنىڭ ئۆلۈمىدىن 15 كۈن ئۆتمەستىن ھەججاجغا تەپ كېسىلى تېگىپ، قاتتىق ئاغرىپ

قالدى. ئۇ بىردەم ھوشىدىن كېتىپ، بىردەم ھوشىغا كېلەتتى. ئازراق ھوشىغا كەلگەندە چۆچۈپ ئويغىنىپ، توۋلاپ كېتەتتى:

- سەئىد ئىبنى جۇبەير گېلىمنى سىقىۋاتىدۇ، سەئىد ئىبنى جۇبەير: مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرسەن؟ دەۋاتىدۇ، - دەيتتى، ئاندىن يىغلاپ:

- نېمىشقا سەئىدنى ئۆلتۈرگەن بولغىيتتىم، مېنى سەئىدتىن ئاجرىتىۋېتىڭلار، - دەيتتى.

ھەججاجنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىپ يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەزىلەر ئۇنى چۈشىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

- ھەججاج! سەن ئۆلتۈرگەن كىشىلەر توغرىلىق الله سېنى نېمە قىلدى؟ - دېگەندە، ھەججاج:

- مېنى الله ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بىر قېتىم ئۆلتۈردى، سەئىد ئىبنى جۇبەير ئۈچۈن يەتمىش قېتىم ئۆلتۈردى، - دېگەن ئىدى.

## «سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ساھابىلەر ھايات تۇرۇپ، پەتىۋا بېرەتتى» ـ تارىخچىلاردىن

مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بەيتۇلھەرامنى ھەج قىلىش، ئىككى ھەرەمنىڭ ئىككىنچىسى ـ مەدىنىنى زىيارەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلىشنى ئىرادە قىلدى. زۇلقەئدە ئېيى كىرگەندە خەلىفە ئۆز كارۋىنىنى تەييارلاپ، ئۇمەييە جەمەتىدىكى مۆتىۋەر ئەمىرلىرى، بىر بۆلۈك دۆلەت ئەرباپلىرى ۋە بىر قىسىم بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھىجاز زېمىنىغا قاراپ يولغا چىقتى. كارۋان دەمەشىقتىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە سالماق، ھەيۋەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ھەر بىر مەنزىلگە چۈشكەندە چېدىرلار تىكىلىپ، تۆشەكلەر سېلىناتتى. دىنى بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىلىم ۋە نەسىھەت سورۇنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. قەلىب ۋە روھلىرىنى بىلىم ـ ھېكمەت ۋە نەسىھەتلەر بىلەن مۇكەممەللەشتۈرەتتى.

خەلىفە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يېتىپ كەلگەندە، مەسجىد شەرىفكە كىردى. بۇ يەر تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ساپ ۋە سەمىمى سالام يوللىدى. پاك، ئۇلۇغ رەۋزىدە ناماز ئوقۇپ، ئۆزىنى بەختىكە چۆمدۈردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن تېتىپ باقمىغان خاتىرجەملىك ۋە روھى راھەتنىڭ تەمىنى تېتىدى ھەمدە مۇمكىن بولسىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىسىدە كۆپرەك تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ مەدىنىدە ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان ئىش ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى ئاۋاتلاشتۇرىۋەتكەن بىلىم سورۇنلىرى بولۇپ، بۇ سورۇنلاردا تابىئىنلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئىچىدىكى سەرخىللىرى خۇددى ئاسمان گۈمبىزىدىكى چولپان يۇلتۇزلار نۇر چاچقاندەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇلار: ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ سورۇنى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ سورۇنى، ئابدۇللا ئىبنى ئۇتبەنىڭ سورۇنى ئىدى. بىر كۈنى خەلىفە چاشگاھلىق ئۇيقۇدىن ئادەتتىكىدىن بالدۇرلا ئويغىنىپ، قاراۋۇلنى چاقىردى:

ـ مەيسەرە!

ـ خوش مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى!

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە بېرىپ، ئۆلىمالاردىن بىرىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىشكە چاقىرىپ كەل.

مەيسەرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە قاراپ ماڭدى. بېرىپ مەسجىدكە قاراپ بىر سورۇندىن باشقا سورۇننى كۆرمىدى، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا 60 تىن ھالقىغان بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىملارغا خاس پەزىلەت، ھەيۋەت ۋە سالاپەت بار ئىدى. مەيسەرە سورۇنغا يېقىن كېلىپ، ھېلىقى كىشىگە بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ئۇ ستاز ئۇنىڭغا قارىمىدى، پەرۋامۇ قىلمىدى. مەيسەرە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

ـ ساڭا ئىشارەت قىلغانلىغىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ماشا؟

ـ ھەئە.

ـ نېمە ئىشلىك بار ئىدى؟

ـ مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۆيگىنىپ: مەسجىدكە بېرىپ قاراپ باق، ماشا ھەدىس سۆزلەپ بېرىدىغان بىرەرسى بارمۇ؟ بولسا چاقىرىپ كەل، دېگەن.

ـ مەن ئۇنىڭغا ھەدىس سۆزلەپ بەرگۈچى ئەمەس.

ـ لېكىن ئۇ ھەدىس سۆزلەپ بېرىدىغان كىشى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ـ بىر نەرسىگە تەلىۋى بار ئادەم ئۆزى كېلىدۇ. ھەدىس ئەكتىلىدۇ، ئاپىرىپ بېرىلمەيدۇ.

قاراۋۇل كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ، خەلىفىگە:

ـ مەسجىدتە بىر ئۇستازدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدىم، ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلسام تۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن يېنىغا كېلىپ: مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھازىر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ماشا قاراپ: مەسجىدتە ماشا ھەدىس سۆزلەپ بېرىدىغان بىرەرسى بارمىكىن، بولسا چاقىرىپ كەل، دېگەن ـ دېدىم. ئۇ تەۋرىمەي كەسكىن قىلىپ: مەن ئۇنىڭغا ھەدىس سۆزلەپ بەرگۈچى ئەمەس، ئەگەر ھەدىسكە قىزىقسا مەسجىدتىكى سورۇن كەڭرى دېدى، ـ دېدى.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان چوڭقۇر تىندى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرالغۇنىڭ ئىچىگە ماڭدى. ئۇ:

ـ ئۇ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، سەن ئۇنىڭ قېشىغا بارمىساڭ، ئۇنىڭغا گەپ قىلمىساڭ بوپتىكەن، ـ دەيتتى.

خەلىفە سورۇندىن ئايرىلىپ كىرىپ كەتكەندە، ئابدۇلمەلىكنى ئەڭ كىچىك ئوغلى ئاكىسىغا قاراپ:

ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلغان، ئالدىغا كېلىشكە ئۇنىمىغان بۇ كىشى كىم؟ ئۇنىڭغا دۇنيا بويسۇنغان، رۇم پادىشاھلىرى ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، باش ئەگكەن تۇرسا، ـ دېدى. ئاكىسى:

ـ ئۇ كىشى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۇنىڭ قىزىنى قېرىندىشىڭ ۋەلىدقا ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندا، قۇشۇلمىغان ئادەم.

ـ خەلىفە ئابدۇلمەلىكنىڭ ئوغلى ۋەلىدقا قىزىنى بېرىشكە ئۇنىمىغان. ئۇ قىزىنى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ۋەلىئەھدىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى بولىدىغان ئادەمدىنمۇ يۇقىرى ئەرگە بەرمەكچىمىكەن؟!

ئاكىسى جىم بولۇپ بىر نەرسە دېمىدى. ئۇكىسى:

ـ مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ۋەلىئەھدىسىگە قىزىنى بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئاشۇنداق لايىق تاپالىدىمۇ ياكى بىر قىسىم كىشىلەر قىلغاندەك قىزىنى توي قىلغىلى قويماي، ئۆي

خىزمەتچىسى قىلىۋالدىمۇ؟ ـ دېدى. ئاكىسى:

ـ توغرىسىنى دېگەندە مەن قىزى ۋە دادىسىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچنىمە ئۇقمايمەن، ـ دېدى. سورۇندا ئولتۇرۇۋاتقان مەدىنىلىك ياشتىن بىرى ئۇلارغا قارىدى ۋە:

ـ ئەمىر ئىجازەت بەرسە ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرەي، ـ دېدى.

ـ ئۇ قىز بىلەن بىزنىڭ قەبىلىلىك ئەبۇ ۋەدا دېيىلىدىغان بىر ياش توي قىلدى، ئۇ بىزنىڭ تام خوشنىمىز. ئۇنىڭ ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشى ئېسىل بىر ھېكايە. ئۇنى ئۇ ئۆزى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن، ـ دېدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى:

ـ قېنى، دە، ـ دېيىشتى. ھېلىقى ئادەم مۇنداق دېدى:

« ئەبۇ ۋەدا ماڭا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

مەن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدىن ئايرىلمايتتىم. سەن بىلىسەن، مەن ھەمىشە سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ سورۇنىدا بولاتتىم. كىشىلەر ئارىسىدا سىقىلىپ ئولتۇراتتىم. شەيخنىڭ سورۇنىدىن بىر قانچە كۈن يوقاپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ كەلمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئاغرىپ قالغان ياكى بىرەر ئىشى چىقىپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپ، ئەتراپىدىكىلەردىن سوراپتۇ. ھېچكىم بىرەر ئەھۋال دەپ بېرەلمەپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قېشىغا بارغىنىمدا ئۇ سالام قىلىپ قارشى ئالدى ۋە:

ـ ئى ئەبۇ ۋەدا! قايسى يەرلەردە بولدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئايالىم ئۆلۈپ كېتىپ، شۇنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ قالدىم.

ـ بىزگە خەۋەر قىلساڭ بولماسمىدى؟ ساڭا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ جىنازىسىغا قاتنىشاتتۇق، ئىشلىرىڭغا ياردەم بېرەتتۇق.

ـ الله كۆپ ئەجىر بەرسۇن، ـ دەپ تۇرماقچى بولدۇم. ئۇ مېنى ئېلىپ قالدى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا:

ـ ئى ئەبۇ ۋەدا! توي قىلىۋېلىش توغرىلىق ئويلىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! مەن يېتىم ئۆسكەن، كەمبەغەل ياشىغان ياش تۇرسام، ماڭا كىم قىزىنى بېرىدۇ؟ مەن ئىككى ـ ئۈچ دىرھەمدىن باشقىغا ئىگە بولالمايمەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ مەن قىزىمنى بېرەي، ـ دېدى.

تىلىم كالۋالىشىپ قالدى ۋە:

ـ سەن؟... مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا قىزىڭنى بېرەمسەن؟...

ـ شۇنداق، بىز دىنى ۋە ئەخلاقىدىن رازى بولىدىغان ئادەم كەلسە تويلاپ قويىمىز. سەن بىزنىڭ قارىشىمىزدا دىن ئەخلاقىڭ بولىدىغان ئادەم.

ئاندىن بىزگە يېقىنراق ئادەملەرگە قاراپ، ئۇلارنى چاقىردى. ئۇلار كەلگەندە اللهغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام يوللىدى ھەمدە مەن بىلەن قىزىنىڭ

نىكاھىنى قىلدى. تويلۇق مەھرىنى ئىككى دىرھەم قىلدى. مەن ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىقتىن نېمە دېيىشنى بىلمەي ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆيۈمگە ماڭدىم. شۇ كۈنى روزا تۇتقان بولۇپ، روزامنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۆزەمگە مۇنداق دېدىم: «ھالىڭغا ۋاي، ئەبۇ ۋەدا! نېمە ئىشلارنى قىلىپ كەتتىڭ؟ كىمدىن قەرز ئالىسەن؟ كىمدىن مال سورايسەن؟» مۇشۇ ھالدا ھەتتا نامازشامغا ئەزان چىقتى. نامازنى ئوقۇپ ئىپتار قىلاي دەپ ئولىتۇردۇم. يەيدىغىنىم نان ۋە زەيتۇن يېغى ئىدى. ناندىن بىر ـ ئىككى چىشلەم يېمەيلا، ئىشىكنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

ـ كىم؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ سەئىد.

الله بىلەن قەسەمكى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن باشقا سەئىد ئىسىملىك بارلىق ئادەملەرنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم. چۈنكى ئۇ قىرىق يىلدىن بېرى مەسجىد بىلەن ئۆيىدىن باشقا يەردە كۆرۈنمىگەن ئىدى. ئىشىكنى ئېچىپ ھەيران قالدىم. ئالدىمدا سەئىد ئىبنى مۇسەييەب تۇراتتى. مەن تويى ئىشىمىزدا بىر ئىش بولغان چېغى دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە:

ـ ئەبۇ مۇھەممەد! ئادەم ئەۋەتسەڭ مەن باراتتىم ئەمەسمۇ، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ بەلكى بۈگۈن مېنىڭ سېنىڭكىگە كېلىشىم ھەقلىق، ـ دېدى.

ـ كىرگىن.

ـ ياق، مەن بىر ئىش بىلەن كەلگەن.

ـ الله رەھمەت قىلسۇن! نېمە ئىشتى؟

ـ قىزىم اللهنىڭ قانۇنى بۇيىچە ئەتىگەندىن بېرى سېنىڭ ئايالىڭ بولدى. مەن بىلىمەن، ساڭا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم يوق. سېنىڭ باشقا يەردە، ئايالىڭنىڭ باشقا يەردە قونۇشىنى ياقتۇرمىدىم. شۇڭا ئايالىڭنى ئېلىپ كەلدىم.

ـ ھەي، سەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟

ـ شۇنداق.

قارىسام ئۇ رۇس تۇرۇپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا:

ـ قىزىم اللهنىڭ نامى ۋە بەرىكىتى بىلەن يولدىشىڭنىڭ ئۆيىگە كىرىڭ، ـ دېدى. ئۇ ماڭماقچى بولۇپ، خىجىللىقتىن كىيىمگە پۇتلىشىپ، يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئۇنىڭ ئالدىدا گاڭگىراپ تۇراتتىم. مەن قىزنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ كىرىپ، نان ۋە زەيتۇن يېغىنى چىراقنىڭ يورىغىدىن يىراق، كۆرەلمەيدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئاندىن ئۆگزىگە چىقىپ، خوشنىلارنى چاقىرىپ:

ـ بۇ ياققا كېلىڭلار، ـ دېدىم. ئۇلار:

ـ نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپ سوراشتى. مەن:

ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بۈگۈن مەسجىدتە قىزىنى ماڭا نىكاھلاپ قويغان. ھازىر مەن

خەۋەرسىزلا ئېلىپ كەپتۇ. كېلىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇڭلار، ئانامنى چاقىرىپ كېلەي، - دېدىم. ئۇنىڭ ئۆيى يىراق ئىدى. ئۇلاردىن ياشىنىپ قالغان بىر ئايال:

- نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ساڭا قىزىنى نىكاھلاپ قويدى؟ ئۇنى ئۆيۈڭگە ئەكېلىپ بەردىمۇ؟ ئۇ قىزىنى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىككە بەرمىگەن تۇرسا! - دېدى. مەن:

- شۇنداق، ئۇ قىز ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمدە. ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قاراپ بېقىڭلار، - دېدىم.

خوشنىلار ئۆيگە كەلدى. ئۇلار ماڭا ئىشەنمىگىلى تاس قالدى. كېلىپ قىزنى تەبرىكلەپ ھەمراھ بولۇشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئانام كەلدى. قىزنى كۆرۈپ ماڭا قارىدى ۋە:

- قىزنى ماڭا تۇزەشتۈرۈپ، ساڭا ئېسىل ئايالدەك قىلىپ بېرىشكە بەرمىسەڭ چىرايىڭغا قارىمايمەن، - دېدى.

- دېگىنىڭىزدەك بولسۇن.

ئانام ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن ھەمراھ بولدى، ئاندىن ماڭا بەردى. ئۇ مەدىنىدىكى ئەڭ چىرايلىق، اللەنىڭ كىتاۋىنى يادقا بىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن كۆپ ئۆگەنگەن، ئەرنىڭ ھوقۇقىنى ياخشى چۈشىنىدىغان ئايال ئىكەن. ئۇ نىڭ بىلەن بىر قانچە كۈن بىللە تۇردۇق. دادىسى ياكى ئائىلىسىدىن بىرەرى بىزنى يوقلاپ كەلمىدى. مەن ئۇ ستازنىڭ سورۇنىغا بېرىپ سالام قىلدىم. ئۇ سالام قايتۇرۇپ، باشقا گەپ قىلمىدى. سورۇن ئاخىرلىشىپ مەندىن باشقا ھېچكىم قالمىغاندا:

- ئەبۇ ۋەدا! ئايالىڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئۇ دوست ياخشى كۆرىدىغان، دۈشمەن يامان كۆرىدىغان ھالەتتە، - دېدىم.

- اللەغا شۈكرى، - دېدى.

ئۆيۈمگە قايتىپ كەلسەم، ئۇ بىزگە تۇرمۇشىمىزغا ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن كۆپ مال ئەۋەتىپتۇ.»

ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك:

- بۇ ئادەمنىڭ ئىشى ئاجايىپ ئىكەن، - دېدى. ھېلىقى مەدىنىلىك ئادەم:

- بۇنىڭغا ئەجەبلىنىش كەتمەيدۇ، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئۇ بۇ دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ۋاستىسى قىلغان، ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ ئورنىغا ئاخىرەتنى سېتىۋالغان ئادەم. ئۇ قىزىنى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ ئوغلىغا بەرگۈسى كەلمىدى ياكى ئۇنى لايىق ئەمەس دەپ قارىمىدى ئەمەس، لېكىن ئۇ قىزىنى دۇنيانىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن قورقتى.

ئۇنىڭ بىر قىسىم دوستلىرى ئۇنىڭدىن:

- مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ تويلىغىنى قايتۇرىۋېتىپ، قىزىڭنى ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىگە تويلاپ قويدۇڭمۇ؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ:

ـ قىزىم مېنىڭ گەردىنىمدىكى ئامانەت، مەن ئۇنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندىم. دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇ بەنى ئۇمەييەنىڭ سارىيىغا بارسا، ئىسىل پاياندار ئۆي سەرەمجانلىرى ئىچىدە ئۆتسە، خىزمەتچى، مۇھاپىزەتچى مۇلازىملار ئەتراپىدا تەييار تۇرسا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ خەلىفىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا، شۇ ۋاقىتتا دىنى قانداق بولار؟ ـ دېگەن.

شاملىق بىر ئادەم مۇنداق دېدى:

ـ ئۇ كىشىلەر ئىچىدىكى تېپىلغۇسىز ئۆلگە ئوخشايدۇ.

مەدىنىلىك مۇنداق دېدى:

ـ الله بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن توغرا گەپ قىلدىڭ، ئۇ كۈندۈزى روزا تۇتىدۇ، كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ، قىرىق قېتىمدەك ھەج قىلدى. قىرىق يىلدىن بېرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە بىرىنچى تەكبىردىن قېلىپ باقمىدى. مۇشۇ قىرىق يىلدا داۋاملىق بىرىنچى سەپنى قولدىن بەرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئۇ قۇرەيش ئاياللىرىدىن خالىغىنىنى ئالسا، ئالالايتتى. لېكىن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىقى، ھەدىسنى كۆپ بىلىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىشقا بەك قىزىقىدىغانلىقىدىن باشقا ئاياللارنى قويۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا، ئۆزىنى بىلىم ئېلىشقا بېغىشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىلىم ئۆگەنگەن، ئۇلاردىن تەربىيە ئالغان. زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەرلەرنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن. ئوسمان، ئەلى، سۇھەيب قاتارلىق ساھابىلەردىن دەرىس ئاڭلىغان، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئۇ داۋاملىق تەكرارلاپ، ھەتتا شۇئارغا ئايلىنىپ قالغان سۆزى: «اللەغا ئىتائەت قىلغاندەك بەندە ئۆزىنى ئەزىز قىلالمايدۇ، اللەغا ئاسىي بولغاندەك ئۆزىنى خار قىلالمايدۇ».

سەلەمە ئىبنى دىينار

## (ئەبۇ ھازىمىل ئەئرەج)
## «مەن ئەبۇ ھازىمدەك ئاغزىغا ئىلىم ـ ھېكمەت يېقىن ئادەمنى كۆرمىدىم»
## ـ ئابدۇررەھمان ئىبنى زەيىد

ھىجرىيەنىڭ 97ـ يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مۇقەددەس دىيارغا بېرىش تەييارلىقىنى پۈتتۈردى ۋە ئۇمەۋىيلەرنىڭ پايتەختى دەمەشقتىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. خەلىپىنىڭ ۋۇجۇدىدا رەۋزەتۇل مۇتاھھەرەدە ناماز ئوقۇش قا بولغان ئىشتىياق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلىشقا بولغان سېغىنىش بار ئىدى. خەلىپە بىلەن قارىيلار، مۇھەددىسلەر، فەقىھلار، ئۆلىمالار، ئەمىرلەر، قوماندانلار بار بولۇپ، ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يېتىپ بېرىپ، يۇك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ ئورۇنلىشىپ بولغاندا، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئاقساقاللار ھەممىسى خەلىپىنى تەبرىكلەپ سالامغا كەلدى. لېكىن مەدىنەنىڭ قازىسى، ھەقىقى ئالىمى، ئىشەنچلىك رەھبىرى سەلەمە ئىبنى دىينار خەلىپىنى قارشى ئېلىپ، سالامغا كەلگەنلەر قاتارىدا يوق ئىدى.

خەلىپە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يېنىدا ئولتۇرغان بىر قىسىم كىشىلەرگە:

ـ ئىنساننىڭ روھىيىتى پات ـ پات نەسىھەت بىلەن پاكلاپ تۇرىدىغان كىشى بولمىسا، تۆمۈر داتلاشقاندەك داتلىشىپ كېتىدۇ. ـ دېدى.

ـ شۇنداق، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى!

ـ بىزگە نەسىھەت قىلىدىغانغا مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابلىرىدىن تەلىم ئالغان، نەسىھەت قىلىدىغان بىر كىشى چىقماسمۇ؟

ـ چىقىدۇ، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى، ئەبۇ ھازىمىل ئەئرەج بار.

ـ ئەبۇ ھازىمىل ئەئرەج دېگەن كىم؟

ـ مەدىنىنىڭ ئالىمى، ئىمامى، ساھابىلەردىن بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان تابىئىنلارنىڭ بىرى ـ سەلەمە ئىبنى دىينار.

ـ ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭلار! چاقىرغاندا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىڭلار، ـ دېدى خەلىپە.

ئۇلار سەلەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى خەلىپىنىڭ يېنىغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. سەلەمە خەلىپىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، خەلىپە قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزدى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ ئەبۇ ھازىم! (سەلەمەنىڭ تەخەللۇسى) نىمانداق سوغۇق مۇئامىلە بۇ؟

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! مەندە قانداق سوغۇق مۇئامىلە كۆردۈڭ؟

- كىشىلەرنىڭ ئاقساقال مۆتىۋەرلىرى مېنى يوقلاپ كەلسە، سەن يوقلاپ كەلمىدىڭغۇ؟

- سوغۇق مۇئامىلە دېگەن تونۇشۇشتىن كېيىن بولىدىغان تۇرسا، سەن مېنى بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، مەنمۇ سېنى كۆرمىگەن. مەندىن قايسى سوغۇق، يىرىك مۇئامىلە سادىر بولسۇن؟ خەلىپە يىندىكى كىشىلەرگە:

- ئۇستاز توغرا سەۋەپ كۆرسەتتى، خەلىپە خاتا ئەيىپلەپتۇ. - دېدى، ئاندىن ئەبۇ ھازىمغا قاراپ:

- قېنى دېگىن، ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله ياردەم بەرگۈچىدۇر.

- ئەبۇ ھازىم، بىز نىمە ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئۆچ كۆرىمىز؟

- چۈنكى، بىز بۇ دۇنيايىمىزنى ئاۋاتلاشتۇردۇق، ئاخىرىتىمىزنى خاراپلاشتۇردۇق. بۇ ئاۋات دۇنيادىن خاراپ دۇنياغا چىققىمىز يوق.

- راست، ئەبۇ ھازىم! بىلىپ باققۇم بار، ئۆلگەندىن كېيىن بىزگە نىمە ئىش باردۇر؟

- قىلغان ئەمەللىرىڭنى اللهنىڭ كىتاۋىغا توغرىلاپ باق، بىلىسەن.

- اللهنىڭ كىتاۋىنىڭ قايسى يىرىدە تاپالايمەن؟

- بۈيۈك اللهنىڭ: «مۇئمىنلار شەك - شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ، كاپىرلار شەك - شۈبھىسىز دەۋزەختە بولىدۇ» (سۈرە ئىنفىتار 13 - 14 - ئايەت) دېگەن سۆزىدە تاپالايسەن.

- قانداق قىلسام اللهنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىمەن؟

- «شۈبھىسىزكى، اللهنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر» (سۈرە ئەئراق 65 - ئايەت).

- بىز ئۆلگەندىن كېيىن اللهنىڭ ئالدىغا قايسى ھالەتتە بارىمىز؟

- ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن مۇساپىرلارغا ئوخشاش، گۇناھكارلار ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئاپىرىلغان قاچقان قۇلغا ئوخشاش بارىدۇ.

خەلىپە ئۇن سېلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، ئاندىن:

- ئەبۇ ھازىم! ئۆزىمىزنى قانداق ياخشىلايمىز؟ - دەپ سورىدى.

- كىبىر - تەمەننانى تاشلاپ، مەردلىك ۋە ئادىمىگەرچىلىكنى چىڭ تۇتساڭلا.

- مال - دۇنيا ئالدىدا اللهغا تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ يولى قايسى؟

- ئالغاندا ھەققانى بولساڭلا، بەرگەندە لايىق كىشىلەرگە بەرسەڭلا، باراۋەر تەقسىم قىلساڭلا، پۇقرالار ئارىسىدا ئادىل بولساڭلا.

- ئەبۇ ھازىم! كىشىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى كىم؟

- ئادىمىگەرچىلىك ۋە تەقۋالىقتا ئىگە ئادەمدۇر.

- ئەبۇ ھازىم! ئەڭ ئادىل سۆز قايسى؟

- ئىنسان ئۆزى قورققان ۋە ياردەم كۈتىۋاتقان كىشى ئالدىدا دېگەن ھەق سۆز.

- ئەبۇ ھازىم! ئەك تېز ئىجابەت بولىدىغان دۇئا قايسى؟
- ياخشى ئادەمنىڭ ياخشى ئادەمگە قىلغان دۇئاسى.
- قايسى سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل؟
- مال - مۈلكى ئاز كىشىنىڭ مىننەت قىلماستىن، زىيان يەتكۈزمەستىن ئىلاجىسىز قالغان كەمبەغەللەرگە قىلغان سەدىقىسى.
- ئەڭ ئەقىللىق، زېرەك كىشى كىم؟
- اللەغا ئىتائەت قىلىشقا ئېرىشكەن، شۇ بۇيىچە ئەمەل قىلغان، كىشىلەرنى شۇنىڭغا يېتەكلىگەن ئادەم.
- ئەڭ ھاماقەت كىشى كىم؟
- دوستى (ھەمراھى) خاتا قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرىتىنى باشقىلارنىڭ ئارزۇسىغا - بۇ دۇنياسىغا سېتىۋەتكەن ئادەم.
- ئى ئەبۇ ھازىم! بىز بىلەن بىرگە تۇرامسەن؟ ئۆز- ئارا ياردەم قىلىشساق.
- بولمايدۇ، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى!
- نېمىشقا؟
- سىلەرگە تايىنىپ قېلىپ، اللەنىڭ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ خورلۇقىنى تېتىتىشىدىن قورقىمەن.
- ئەبۇ ھازىم! ھاجىتىڭ بولسا دېگىن.
ئەبۇ ھازىم (سەلەمە) گەپ قىلمىدى. خەلىفە قايتا:
- ھاجىتىڭ بولسا دېگىن، قانداقلا بولسا قىلىپ بېرىمىز، - دېدى.
- مېنىڭ ھاجىتىم مېنى دەۋزەختىن قۇتۇلدۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈش.
- ئى ئەبۇ ھازىم! بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.
- مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ھاجىتىم يوق، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى!
- ئەبۇ ھازىم! ماڭا دۇئا قىلساڭ.
- ئى اللە! بەندەڭ سۇلايمان سەن ياخشى كۆرىدىغان دوستۇڭ قاتارىدىن بولسا، ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاسان قىلغىن. ئەگەر سېنىڭ دۈشمىنىڭدىن بولسا ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئاتا قىلىپ، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا يېتەكلىگىن.
سورۇندىكىلەردىن بىر ئادەم ئەبۇ ھازىمغا:
- سەن خەلىفىنىڭ يېنىغا كىرگەندىن بېرى ئەجەپ يامان گەپلەرنى قىلدىڭ. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسىنى اللەنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ھېساپلىدىڭ، ئۇنىڭغا ئەرزىيەت بەردىڭ، - دېدى. ئەبۇ ھازىم:
- بەلكى سەن يامان گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن. اللە ئالىملاردىن ھەق سۆزلەش توغرىلىق ۋەدە

ئالغان بولۇپ، الله: «كىتابنى (يەنى كىتاپتىكى اللەنىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى» (سۈرە ئال ئىمران 187ـ ئايەت)، ـ دېگەن. ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھوقۇقدارلىرى ئالىملىرىدىكى بىلىمگە قىزىقىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغان مۇددەتتە ياخشىلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇلاردىن كېيىن ئەڭ پەس كىشىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار بىلىم ئۆگىنىپ، بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىدىن ئازراق ئېرىشىش ئۈمىدىدە، ئۆگەنگەن بىلىمىنى ھوقۇقدارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئالىملار ھوقۇقدارلارغا مۇھتاج بولۇپ قالدى، ھوقۇقدارلار ئالىملارغا مۇھتاج بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالىملار بىچارىلىشىپ، بەختسىزلىككە يۈزلىنىپ، اللەنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئالىملار ھوقۇقدارلارنىڭ قولىدىكى نەرسىگە قىزىقتى، ھوقۇقدارلار ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىدى، نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويمىدى.

ـ راست گەپ قىلدىڭ، ئى ئەبۇ ھازىم! ماڭا كۆپرەك نەسىھەت قىلساڭ. مەن سېنىڭدەك ئاغزىغا ئىلىم ـ ھېكمەت يېقىن كىشىنى كۆرمىگەن.

ـ ئەگەر سەن ئاڭلىغانغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەردىن بولساڭ، دېگەنلىرىم يېتەرلىك. ئەگەر ئۇنداق بولمىساڭ، زىيىي يوق ياچاقتا ئوق ئاتقاننىڭ پايدىسى يوق.

ـئەبۇ ھازىم! ماڭا نەسىھەت قىلىشىڭ توغرىلىق قەسەم قىلىمەن.

ـ بولىدۇ. ساڭا قىسقا نەسىھەت قىلاي: ئۇلۇغ الله چەكلىگەن ئىشلار ئالدىدا سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇيرىغان ئىشلاردا سېنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما. ئۇنى ھەر ۋاقىت مۇقەددەس دەپ بىل، ـ دېدى، ئاندىن سالام بېرىپ قايتىپ كەتتى. خەلىفە ئۇنىڭغا:

ـ نەسىھەت قىلغۇچى ئالىم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، الله ساڭا چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلسۇن، ـ دېدى. ئەبۇ ھازىم ئۆيىگە يېتىپ بېرىپلا، مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ دىنار بىلەن توشقان ھەميان ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە: «بۇنى خىراجەت قىلغىن، ساڭا يەنە نۇرغۇن مال بار» دەپ خەت ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدى، ـ دە، ئۇنى خەلىفىگە قايتۇرۇپ، مۇنداق خەت يازدى: «ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! سېنىڭ سورىغان سۇئاللىرىڭنىڭ چاقچاق، مېنىڭ بەرگەن جاۋاپلىرىمنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىدىن، الله بىلەن پاناھ تىلەيمەن. الله بىلەن قەسەمكى، بۇنداق بولۇشىغا سەن قوشۇلمايسەن، مەن قانداق قوشۇلاي؟! ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! بۇ دىنارلار ساڭا دېگەن سۆزلىرىمنىڭ بەدىلىگە كەلگەن بولسا، ئۆزى ئۆلگەن نەرسە ۋە تۆككۈز گۆشى مەجبۇرلانغان كىشىگە قارىغاندا ماڭا بەكرەك ھالال، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمانلار خەزىنىسىدىن ماڭا بېرىلگەن مال بولسا، بارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق ئوخشاش باراۋەر تارقاتتىڭمۇ؟»

* * *

سەلەمە ئىبنى دىنارنىڭ ئۆيى بىلىم ئالغۇچىلار، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلار ئۈچۈن سۆيى

تاتلىق بولاق ئىدى. بۇنىڭدا قېرىنداشلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرىق يوق. بىر قېتىم، ئۇنىڭ يېنىغا ئابدۇررەھمان ئىبنى جەرىر ئوغلى بىلەن كىرىپ يېنىدا ئولتۇردى ۋە سالام قىلىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى تىلىدى. سەلەمە ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى سالام قايتۇرۇپ، ئۇلارنى قارشى ئالدى، ئاندىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلاندى. ئابدۇررەھمان سەلەمەگە:

- ئى ئەبۇ ھازىم! قەلبلەرنى قانداق ئويغىتىمىز؟

- قەلبلەر ئويغانغاندا چوڭ گۇناھلار كەچۈرۈلىدۇ، بەندە گۇناھنى تەرك ئېتىش ئىرادىسىگە كەلسە، ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىدۇ. ئى ئابدۇررەھمان! دۇنيانىڭ ئازغىنا نەرسىسى ئاخىرەتنىڭ نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىدىن يۈز ئۆرۈتىدۇ. اللهغا يېقىنلاشتۇرمايدىغان ھەر قانداق نېئمەت نېئمەت ئەمەس، جازا.

ئوغلى ئۇنىڭغا:

- يول كۆرسەتكۈچى ئۇستازلار كۆپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ئەگىشىمىز؟

- ئوغلۇم! اللهدىن ھەقىقىي قورقىدىغان، ئەيىپ ۋە يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىدىغان، كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنى تۈزەيدىغان، چوڭ بولغاندىمۇ شۇنىڭدىن يانمايدىغان كىشىگە ئەگەشكىن. ئوغلۇم! ئېسىڭدە بولسۇن، ھەر كۈنى بىلىم ئۆگەنگۈچىگە ئۇنىڭ ھېسسىياتى ۋە بىلىمى ئالدىنى قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ روھىيىتىدە كۈرەش قىلىدۇ. ئەگەر بىلىم ھېسسىياتىنى بېسىپ چۈشسە، ئۇنىڭ شۇ كۈنى غەلبە قىلغان كۈنى بولىدۇ. ئەگەر ھېسسىياتى بىلىمىنى بېسىپ چۈشسە، ئۇنىڭ شۇ كۈنى زىيانكارلىق كۈنى بولىدۇ.

ئابدۇررەھمان مۇنداق دېدى:

- ئى ئەبۇ ھازىم! سەن كۆپىنچە بىزنى شۈكرىگە قىزىقتۇرىسەن. شۈكرىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

- ھەر بىر ئەزايىمىزنىڭ شۈكرى ئېيتىش مەجبۇرىيىتى بار.

- كۆزنىڭ شۈكرىسى نېمە؟

- سەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلىقنى كۆرسەڭ ئاشكارىلايسەن، يامانلىقنى كۆرسەڭ مەخپىي تۇتىسەن.

- قۇلاقنىڭ شۈكرىسى نېمە؟

- ياخشىلىقنى ئاڭلىساڭ چىڭ ساقلايسەن، يامانلىقنى ئاڭلىساڭ ئۇنتۇپ كېتىسەن.

- قولنىڭ شۈكرىسى نېمە؟

- سېنىڭ ئەمەس نەرسىلەرنى تۇتمايسەن، ئۇنىڭ بىلەن اللهنىڭ ھوقۇقىغا قارشى چىقمايسەن. ئى ئابدۇررەھمان! ئېسىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن، تىلى بىلەن تولۇق شۈكرى ئېيتىمىغان، پۈتۈن بەدەنلىرى ۋە قەلبىنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلمىغان ئادەم - كىيىمى بار، لېكىن بۇ كىيىمنىڭ بېشىنى تۇتقان، كەيمىگەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۇنى ئىسسىقتىن ساقلىيالمايدۇ، سوغۇقتىن

قوغدىيالمايدۇ.

* * *

بىر يىلى سەلەمە ئىبنى دىينار مۇجاھىدلار بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن رۇم دىيارىغا قاراپ يولغا چىققاندا، مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن بىرگە چىقتى. قوشۇن ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى. قوشۇندا بەنى ئۇمەييەنىڭ ئەمىرلىرىدىن بار بولۇپ، ئۇلار ئەبۇ ھازىمنىڭ يېنىغا: ئەمىر سۆزۈڭنى ئاڭلاپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن سېنى چاقىرىدۇ، دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەبۇ ھازىم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئەۋەتتى:

- ئى ئەمىر! مەن بىلىم ئىگىلىرىنىڭ دىنىنى دۇنيا كىشىلىرىگە ئاپىرىپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. سېنى مېنىڭ مۇشۇ ئىشنى تۇنجى بولۇپ قىلىشىمنى خالايدۇ، دەپ قارىمايمەن. ئەگەر بىزگە ئېھتىياجىڭ بولسا، بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل، ساڭا ۋە ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرگە سالام.

ئەمىر خەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە سالام قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى مەرتىۋە تىلەپ مۇنداق دېدى:

- ئى ئەبۇ ھازىم! خەتتە دېگەنلىرىڭگە قوشۇلدۇق. سېنىڭ بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ھۆرمەت - ئىززىتىڭ ئاشتى. بىزگە ۋەز - نەسىھەت قىلغىن. الله كۆپ ئەجىر ئاتا قىلغاي!

ئەبۇ ھازىم ۋە - نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىچىدە تۆۋەندىكىلەر بار ئىدى:

- سەن ئاخىرەتتە نېمىلەرگە ئېرىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭغا قاراپ، بۇ دۇنيادا شۇنى كەلتۈرۈشكە قىزىققىن. ئاخىرەتتە نېمىلەرنىڭ بولۇشىنى خالىمايدىغانلىقىڭغا قاراپ، بۇ دۇنيادا شۇنىڭدىن ئۆزەڭنى تارت. ئى ئەمىر! ئېسىڭدە بولسۇن، سەندە ناھەقچىلىق ئورۇن تېپىپ تەرەققى قىلسا، بۇزغۇنچى مۇناپىقلار سېنى قوللاپ ئەتراپىڭغا توپلىشىدۇ. ئەگەر سەندە ھەقىقەت ئورۇن تېپىپ كۈچەيسە، ئەتراپىڭغا ياخشى كىشىلەر يىغىلىپ ساڭا ياردەم بېرىدۇ. سەن ئۆزەڭگە ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى تاللا.

* * *

ئەبۇ ھازىمنىڭ ئەترەپتىكە ئۆلۈم كەلگەندە دوستلىرى ئۇنىڭغا:

- ئەبۇ ھازىم! ئۆزەڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟ - دېدى. ئۇ:

- ئەگەر دۇنيادا قىلىپ سالغان يامانلىقلاردىن قۇتۇلسام، بىزگە باشقىسى زىيان سالمايدۇ، - دېدى، ئاندىن اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئوقۇدى: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن اللەنىڭ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ» (سۈرە مەريەم 96- ئايەت). بۇ ئايەتنى نەپسى توختىغانغا قەدەر توختىماي تەكرارلىدى.

سىلە ئىبنى ئەشيەمەل ئەدەۋى

«سىلە ئىبنى ئەشيەم ساھابىلەردىن تەلىم ئالدى، ئۇلارنىڭ خارەكتىرىنى ئۆگەندى، ئەخلاقىنى قوبۇل قىلدى»
ـ ئەسبە ھانى

سىلە ئىبنى ئەشيەم كېچىدە قاتتىق ئىبادەت قىلغۇچى، كۈندۈزدە بىرىلىپ جەڭ قىلغۇچى ئىدى. كېچە يەر يۈزىگە قاراڭغۇ پەردىسىنى ياپقان، ھەممە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇكەممەل تاھارەت ئېلىپ، جايىنامازغا چىقىپ نامىزىنى باشلايتتى. رەببىنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتىگە غەرق بولاتتى. ۋۇجۇدىدا ئىلاھى نۇر نۇر چېچىپ، پۈتۈن دۇنيا كۆز ئالدىدا نۇرلىناتتى. ئەتراپى ئالەمدىكى اللەنىڭ مەبۇدلىقى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرەتتى. بۇنىڭغا تاڭدا ئوقۇيدىغان قۇرئان قوشۇلاتتى. كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تۈگەپ، ئۈچىنچىسى كەلگەن قۇرئاننى قولغا ئېلىپ، اللەنىڭ رۇشەن ئايەتلىرىنى مۇڭلۇق، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇيتتى. قۇرئاندىن بەزىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، اللەدىن قورقۇپ ئەقلى ھوشىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك لەززەت ئالسا، بەزىدە يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەندەك قورقۇنچ، تۇۋەنچىلىكنى ھېس قىلاتتى.

سىلە ئىبنى ئەشيەم مەيلى سەپەردە ياكى ئۆيدە بولسۇن، ئالدىراش ياكى بىكار بولسۇن بۇ خىل ئىبادەتنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويمىدى. جەئفەر ئىبنى زەيد ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز اللەنىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمىت قىلىپ، كابۇل شەھرىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن بىرى بىلەن جەڭگە ماڭدۇق. قوشۇن ئىچىدە سىلە ئىبنى ئەشيەممۇ بار ئىدى. كېچە ئۆز قاراڭغۇلۇقىنى ياپقاندا، ئەسكەرلەر مېڭىشتىن توختاپ تاماق يېيىشىپ، خۇپتەن نامىزىنى ئادا قىلدى، ئاندىن ھەممىسى دەم ئېلىش ئۈچۈن ياتاقلىرىغا ماڭدى. مەن سىلە ئىبنى ئەشيەمنىڭ باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز ياتىقىغا ئۇخلىغىلى ماڭغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، ئۆزەمگە:

ـ كىشىلەر ئۇنىڭ ناماز ـ ئىبادەتلىرى توغرىسىدا دېيىشىۋاتقان گەپلىرى، پۈتلىرى ئىششىپ قاپىرىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قىيامدا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا تارقاتقان سۆزلىرى قېنى؟! اللە بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مەن ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقىمەن، ـ دېدىم. قوشۇندىكىلەر ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا قوشۇن چۈشكەن يەردىن يىراقلاپ، ئۈزۈن زاماندىن بېرى ئاياق ئىزى چۈشۈپ باقمىغان دەرەخلىرى يۇغان، ئىچى ناھايىتى سۈرلۈك بىر ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. چەت بىر يەرگە يېتىپ بېرىپ قىبلىنى ئىزدەپ، قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ، نامازغا تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرىپ كەتتى. مەن يىراقتىن قاراۋېتىپ، ئۇنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتتە يۈرۈ قلۇق ۋە نۇرغا، يىراق جايدا ھەمراغا، قورقۇنچ ئىچىدە دوستقا ئېرىشكەندەك چىرايىنىڭ نۇرلىنىپ، بەدەنلىرىنىڭ تىنچلانغانلىقىنى، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەملەنگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ شۇنداق

تۆرۈۋاتقاندا، ئورمانلىقنىڭ شەرىق تەرىپىدىن بىر يولۋاس بىز تەرەپكە چىقىپ كەلدى. ئۇ نى كۆرۈپ قورقۇپ يۈرىكىم قىپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى ـ دە، ئۆزەمنى قوغداش ئۇچۈن ئېگىز بىر دەرەخكە چىقىۋالدىم. يولۋاس سىلە ئىبنى ئەشيەمگە يېقىنلاپ ماڭدى. ئۇ بېرىلىپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. بىر نەچچە قەدەم ئارىلىقلا قالغاندى. سىلە يولۋاسقا ھەرگىز قارىمىدى، پەرۋا قىلمىدى. سەجدىگە بېرىۋىدى، مەن:

ـ مانا ئەمدى يەيدىغان بولدى، ـ دېدىم. سىلە سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. يولۋاس ئويلىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. سالام بەرگەندە يولۋاسقا تەمكىن قارىدى ۋە بىر نەرسە دېدى، مەن ئاڭلىيالمىدىم. تۇيۇقسىز يولۋاس ئاستا ئۇنىڭ يېنىدىن كەلگەن يولىدىن قايتىپ كەتتى. تاڭ يورىغاندا ئورنىدىن قوپۇپ، بامدات نامىزىنى ئادا قىلدى، ئاندىن مەن بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن ئۇلۇغ اللهغا مەدھىيە ئېيتىپ بولۇپ، مۇنداق دېدى:

ـ ئى الله! مەن سېنىڭدىن مېنى دەۋزەختىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ماڭا ئوخشاش گۇناھكار بەندە سېنىڭدىن جەننەت سوراشقا جۈرئەت قىلالامسۇنمۇ؟

ئۇ بۇ سۆزلەرنى تەكرارلاۋېرىپ، ئاخىرى يىغلاپ كەتتى، مېنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. ئاندىن بىرسى بىلىپ قېلىشتىن بۇرۇن، قۇشۇن ئارىسىغا يېنىپ كېلىپ، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياتقاندەك ھالدا ئاشكارە بولدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايتىپ كەلدىم. مەندە ئۇيقۇسىزلىق، چارچاش، يولۋاسنىڭ قورقۇنچىسى بار بولۇپ، بۇنى يالغۇز الله بىلەتتى.

سىلە ئىبنى ئەشيەم بۇنىڭدىن سىرت ۋەز نەسىھەت پۇرسەتلىرىنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمىدى. ئۇنىڭ بۇ توغرىسىدىكى ئۇسلۇبى كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ يولىغا بىلىم ھېكمەت، چىرايلىق نەسىھەت بىلەن چاقىرىش، قاتتىق دىللارنىڭ يۇمشىتىش، قاچقان كۆڭۈللەرنى مايىل قىلىش ئىدى. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى:

ئۇ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بەسرەنىڭ سىرتىغا چىقاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن ياشلىق تىزگىنىنى قويىۋەتكەن، ئويناپ كۈلۈۋاتقان، ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر بۆلۈك ياشلار ئۆتەتتى. ئۇ بۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن سالام بېرەتتى. ئۇلارغا كۆيۈنۈش ئىچىدە خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيتتى:

ـ بىر بۆلۈك كىشىلەر بار بولۇپ، بىر كاتتا ئىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. لېكىن ئۇلار كۈندۈزى ئويناپ كۈلۈش بىلەن يولدىن قاپتۇ، كېچىسى ئارام ئېلىش ئۈچۈن يېتىپتۇ. ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ بۇلار سەپىرىنى قاچان، نېمىگە ئېرىشىپ ئاخىرلاشتۇرار؟ مەنزىلىگە قاچان يېتىپ بارار؟

ئۇ بۇ سۆزلەرنى ھەر قېتىم تەرك ئەتمەي دەيتتى. بىر قېتىم ئۇلارغا ئۇچراپ، ئۇلارغا مۇشۇ سۆزلەرنى دېدى ـ دە، ئۇلاردىن بىر ياش ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ الله بىلەن قەسەمكى، بۇ يەردە پەقەت بىزلا كۆزدە تۇتۇلغان. بىز كۈندۈزى ئوينايمىز، كېچىسى ئۇخلايمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا ياشلارمۇ ھوشىنى تاپتى ھەمدە شۇ كۈندىن

باشلاپ سىلە ئىبنى ئەشيەمگە ئەگەشتى. سىلە ئىبنى ئەشيەم ۋاپات بولغانغا قەدەر سۆھبىتىدىن ئايرىلمىدى.

بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى: بىر كۈنى سىلە ئىبنى ئەشيەم بىر قىسىم دوستلىرى بىلەن بىر ئىشقا مېڭىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ناھايىتى كېلىشكەن، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ياش ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىشتىنى خېلى ئۇزۇن بولۇپ، ھاكاۋۇرلارچە يەردە سۆزرۈلۈپ ماڭاتتى. سىلەنىڭ دوستلىرى بۇ ياشنى قول ۋە تىللىرى بىلەن قاتتىق بىر تەربىيەلەپ قويماقچى بولىۋىدى، سىلە ئۇلارغا:

ـ ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا ئۆزەم تېتىيمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ياشنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق، سەمىمى مۇلايىم تەلەپپۇز بىلەن:

ـ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مېنىڭ ساڭا بىر ھاجىتىم بار ئىدى، ـ دېدى. ياش توختاپ:

ـ تاغا نېمە ئىش؟ ـ دېدى.

ـ ئىشتىنىڭنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولساڭ، ئۇنداقتا پاكىزە بولىدۇ، پەرۋەردىگارىڭغا تەقۋالىق قىلغان بولىسەن، پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتىگە يېقىنلاشقان بولىسەن.

ـ بولىدۇ، خۇشاللىق بىلەن، ـ دېدى، ئاندىن ئالدىراپ ئىشتىنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. سىلە دوستلىرىغا:

ـ بۇ سىلەر قىلماقچى بولغاندىن خېلىلا ياخشى، ئەگەر سىلەر ئۇنى ئۇرۇپ، تىللىغان بولساڭلار ئۇمۇ سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ تىللاشقان، ئىشتىنىنى يەر سۆرۈپ ئۇزۇن پېتى قويىۋەتكەن بولاتتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا بەسرە ياشلىرىدىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئەبۇ سەھيا! (سىلەنىڭ تەخەللۇسى) ماڭا الله ساڭا ئۆگەتكەن بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويغىن، ـ دېدى. سىلە ئۇنىڭغا ئىللىق خۇشچىراي كۈلۈپ:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن ماڭا ئېسىمدىن چىقمايدىغان ئۆتمۈشنى ئەسلەتتىڭ. ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ سېنىڭدەك ياش ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھايات بارلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا: «رەسۇلۇللا سىلەرگە ئۆگەتكەن بىلىملەرنى ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭلار» دېدىم. ئۇلار ماڭا: «قۇرئان روھىڭنىڭ قۇرالى، قەلبىڭنىڭ باھارى بولسۇن. ئۇنىڭدىن نەسىھەت ئال، ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىل. مۇمكىنلا بولسا ئۇلۇغ اللهغا كۆپ دۇئا قىل» دېگەن ئىدى.

ھېلىقى ياش سىلەگە :

ـ ماڭا دۇئا قىلغىن، الله ساڭا كۆپ ئەجىر ئاتا قىلسۇن، ـ دېدى. سىلە دۇئا قىلىپ:

ـ الله سېنى مەڭگۈلۈك ئىشلارغا قىزىقتۇرسۇن، يوقىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان قىلسۇن. كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان، دىنغا ئاساس بولىدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلسۇن، ـ دېدى.

*   *   *

سىله ئىبنى ئەشيەمنىڭ تاغىسىنىڭ مۇئازەتەل ئەدەۋىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇمۇ سىلەگە ئوخشاش تابىئىنلاردىن ئىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن بىلىم ئۆگەنگەن، ئاندىن ھەسەنۇل بەسەرىدىن دەرىس ئاڭلىغان (الله ئۇنىڭ روھىنى نۇرلۇق قىلسۇن). مۇئازەە ناھايىتى تەقۋا، پاك، ئابىد، دۇنياغا بېرىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى: كېچە كىرگەندە:

- بۇ مېنىڭ ياشايدىغان ئاخىرقى كېچەم بولىشى مۇمكىن، - دەپ تاڭ يورىغىچە ئۇخلىماتتى. تاڭ يۇرىغاندا:

- بۇ مېنىڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولىشى مۇمكىن، - دەپ كەچ كىرگۈچە دەم ئالمايتتى. ئۇ سوغۇق سەۋەبىدىن ئۇيقۇدىن خالى ئىبادەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن، قىش پەسلىدە نىپىز كىيەتتى. كېچىسى ناماز ئوقۇپ، قۇرئان ئوقۇپ ئۇخلىمايتتى. ئەگەر مۈگدەپ قالسا ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ھەي كۆڭۈل! ئالدىڭدا ئوزۇن ئۇيقۇ بار، قەبرىدە ئۇزۇن ئۇيقۇغا كېتىسەن، يا ھەسرەت بىلەن ئۇخلايسەن ياكى خۇشال ئۇخلايسەن، ئى مۇئازە! ئۆزۈڭ ئۇ چۈن ئەتە قايسى ھالدا ئۇخلاشنى بۈگۈن تاللا، - دەپ ھويلىدا ئايلىناتتى.

سىله ئىبنى ئەشيەم قاتتىق ئىبادەت قىلىدىغان، ھەددىدىن زىيادە تەقۋا تۇرۇقلۇق پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرىمىدى. ئۇ تاغىسىنىڭ قىزى مۇئازەغا خېرىدار بولدى. توي كۈنى بولغاندا قېرىنداشىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇنى ھاماماغا ئاپىرىپ ئەكەلدى، ئاندىن قىز بىلەن ئىككىسىگە خۇشپۇراق چېچىلغان بىر ئۆي تەييارلىدى، ئۇلار ئىككىسى ئۆيگە كىرگەندە، سىله ئىككى رەكەت سۈننەت نامىزى ئوقۇشقا تۇردى، مۇئازەمۇ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇدى، ئۇلارنى ناماز ئۆزىگە قارىتىپ كەتتى - دە، ئۇلار ئىككىسى ناماز ئوقۇپ تاڭ يۇرۇپ كەتتى. ئەتىسىگىنى قېرىنداشىنىڭ ئوغلى كېلىپ سىلەگە:

- ئى تاغا! تاغاڭنىڭ قىزى ساڭا ئەكىلىپ بېرىلسە، سەن پۈتۈن كېچە ناماز ئوقۇپ ئۇنى تاشلاپ قويدۇڭمۇ؟!

- قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! تۈنۈگۈن سەن مېنى دەۋزەخنى ئەسلىتىدىغان بىر ئۆيگە ئەكىردىڭ، ئاندىن جەننەتنى ئەسلىتىدىغان بىر ئۆيگە ئەكىردىڭ. مېنىڭ خىيالىم شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ تاڭ يۇرۇپ قاپتۇ.

- بۇ نېمە دېگىنىڭ تاغا؟!

- سەن مېنى ھاماماغا ئەكىردىڭ، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ماڭا جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى ئەسلەتتى. ئاندىن توي ئۆيىگە ئەكىردىڭ، ئۇنىڭ خۇشبۇيلىرى جەننەتنىڭ خۇشبۇيلىرىنى ئەسلەتتى.

سىله ئىبنى ئەشيەم اللهدىن قورقۇپ قاتتىق يىغلايدىغان، اللهغا سەمىمى تەۋبە قىلىدىغان،

تەقۋا، ئىبادەتكارلا ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك چەۋەنداز، باتۇر مۇجاھىد ئىدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا ھەممىدىن قەيسەر، ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن ھەرىكەتچان بولۇپ، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانلىرى ئۇنى ئۆز سېپىگە قوشۇشقا قاتتىق تىرىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قەيسەرلىكىنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئارزۇ قىلىۋاتقان چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋېلىشنى ئىرادە قىلاتتى. جەئفەر ئىبنى زەيد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز غازاتقا چىقتۇق. سىلە ئىبنى ئەشيەم، ھىشام ئىبنى ئامىرلار بىز بىلەن بىللە ئىدى. دۈشمەن بىلەن ئۇ چىراشقاندا، سىلە ۋە ئۇنىڭ بۇرادىرى مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، نەيزە سانچىپ، قىلىچ ئۇرۇپ، دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى ـ دە، دۈشمەن قوماندانلىرى ئۆز ـ ئارا:

ـ مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن ئىككى ئادەم بىزنىڭ پۈتۈن قوشۇنىمىزغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ھەممىسى جەڭگە ئاتلانسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلايلى، ـ دېدى.»

ھىجرىيەنىڭ 76 ـ يىلى، سىلە ئىبنى ئەشيەم ماۋرائۇننەھىر دىيارىغا قاراپ ماڭغان مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن غازاتقا ماڭدى. ئۇنىڭ ئوغلى بىرگە بار ئىدى. ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ، جەڭ يۇقىرى باسقۇچقا چىققاندا، سىلە ئوغلىغا:

ـ ئى ئوغلۇم! بارغىن، شەھىدلىك ئىزدە! ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلغىن. سەن سەۋەپلىك ئاللاھدىن ساۋاپ تىلەي. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچنەرسە زايا بولۇپ كەتمەيدۇ.

ياش يىگىت دۈشمەنگە ئوقيادىن ئوق ئېتىلغاندەك ئېتىلدى. شەھىد بولۇپ يىقىلغانغا قەدەر، توختىماي جەڭ قىلدى. دادىسىمۇ ئوغلىنىڭ ئىزىنى بېسىپ جەڭگە كىرىپ، توختىماي جەڭ قىلىپ، ئۇمۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا شەھىد بولۇپ يىقىلدى. بۇلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بەسرە گە يېتىپ كەلگەندە، ئاياللار مۇئازەگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كەلدى. مۇئازە ئۇلارغا:

ـ ئەگەر تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن بولساڭلار، مەرھابا! ئەگەر باشقا ئىش بىلەن كەلگەن بولساڭلار، كېتىڭلار! ئاللاھ كۆپ رەھمەت قىلسۇن! ـ دېدى.

ئاللاھ بۇ ئېسىل، پاك يۈزلەرنى نۇرلۇق قىلسۇن! ئۇلارغا چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلسۇن! ئىنسانىيەت تارىخى ئۇلاردىن تەقۋا، ئۇلاردىن پاك كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىدى.

تاۋۇس ئىبنى كەيسان

(ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى)

«تاۋۇس ئىبنى كەيسانغا ئوخشاش ئادەمنى ھەرگىز كۆرمىدىم»

ـ ئەمىر ئىبنى دىينار

«ئى ئابدۇررەھماننىڭ دادىسى! مەن سېنى چۈشۈمدە كۆردۈم، سەن كەئبىدە ناماز ئوقۇۋېتىپسەن.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ: تاۋۇس، پەردىنى ئاچقىن، قىرائىتىڭنى باشلا، دەۋېتىپتۇ»

ـ مۇجاھىد

ھىدايەت يۇلتۇزىدىن ئەللىكى يۇرۇپ، ئۇنى نۇر ئۆز قوينىغا ئالدى، ۋۇجۇدىغا نۇر سىڭىپ كىردى. قەلبى نۇر، تىلى نۇر، پۈتۈن ۋۇجۇدى نۇر بىلەن تولدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتىۋىنىڭ بايراقدارلىرىدىن ئەللىكىنىڭ قولىدا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، مۇستەھكەم ئىمان، راستچىللىقتا مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە، دۇنيانىڭ ماتالىرىدىن يۈز ئۆرۈش، اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، قانچىلىك بەدەل كەتسىمۇ ھەق سۆزنى ئاشكارە قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەقىقى كۆرۈنىشى بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتىۋى ئۇنىڭغا دىنىنىڭ الله، اللەنىڭ كىتاۋى، اللەنىڭ پەيغەمبىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن نەسىھەت ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى. تەجرىبە ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىسلاھات رەھبەردىن باشلىنىپ، رەھبەردە ئاياغلىشىدىغانلىقىنى، رەھبەر تۈزەلسە، پۇقرالار تۈزىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر رەھبەر بۇزۇلسا، پۇقرالار بۇزۇلىدىغانلىقىنى تەلىم بەردى.

مانا بۇ تاۋۇس، يەنى تۇز دەپ ئاتالغان بۇ كىشى ـ زەكۋان ئىبنى كەيسان. ئۇ فىقھى ئالىملىرىنىڭ گۈلى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى فىقھى ئالىملىرىنىڭ ئالدىنقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇ نام بېرىلگەن.

* * *

تاۋۇس ئىبنى كەيسان يەمەنلىك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتدا يەمەندە ھەججاج ئىبنى يۇسۇفنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف سەقەفى ۋالى ئىدى. ھەججاج ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇپ، كۈچ ـ قۇدرىتى زورىيىپ، شانۇ شەۋكىتى ئاشقاندىن كېيىن، قېرىندىشىنى يەمەنگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف ۋۇجۇدىدا قېرىندىشى ھەججاجنىڭ بارلىق يامانلىقلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، لېكىن ھېچقانداق ياخشىلىقنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى.

قىش كۈنلىرىنىڭ سوغاق بىر ئەتىگىنى مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇفنىڭ يېنىغا تاۋۇس ئىبنى كەيسان بىلەن ۋەھبى ئىبنى مۇنەببىھ كىردى. ئۇلار مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇفنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تاۋۇس ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا، ياخشىلىققا قىزىقتۇرۇشقا، يامانلىقتىن

قورقۇتۇشقا باشلىدى. ئالدىدا كىشىلەر ئۇلتۇرۇشقان ئىدى. ۋالى خىزمەتكارىدىن بىرىگە:

- خىزمەتكار! بېرىپ تون ئەكىلىپ، ئابدۇررەھماننىڭ ئاتىسى تاۋۇسقا كەيدۈرۈپ قوي، - دېدى. خىزمەتكار قىممەت توندىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى تاۋۇسقا يېپىپ قويدى. تاۋۇس توختىماي ۋەز- نەسىھەت قىلىۋەردى. ئۇنىڭ مۆرىسى ئاستا مىدىرلايتتى. ئاخىرى تون چۈشۈپ كەتتى- دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ۋالىنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىلىندى، ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى، لېكىن بىر نەرسە دېمىدى. تاۋۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى سورۇننىڭ سىرتىغا چىققاندا، ۋەھبى تاۋۇسقا:

- الله بىلەن قەسەمكى، بىز ھەر نېمە بولسا ئۇنىڭ غەزىۋىدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. توننى ئېلىپ چىقىپ سېتىپ پۇلىنى كەمبەغەل، مىسكىنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن بولساڭ نېمە بولاتتى؟ - دېدى. تاۋۇس:

- ئۇ شۇنداق، لېكىن مەن ئالىملارنىڭ مەندىن كېيىن: تاۋۇسمۇ ئالغان، بىزمۇ ئالىمىز دەپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سەن دېگەندەك قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن، - دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف تاشنى كەلگەن يېرىگە ئاتماقچى بولغاندەك، تاۋۇسقا قاپقان قۇردى. ئۇ يەتتە يۈز ئالتۇن دىينار بار بىر ھەميان تەييارلاپ، يېقىن ئادەملىرىدىن ئۇستا بىر ئادەمنى تاللاپ ئۇنىڭغا:

- بۇ ھەميانىنى تاۋۇسقا بەرگىن، بىر ئامال قىلىپ ئالغۇز. ئەگەر ئالسا ساڭا كاتتا ئىنئام بېرىمەن، كىيىم كەيدۈرىمەن، يېقىن ئادەملىرىمدىن قىلىمەن، - دېدى.

ھېلىقى ئادەم ھەميانىنى ئېلىپ، تاۋۇس بار مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. تاۋۇس جۇندە دېيىلىدىغان سەنئاغا يېقىن مەھەللىدە تۇراتتى. ئۇ تاۋۇسقا سالام بەرگەندىن كېيىن:

- ئى ئابدۇللانىڭ دادىسى! بۇ سىزگە ئەمىر ئەۋەتكەن نەپىقە، - دېدى. تاۋۇس:

- بۇ ماڭا لازىم ئەمەس، - دەپ، ئالغىلى ئۇنىمىدى.ھېلىقى ئادەم ھەر خىل يوللار بىلەن قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىشتىيۇ، تاۋۇسقا گەپ يېگۈزەلمىدى، ھەر خىل سەۋەپلەرنى كۆرسەتتى، تاۋۇس رەت قىلدى. ئاخىرى ئامال قىلالماي، تاۋۇسنىڭ بىخۇت قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھەميانىنى ئۇنىڭ تېمىدىكى كىچىك دەرىزىگە تاشلاپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى ۋە ئەمىرگە:

- ئى ئەمىر! تاۋۇس ھەميانىنى ئالدى، - دېدى. مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف بۇ ئىشقا خۇشال بولۇپ، جىم بولدى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئىككى ئادەمنى ھېلىقى ئادەم بىلەن تاۋۇسنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى، ئۇلار تاۋۇسقا مۇنداق دېدى:

- ئەمىرنىڭ ئەلچىسى خاتالىشىپ، مالنى ساڭا بېرىپ قويۇپتۇ، ئەسلى ئۇ باشقىلارغا ئەۋەتىلگەن ئىكەن. بىز ئۇنى سەندىن ئېلىپ، ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىشكە كەلدۇق.

- مەن ئەمىردىن ھېچنەرسە ئالمىدىم، قايتۇرۇپ بەرگىدەك، - دېدى تاۋۇس.

- ئالدىڭ.

تاۋۇس ھەميان كۆتۈرۈپ كەلگەن ئادەمگە قاراپ:

- مەن سەندىن بىر نەرسە ئالدىممۇ؟ - دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم چۈچۈپ:

- ياق، - دېدى، ئاندىن - مەن ئۇنى سەن بىلمەي قالغاندا دەرىزىگە قويۇپ قويغان.

تاۋۇس ئىككىسىگە:

- بېرىڭلار! دەرىزىگە قاراپ بېقىڭلار، - دېدى. ئىككىسى دەرىزىگە قارىدى، ھەميان ئۆمۈچۈك تور تارتىپ، شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ھەميانى ئېلىپ ئەمىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى.

الله مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇفنىڭ بۇ قىلمىشىدىن ھېساپ ئالماقچى بولغاندەك ھەمدە بۇ قىساسنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئىجرا قىلماقچى بولغاندەك بىر ئىش يۈز بەردى. تاۋۇس سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

« مەن مەككىدە ھەج قىلىۋاتاتتىم، ھەججاج ئىبنى يۇسۇف چاقىرتىپتۇ. كىرسەم، قارشى ئېلىپ يېقىن ئولتۇرغۇزدى. ياستۇق تاشلاپ بېرىپ، يۆلىنىشىمگە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۇ مەندىن ھەج ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا سوراشقا باشلىدى. بىز مۇشۇنداق تۇرۇۋاتقاندا، ھەججاج كەئبىنىڭ يېنىدا ئۈنلۈك تەلبىيە ئېيتىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز قەلبىنى تىترىتەتتى. ھەججاج:

- تەلبىيە ئېيتقۇچىنى چاقىرىپ كېلىڭلار، - دېدى. ئۇ چاقىرىپ كېلىندى. ھەججاج ئۇنىڭدىن:

- ئۆزەڭ كىم؟ - دەپ سورىدى.

- مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىمەن.

- سەندىن بۇنى سورىمىدىم، يۇرتۇڭنى سوراۋاتىمەن.

- يەمەندىن.

- ئەمىرىڭ قانداق قالدى؟ (قېرىندىشىنى دېمەكچى)

- كۆچلۈك، قاۋۇل، كىيىم كەيگەن، ئۇلاق مىنگەن، چىقىپ كىرىپ قالدى.

- مەن بۇنى سورىمىدىم.

- ئەمسە نېمىنى سورىدىڭىز؟

- ئۇنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى تەسىرىنى سورىدىم.

- ئۇ زالىم، رەھىمسىز، اللەغا ئاسى بولغان، مەخلۇقىقا بويسۇنغان ھالدا قالدى.

ھەججاج ئەتراپىدىكىلەردىن خىجىل بولۇپ يۈزى قىزاردى ۋە ھېلىقى ئادەمگە:

- سەن ئۇنىڭ مېنىڭ يېنىمدىكى ئورنىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ گەپلەرنى دېيىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟!

- ئۇنىڭ يېنىڭدىكى ئورنىدىن مېنىڭ اللەنىڭ يېنىدىكى ئورنۇمنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانسەن؟!

ھەججاج جىم بولۇپ گەپ قىلمىدى.»

تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ:

«ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىجازەت سورىماستىن، ياكى ئىجازەت بېرىلمەستىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تۇرۇپ ماڭدىم ۋە ئۆز- ئۆزەمگە:

- بۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، كىشىلەر ئارىسىدا غايىپ بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشاي، - دېدىم- دە، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭغا يېتىشۋالدىم. ئۇ كەئبىگە كېلىپ، كەئبىنىڭ پەردىسىگە ئېسىلىپ، مەڭزىنى تامغا يېقىپ، مۇنداق دېيىشكە باشلىدى:

- ئى اللە! سېنىڭ ھىمايەڭگە ئۆتۈشنى تىلەيمەن. سېنىڭ ھۆرمىتىڭگە ئىلتىجا قىلىمەن. ئى اللە! مېنى ئۆز سېخىلىقىڭ بىلەن خاتىرجەم، كاپالىتىڭ بىلەن رازى قىلغىن. بېخىللارنىڭ پىخسىقلىقىدىن خالاس قىلغىن، شەخسىيەتچىلەرنىڭ مال- مۈلكىدىن بىھاجەت قىلغىن. ئى اللە! مەن سەندىن يېقىن غەلىبەڭنى، ئۆزۈلمەس ياخشىلىقنى، خەيىر- ئېھسانىڭنى تىلەيمەن. ئى ئالەملەرنىڭ پەۋەردىگارى!

شۇ ئەسنادا ئادەملەر دولقۇنى ئۇنى كۆزدىن غايىپ قىلدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چرىشالمايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەراپات ئاخشىمى ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن چىققانلىقىنى كۆردۇم- دە، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. ئۇ:

- ئى اللە! ئەگەر مېنىڭ ھەججىمنى، جاپا- مۇشەققەت، قىيىنچىلىقىمنى قوبۇل قىلمىساڭ، مېنى ھەججىمنى قوبۇل قىلمىغان ساۋەپلىك مۇسىبىتىمنىڭ ئەجرىدىن مېنى مەھرۇم قىلمىغىن، - دەپ، يەنە ئادەملەر توپى ئىچىدە، كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇچرىشىشتىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدىم:

- ئى اللە! مېنىڭ دۇئايىمنى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغىن. مېنىڭ ئۈمىدىمنى، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئىجرا قىلغىن. قىيامەت مەيدانىدا مېنىڭ قەدەملىرىمنى، ئۇنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلغىن. مېنى ئۇنىڭ بىلەن ھەۋزى كەۋسەردە ئۇچراشتۇرغىن. ئى ئەڭ كەرەملىك اللە!

تاۋۇس دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ تابىئىن- زەكۋان ئىبنى كەيساندىن اللە رازى بولسۇن ھەم ئۇنى رازى قىلسۇن، مەڭگۈلۈك جەننەتتىن ئورۇن بەرسۇن.

* * *

مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك كەئبىنىڭ ئەتراپىغا چۇ شۇپلا ، خىزمەتكارىغا قاراپ:

- بىرىپ بىزگە دىنى تەلىم بېرىدىغان، مۇشۇ ئۇلۇغ كۈنلەردە ۋەز- نەسىھەت قىلىدىغان ئالىم تېپىپ كەل، - دېدى.

خىزمەتكار ھەج قىلغۇچىلار تەرەپكە بېرىپ، سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

- تاۋۇس ئىبنى كەيسان دەۋرىمىز ئۆلىمالىرىنىڭ پېشىۋاسى، سەمىمىلىك بىلەن اللەغا چاقىرغۇچى، شۇنى ئىزدە، - دېيىشتى.
خىزمەتكار تاۋۇسنىڭ قېشىغا كېلىپ:
- ئى ئۇستاز! مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى سىلىنى چاقىرغان ئىدى، - دېدى.
تاۋۇس تەخىر قىلماي ماڭدى، ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، اللەغا چاقىرغۇچىلار ھەر قانداق پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىشى كېرەك. ھەقنى يەتكۈزۈشكە پۇرسەت تېپىلسىلا، قولدىن بەرمەسلىك لازىم. ھەم شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىكى، سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى- ھۆكۈمدارلارنى توغرا يولغا سېلىش، زۇلۇم- زومىگەرلىكتىن يىراقلاشتۇرۇش، شۇنداقلا اللەغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن دېيىلگەن ھەق سۆز.
تاۋۇس خىزمەتكار بىلەن ماڭدى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، سالام قىلدى. خەلىفمۇ ئۇنىڭغا چىرايلىق سالام قايتۇردى، قىزغىن قارشى ئېلىپ، يېقىن ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ھەج مەسىلىلىرىنى سوراپ، جاۋاپ كۈتۈپ، ئىززەت- ئىكرام بىلەن ئولتۇردى. تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ:
«مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ سوئاللىرى ئاياغلىشىپ، تەلۋىي تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا، ئۆزەمگە:
- تاۋۇس! بۇ اللە سەندىن ھېساپ ئالىدىغان سورۇن ئىكەن، - دېدىم، ئاندىن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە قاراپ:
- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! جەھەننەمنىڭ ئەڭ تېگىدىكى قۇدۇقنىڭ يېنىدا بىر تاش بار. تاش قۇدۇقنىڭ تېگىگە يەتمىش يىلدا يېتىپ بارىدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىلەمسەن؟ جەھەننەمدىكى قۇدۇقلاردىن بۇ قۇدۇق كىملەرگە تەييارلانغان؟- دەپ سورىدىم. خەلىفە ئويلانماستىلا:
- ياق، - دېدى، ئاندىن ئېسىگە كېلىپ - ۋاي ئىسىت، كىمگە تەييارلانغان؟ اللە ئۇنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا شېرىك قىلغان (يەنى كىشىلەرگە ھۆكۈمران قىلغان)، لېكىن ئۇلار زالىملىق قىلغان كىشىلەرگە تەييارلانغان.
خەلىفە سۇلايمانى تىترەك باستى. مەن ئۇنى جېنى چىقىپ كېتەمدىكىن دەپ قالدىم، ئۇ قاتتىق ئېسەدەپ دېمىنى ئالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇنى شۇ پېتى قويۇپ چىقىپ كەتتىم. ئۇ ماڭا اللەدىن كاتتا ئەجىر تىلەيتتى.»
ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىفە بولغاندا، ئۇ:
- ئى ئابدۇررەھماننىڭ دادىسى! ماڭا نەسىھەت قىلساڭ، - دەپ ئادەم ئەۋەتتى. تاۋۇس ئۇنىڭغا بىر قۇرلا خەت يېزىپ ئەۋەتتى: «سەن پۈتۈن ئىشىم ياخشى بولسۇن دېسەڭ، ياخشى كىشىلەرنى ئىشلەت، ۋەسسالام». ئۆمەر خەتنى ئوقۇپ:

- يېتەرلىك نەسىھەت، يېتەرلىك نەسىھەت، - دېدى.

خەلىپە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىككە كەلگەندە، تاۋۇس بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر، ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار بولغان. بىر قېتىم، ھىشام بەيتۇللاغا ھەج قىلغىلى كەلدى. ھەرەمگە كېلىپ بولغاندا مەككىلىك بىلىملىكلەرگە:

- بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەرىنى تېپىپ بەرسەڭلار، - دېدى.

- ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇلار بىر- بىرلەپ دۇنيادىن كەتتى، ئۇلاردىن ھېچكىم قالمىدى. ئۇنداقتا تابىئىنلاردىن تاپايلى، - دېدى.

تاۋۇس ئىبنى كەيساننى چاقىرىلدى. تاۋۇس خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، پاياندازنىڭ يېنىغا كەشىنى سالدى، «مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى!» دەپ چاقىرماستىن سالام قىلدى. ئۇنىڭغا نامىنى ئەمەس، ئىسمىنى ئاتاپ گەپ قىلدى. خەلىپە ئىجازەت قىلماستىن بۇرۇن ئولتۇردى. خەلىپە ھىشامنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇ تاۋۇسنىڭ ئىشلىرىنى خەلىپىنى مەنسىتمەسلىك، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرگەنلىك دەپ قارىدى. لېكىن ئۇلۇغ اللەنىڭ ھەرەمدە ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە تاۋۇسقا:

- مۇشۇنداق قىلىشىڭغا نېمە سەۋەبچى بولدى؟ - دېدى.

- نېمە قىلدىم؟ - سورىدى تاۋۇس.

خەلىپىنىڭ غەزىۋى قايتىدىن قوزغىلىپ:

- كۆرپەمنىڭ يېنىغا كەشىڭنى سالدىڭ، مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، دەپ سالام قىلمىدىڭ، تەخەللۇسۇم بىلەن ئاتىماي، ئىسمىم بىلەن ئاتىدىڭ، مېنىڭ ئىجازىتىمسىز ئولتۇردۇڭ.

تاۋۇس ئالدىرىماي مۇنداق دېدى:

- كەشىمنى كۆرپەڭنىڭ يېنىغا سېلىشىم- مەن ئۇنى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا كۈندە بەش قېتىم سالىمەن، ئۇ ماڭا كايىمايدۇ، ئاچچىقلانمايدۇ. ساڭا مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى، دېمەي سالام قىلىشىم- سېنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئىكەنلىكىڭگە ھەممە مۆئمىن قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ. سېنى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، دەپ چاقىرىپ، يالغانچى بولۇپ قېلىشىمدىن قورقتۇم. سېنى تەخەللۇسۇڭ بىلەن ئەمەس، ئۆز ئىسمىڭ بىلەن ئاتىشىم- ئۇلۇغ اللە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆز ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىپ: ئى داۋۇد! ئى يەھيا! ئى ئىيسا!... دېگەن. دۈشمەنلىرىنى تەخەللۇسى بىلەن ئاتىغان بولۇپ: «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن، قۇرۇپ كەتتى» (سۈرە مەسەد) دېگەن. سېنىڭ ئىجازىتىڭدىن بۇرۇن ئولتۇرۇشۇم- مەن مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ: «ئەگەر سەن دوزىخى ئادەمنى كۆرمەكچى بولساڭ، ئۆزى ئولتۇرۇپ، ئەتراپىدىكىلەر ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئادەمگە قارىغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. مەن سېنىڭ دوزىخى ھېساپلىنىدىغان ئاشۇنداق ئادەم بولۇپ كېتىشىڭنى ياخشى

كۆرمىدىم.

ھىشام خىجىللىقتىن يەرگە قارىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـ ئى ئابدۇررەھماننىڭ دادىسى! بىزگە نەسىھەت قىلغىن، ـ دېدى.

ـ مەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ: «جەھەننەمدە چوڭ تۈۋرۈكتەك يىلانلار، خېچىردەك چايانلار بار. ئۇ پۇقرالىرىغا ئادىل بولالمىغان ھۆكۈمرانلارنى چاقىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

تاۋۇس بەزى ھۆقۇقدارلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، يول كۆرسىتەتتى. يەنە بەزىلىرگە تەنبىھ بېرىپ، مەنسىتمەسلىك سۆزلىرىنى قىلاتتى. ئۇ نىڭ ئوغلى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز بىر يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن يەمەندىن چىقىپ بىر يۇرتقا چۈشتۇق. ئۇ يەردە ئىبنى نەجىيھ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەمەلدار بار ئىكەن. ئۇ ناچار، خاتالىغى كۆپ، ناھەق ئىش قىلىدىغان، ھەقنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم ئىكەن. بىز پەرىز نامىز ئوقۇيلى، دەپ شەھەر مەسجىدىگە كەلدۇق. ئىبنى نەجىيھ دادامنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، مەسجىدكە كېلىپ، دادامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، سالام بەردى. دادام سالىمغا جاۋاپ بەرمەي، ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ھېلىقى ئەمەلدار دادامنىڭ ئوڭ يېنىدىن كېلىپ گەپ قىلدى، دادام يۈزىنى ئۆرىۋالدى. سول يېنىدىن كېلىپ گەپ قىلىۋىدى، يەنىلا يۈزىنى ئۆرىۋالدى. مەن بۇنى كۆرۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم، ئۇنىڭغا سالام قىلدىم ھەم:

ـ دادام سىزنى تونىمىدى، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ياق، داداڭ مېنى تونۇيدۇ، مېنى تونىغاچقا يۈز قارىدەك قىلدى، ـ دەپ، ھېچنەرسە دېمەي كەتتى. بىز تۇرار جايىمىزغا قايتقاندا دادام ماڭا قاراپ:

ـ ھۇ ھاماقەت! ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۆكۈپ گەپ قىلسەڭ، ئالدىغا كەلگەندە باش ئېگىسەن. مۇشۇ مۇناپىقلىق بولماي نېمە؟ ـ دېدى.»

* * *

تاۋۇس ئىبنى كەيسان خەلىپە ۋە ھۆقۇقدارلارغا نەسىھەت قىلمايتتى، بەلكى نەسىھەتنى نەسىھەتكە مۇھتاج بولغان ياكى قىزىققان ھەر بىر ئادەمدىن ئايرىمايتتى. بۇلاردىن بىرى، ئەتا ئىبنى رەبا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مېنى تاۋۇس ئىبنى كەيسان ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىر ئورۇندا كۆرۈپ:

ـ ئى ئەتا! ھاجەتلىرىڭنى ساڭا ئىشىكى تاقاقلىق، ئىشىكلىرىگە قاراۋۇللار قويۇلغان كىشىلەرگە ئېلىپ بارما. ئۇنى ھەر ۋاقىت ساڭا ئىشىكىنى ئوچۇق قويىدىغان، سېنىڭ چاقىرىقىڭنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، جاۋاپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان زاتنىڭ يېنىدا ئېيت، ـ دېدى».

ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ:

- ئوغلۇم! ئاقىللار بىلەن دوست بول! گەرچە ئەقىللىق بولمىساڭمۇ ئاقىل ھېساپلىنىسەن. نادانلار بىلەن بىرگە بولما! گەرچە نادان بولمىساڭمۇ جاھىللاردىن ھېساپلىنىسەن. ئېسىڭدە بولسۇن! ھەر بىر ئىشنىڭ غايىسى بار. ئىنساننىڭ غايىسى- دىننى تولۇقلاش، ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

تاۋۇسنىڭ ئوغلى ئابدۇللا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى، دادىسىنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگەندى، ئۇنىڭ يولىدا ماڭدى. بۇنىڭ مىسالىدىن بىرى:

ئابباسىيلار خەلىپىسى- ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر تاۋۇسنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى ۋە مالىك ئىبنى ئەنەسنى ئۆزىنى يوقلاپ كېتىشكە چاقىردى. ئۇلار خەلىپىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندا، خەلىپە ئابدۇللاغا قاراپ:

- بىزگە داداڭ ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان ئىشلاردىن سۆزلەپ بەرگىن، - دېدى. ئابدۇللا:

- دادام ماڭا: " قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازاپلىنىدىغان ئادەم- الله ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا شېرىك قىلغان، ئەمما ھۆقۇقىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ئادەم" دېگەن ئىدى، - دېدى.

مالىك ئىبنى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ:

- بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقاندا ئابدۇللانىڭ قېنى ماڭا يۇقۇپ قالمىسۇن دەپ كىيىملىرىمنى يىغدىم، لېكىن جەئفەر ئۇزاققىچە گەپ قىلمىدى، بىز سالام بېرىپ يېنىپ چىقتۇق.

* * *

تاۋۇس يۈز ياش ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئارتۇقراق ياشىدى. لېكىن قېرىلىق ئۇنىڭ زېھنى، خاتىرىسىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىگە قىلچە تەسىر كۆرسەتمىگەن ئىدى.

ئابدۇللا ھىشامى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

« مەن تاۋۇستىن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزلەپ كەلدىم. مەن ئۇنى تونىمايتتىم. ئىشىكنى چېكىۋىدىم، ياشانغان بىر كىشى چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ:

- سەن تاۋۇس ئىبنى كەيسانمۇ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

- ياق، مەن ئۇنىڭ ئوغلى، - دېدى.

- سەن ئۇنىڭ ئوغلى بولساڭ، بۇۋاي قېرىپ ئەقلىدىن قالغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بىلىم ئالاي دەپ يىراق جايدىن كەلگەن ئىدىم، - دېدىم مەن.

- قارا سېنى، اللەنىڭ كىتاۋىنى ئۆگەنگەن ئادەم ئەقلىدىن ئادىشىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگىن، - دېدى. مەن تاۋۇسنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەردىم ھەمدە:

- مەن سېنىڭدىن بىلىم ئېلىش، نەسىھەت ئاڭلاش ئۈچۈن كەلدىم، - دېدىم.

- سورىغىن، قىسقىراق بولسۇن، - دېدى ئۇ.

- ئىنشائاللا، مۇمكىنقەدەر قىسقا قىلىمەن، - دېدىم. تاۋۇس مۇنداق دېدى:

- مەن ساڭا تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندىكى سۆزنىڭ جەۋھىرىنى يىغىپ سۆزلەپ بېرەيمۇ؟
- بولىدۇ.
- سەن ئاللاھدىن ھەممىدىن بەك قورققىن، سەن ئۇنىڭدىن بەكرەك قورقىدىغان ئىككىنچى بىر نەرسە بولمىسۇن. ئاللاھدىن قورققاندىن بەكرەك ئۇنىڭدىن ئۈمىدۋار بولغىن. ئۆزەڭگە ياخشى كۆرگەننى كىشىلەرگىمۇ ياخشى كۆر.

* * *

ھىجرىيىنىڭ 106- يىلى، زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كېچىسى ياشانغان، پېشقەدەم ئۇستاز - تاۋۇس ئىبنى كەيسان ھەج قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە قىرىقىنچى قېتىم «ئەرافات» تىن «مۇزدەلىفە»گە كەلدى. مۇزدەلىفەگە كېلىپ چۈشۈپ، شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن يېنىنى يەرگە قويغاندا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئائىلە، ۋەتىنىدىن يىراق جايدا تۇرۇۋاتقاندا، ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىت قىلىپ، ئېھرام باغلاپ، تەلبىيە ئېيتىۋاتقاندا، ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ئانىسىدىن تۇغۇلغان ھالىتىدە گۇناھتىن خالاس بولغاندا... ئۇنىڭغا ئەجەل كەلدى. تاڭ يورۇپ دەپنە قىلماقچى بولغاندا، كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن جىنازىنى ئېلىپ چىقىش مۇمكىن بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەككىنىڭ ئەمىرى تاۋۇسنى يەرلىكىدە قويۇشقا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، كىشىلەرنى توسۇپ تۇرۇشقا مۇھاپىزەتچى ئەۋەتتى. ئۇستازنىڭ نامىزىغا ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم ساناپ بولالمايدىغان ھېسابسىز ئادەم قاتناشتى. ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىدا مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى- ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكمۇ بار ئىدى.

« بىلەمسەن؟ ھەر بىر قەۋمنىڭ ئەڭ ئېسىلى بار. ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ئادىمى
- ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئۇ قىيامەت كۈنىدە تەنھا بىر مىللەت قىلىپ تىرىلدۈرىلىدۇ. »
ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەين

ئۇلۇغ تابىئىن، مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ـ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ قەبرە تۇپىسىدىن قولىنى قاقماي تۇرۇپلا، كۈچلۈك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

- بۇ نېمە ئىش؟ ئۇلار مۇنداق دېدى:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! بۇ ـ خەلىپىنىڭ تەختىراۋانى، بۇ سىزنىڭ چىقىشىڭىز ئۈچۈن تەييارلانغان. ئۆمەر كۆزىنىڭ قىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

- مەن ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟ ئۇنى مەندىن يىراق ئېلىپ كېتىڭلار، الله سىلەرگە رەھمەت قىلغاي، ماڭا خېچىرىمنى ئەكىلىپ بېرىڭلار، شۇلا كۇپايە.

ئۇ ھارغىنلىق بىلەن ئۇيقۇسىزلىقتا چۆمگەن ئىدى. ئۇ خېچىرىغا مىندى. ساقچى باشلىغى ئۇنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوڭ ـ سولىدا قول ئاستىدىكى ساقچىلار سەپ تۈزۈپ ماڭغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا چاقناپ تۇرغان نەيزىلەر بار ئىدى. خەلىپە ئۇلارغا قارىدى ۋە مۇنداق دېدى:

- ماڭا سەن ۋە ئۇلار ھاجەت ئەمەس، مەن پەقەت مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بىر ئادەم، ئەتىگىنى ئۇلاردەك تۇرىمەن، كەچتە ئۇلاردەك ياتىمەن.

ئاندىن ئۇ ماڭدى، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن مېڭىپ مەسجىدكە كىردى، كىشىلەر جامائەت نامىزىغا چاقىرىلدى. كىشىلەر ھەر قايسى تەرەپلەردىن مەسجىدكە سەل كەبى ئېقىشقا باشلىدى. كىشىلەر يىغىلىپ بولغاندا خەلىپە ئورنىدىن تۇرۇپ اللهغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

- ئى خالايىق، مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز، مەن بىخەۋەر، مۇسۇلمانلار كېڭەشمەستىن مەن بۇ ئىش بىلەن سىنالدىم، مەن گەردىنىڭلاردىكى ماڭا بەرگەن بەيئەتتىن ئايرىلدىم. سىلەر ئۆزۈڭلارغا سىلەر رازى بولىدىغان خەلىپە تاللىۋېلىڭلار.

كىشىلەر بىرلىكتە قاتتىق توۋلىشىپ:

- بىز سېنى تاللىدۇق، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ساڭا رازىمىز. اللهنىڭ رەھمىتى ۋە بەركىتى بىلەن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى قولۇڭغا ئال.

خەلىپە ئاۋازلارنىڭ پەسەيگەن، دىللارنىڭ ئارامىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن،اللهغا يەنە بىر قېتىم ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت ۋە سالام يوللاپ، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنى تەقۋالىقتا قىزىقتۇراتتى، دۇنياغا بېرىلمەسلىككە ئۈندەيتتى،

ئاخىرەتكە رىغبەتلەندۈرەتتى. قاتتىق دىللارنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان، ئاسى كۆزلەردىن ياش تۆككۈزىدىغان، قەلبتىن چىقىپ ئاڭلىغۇچىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالىدىغان تەلەپپۇز بىلەن كىشىلەرگە ئۆلۈمنى ئەسلىتەتتى. ئاندىن ھالسىرىغان ئاۋازىنى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇنداق دېدى:

- ئى خالايىق! كىمكى اللەغا ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش لازىم، كىم اللەغا ئاسى بولسا، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىتائەت قىلماسلىقى كېرەك. ئى خالايىق! ئەگەر مەن اللەغا ئىتائەت قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر اللەغا ئاسى بولسام، ماڭا ھەرگىز ئىتائەت قىلماڭلار.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى ۋە ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. دېمىسىمۇ خەلىفە سۇلايماننىڭ ۋاپاتىدىن بېرى قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز يېنىنى ئورۇنغا قويۇپ قويماي يۇرالا ئوغلى ئابدۇلمەلىك كىرىپ كەلدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئون يەتتە ياشقا قاراپ مېڭىۋاتقان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! نېمە ئىش قىلماقچى سەن؟

- ئى ئوغلۇم! ئازراق كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي دېگەن، بەدىنىمنىڭ مادارى قالمىدى.

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ناھەق ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرماي تۇرۇپ ئۇخلىماقچىمۇ؟

- ئوغلۇم! كېچە تاغاڭ سۇلايماننىڭ ئىشى بىلەن ئۇخلىيالمىغان ئىدىم. الله خالىسا پېشىن ۋاقتى بولغاندا نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، كىشىلەردىن ناھەق ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن.

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! كىم سېنى پېشىن ۋاقتىغىچە ياشايدۇ دەيدۇ؟

بۇ سۆز ئۆمەرنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتتى، كۆزىدىن ئۇيقۇنى قاچۇردى، چارچىغان بەدىنىدە كۈچ ۋە ئىرادىنى ئۇرغۇتتى. ئۇ ئوغلىغا مۇنداق دېدى:

- ئوغلۇم! ماڭا يېقىن كەلگىنە.

ئوغلى ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. ئۇ ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆيدى ۋە مۇنداق دېدى:

- اللەغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ماڭا، دىنىمغا ياردەم بېرىدىغان كىشىنى چىقىرىپتۇ.

ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە: ناھەق ئېلىۋېلىنغان مېلى بارلار ئېلىپ كەتسۇن، دەپ جاكارلاشقا ئەمىر قىلدى.

* * *

ئابدۇلمەلىك كىم؟ كىشىلەر ئۇ توغرىسىدا: ئۇ دادىسىنى ئىبادەتكە باشلىغان، تەقۋالىق يولىغا

ئېلىپ ماڭغان، دېگەن بۇ بالىنىڭ خەۋىرى قانداق؟ كېلىڭلار، بۇ دىيانەتلىك ياشنىڭ ھېكايىسىگە باشتىن نەزەر سالايلى!

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئون بەش بالىسى بار بولۇپ، ئۇچى قىز ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋا ھەم دىيانەتلىك ئىدى. لېكىن ئابدۇلمەلىك قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئىمان رىشتىسى كۈچلۈك ۋە نۇر چېچىپ تۇرغان مەشئەل ئىدى. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا زېرەك ئەدىپ بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلارغا خاس ئەقىل پاراسەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن تارتىپلا بۈيۈك اللەنىڭ ئىتائىتىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ نەسەپ جەھەتتە ئۆمەرخەتتاب جەمەتىگە يېقىن ئىدى، تەقۋادارلىق، گۇناھ سادىر قىلىشتىن قورقۇش، ئىتائەت بىلەن اللەغا يېقىنلىششتا خۇسۇسەن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرگە ئوخشايتتى.

ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئاسىم سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

دەمەشىقتە ۋەكىل بولۇپ كېلىپ، تاغامنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇم. ئۇ بويتاق ئىدى. بىز خۇپتەن نامىزىمىزنى ئوقۇپ بولۇپ، ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزغا بېرىپ ياتتۇق. ئابدۇلمەلىك تۇرۇپ چىراقنى ئۆچۈردى. ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتتى. كېيىن مەن يېرىم كېچىدە ئويغانسام، ئابدۇلمەلىك ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇ اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئوقۇۋاتاتتى: « ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى نۇرغۇن يىللار ( نېئمەتلىرىمىزدىن ) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاپ كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېئمەتلىرى ( ئۇلاردىن ئازاپنى دەپئى قىلىشتا ) ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. » ( سۈرە شۇئەرا 205 ~ 207ـ ئايەتلەر ) ئۇنىڭ ئايەتنى تەكرار ئوقۇشى، يۈرەك رىشتىسىنى ئۆزگىدەك ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىشى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە قايتا ئوقۇيتتى. مەن ئۇنى يىغا سىقىلدۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويامدىكىن، دېدىم. مەن بۇلارنى كۆرۈپ:

ـ لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ـ دېدىم.

ئۇيقۇدىن ئويغانغۇچى يىغىنى ئۈزۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، جىمىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلىمىدىم.

* * *

بۇ ئۆمەۋىيلىك ياش ئۆز دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ كاتتىلىرىدىن تەلىم ئالدى، قۇرئان بىلىملىرىنى تولۇق ئۆگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىسلىرىدىن تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشتى، دىنى بىلىملەردىن تويۇندى. ئاخىرى يېشى كىچىك تۇرۇپلا، ئۆز زامانىسىدىكى شاملىق دىنى ئۆلىمالارنىڭ بىرىنچى تەبىقىسىگە قوشۇلدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز شامنىڭ بارلىق كىتاپ ئوقۇرمەنلىرىنى يىغىپ، مۇنداق دېدى:

ـ مەن سىلەرنى جەمەتىم قولىدىكى زۇلۇم بىلەن ئېلىنغان ماللارنىڭ ئىشى بىلەن چاقىردىم، بۇ توغرىسىدا سىلەرنىڭ قارىشىڭلار قانداق؟

ئۇلار دېدى:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! بۇ سېنىڭ رەھبەرلىكىڭ ئاستىدا بولغان ئىش ئەمەس، بۇلارنىڭ گۇناھى شۇنى زۇلۇم بىلەن ئالغان كىشىگە بۇلىدۇ.

ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزىگە خەلىفىنىڭ كۆڭلى تىنمىدى. قارىشى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر كىشى خەلىفىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئابدۇلمەلىككە ئادەم ئەۋەتكىن، ئۇ بىلىم، ئەقىل ۋە دىنى ھۆكۈم جەھەتتە بۇ سورۇندىكىلەردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ.

ئابدۇلمەلىك خەلىفىنىڭ قېشىغا كىرگەندە، خەلىفە ئۇنىڭغا:

- تاغىمىزنىڭ باللىرى كىشىلەردىن ناھەق ئالغان بۇ ماللارنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭ ئىگىلىرى كېلىپ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەققى بارلىقىنى بىلدۇق.

- مېنىڭ قارىشىمچە - ئېنىقلىيالىساڭلا، ماللارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، شۇلارنى زۇلۇم بىلەن ئالغان كىشىلەرنىڭ شېرىكى بولۇپ قالىسەن.

خەلىفىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، چىرايىدىن غەم ئالامەتلىرى يوقالدى.

* * *

ئۆمەرۋىلىك بۇ يىگىت چىگرا قاراۋۇللىغى ۋە شام دىيارىدا تۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يەرگە يېقىن شەھەردىن بىرىدە تۇرۇشنى تاللىدى. ئۇ گۈزەل باغلىرى، سايىلىق دەل - دەرەخلىرى، يەتتە دەرياسى بار بۇ كاتتا يۇرت - دەمەشقنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭ دىيانىتى ۋە تەقۋادارلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان تۇرۇقلۇق، ياشلىق ھېسسىياتى بىلەن ئوغلىنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشقا بەك قىزىقاتتى. ئوغلىنىڭ ئىشىدىن بىخەۋەر قالمايتتى ھەم ھەرگىز سەل قارىمايتتى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋەزىرى، قازىسى، مەسلىھەتچىسى مەيمۇن ئىبنى مە ھران بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىغا كىردىم، ئۇ ئوغلى ئابدۇلمەلىككە نەسىھەت قىلىپ، يول كۆرسىتىپ، گۇناھتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، دەۋزەختىن قورقۇتۇپ، جەننەتتىن خۇشخەۋەر بېرىپ خەت يېزىۋاتقان ئىكەن. ئۇ يازغان خەتتە تۆۋەندىكىلەر بار ئىدى:

- مەقسەت، مېنى ۋە مېنىڭ سۆزۈمنى ھەممىدىن بەك سەن چۈشىنىشكەلايىق، الله بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئۇنىڭغا چەكسىز مەدھىيىلەر بولسۇن، الله بىزگە بارلىق چوڭ كىچىك ئىشلاردا غەمخورلۇق قىلدى. ئوغلۇم! اللهنىڭ ساڭا ۋە داداڭغا قىلغان ئىنئام ۋە پەزىلىتىنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما. كىبىر ۋە تەمەننادىن يىراق قاچ، ئۇ شەيتاننىڭ ئەملى. شەيتان مۇئمىنلەرگە ئېنىق دۈشمەن. ئوغلۇم! بىلگىنكى، مەن بۇ خەتنى سېنىڭ بىرەر يامان ئىشىڭ ماڭا يېتىپ

كېلىپ يېزىۋاتقان يېرىم يوق. مەن سەن توغرىلىق ياخشى ئىشلارنىلا بىلىۋاتىمەن. لېكىن مەن سېنىڭ ئۆزۈڭدىن ئەجەپلىنىۋاتقانلىقىڭدىن خەۋەر تاپتىم، ئەگەر بۇ سېنى مەن ياقتۇرمايدىغان ئىشقا ئېلىپ بارسا، ئەلۋەتتە سەنمۇ مەندىن ئۆزۈڭ ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى كۆرىسەن.

مەيمۇن مۇنداق دەيدۇ:

ئۆمەر ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى:

- ئى مەيمۇن! ئوغلۇم ئابدۇلمەلىك ئۆزەمگە ياخشى كۆرۈنىدۇ، مەن بۇ سەۋەپلىك ئۆزەمدىن شىكايەت قىلىمەن، مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈم ئۇنى بىلىپ تۇرۇشۇمنى بېسىپ چۈشۈپ، ئاتىلىق مېھرى بىلەن باللىرىنىڭ ئەيىبىنى كۆرمەيدىغان ئاتىلاردىن بولۇپ قېلىشىمدىن بەك ئەنسىرەيمەن. سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى چوڭقۇر كۆزەتكىن. ئۇنىڭدا كىبىر، تەمەنناغا ئوخشايدىغان ھالەتتىن بارمۇ، ئوبدان نەزەر سال. ئۇنىڭ يېشى كىچىك، شەيتان ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن بەك ئەنسىرەيمەن.

مەيمۇن مۇنداق دەيدۇ:

يۈك تاقامنى تېڭىپ، ئابدۇلمەلىك تەرەپكە يول ئالدىم، بېرىپ ئىزنى سوراپ يېنىغا كىردىم. ئۇ ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان، چىرايى نۇرلۇق، ناھايىتى كەمتەر بالا ئىكەن. ئۇ يۇڭدىن ئىشلەنگەن ئاق پالازدا ئولتۇردى، ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

- دادامنىڭ سېنى مۇۋاپىق تەرىپلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. سەن ئارقىلىق ماڭا اللەنىڭ پايدا يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن دېدىم:

- ئۆزۈڭ قانداقراق تۇرىۋاتىسەن؟

- اللەنىڭ ياردىمى ۋە ئىلتىپاتى بىلەن ياخشى. بىراق دادامنىڭ ماڭا بولغان ياخشى تونۇشى مېنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. دادام ئويلىغان پەزىلەتنىڭ ھەممىسىگە يەتمىدىم تېخى. دادامنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى مېنى ھەقىقى چۈشىنىشىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئاپەت بولۇشىدىن قورقىمەن.

مەن بۇلارنىڭ قارىشىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن ھەيران قالدىم ھەم ئۇنىڭغا دېدىم:

- ماڭا دېگىنە، تۇرمۇش خىراجىتىڭ نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟

- ئۆزۈمنىڭ يېرىدىن، ئۇنى دادىسىدىن مىراس قالغان بىرسىدىن سېتىۋېلىپ، ھالال، ساپ پۇلدىن بەردىم. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مالىيەسىدىن ھەق ئالمايدىغان بولدۇم.

- يېيىشىڭ نېمە؟

- بىر كۈنى گۆش، بىر كۈنى پۇرچاق ۋە زەيتۇن يېغى، بىر كۈنى سىركە، زەيتۇن يېغى... مۇشۇ يېتەرلىك.

- ئۆزۈڭگە سەل ئەجەپلىنىش بارمۇ؟

- ئازراق شۇنداق ئىدى، دادام نەسىھەت قىلىپ، روھىيىتىمنى كۆرسىتىپ، ئۇ نداق قىلىشنىڭ قىلچە قىممىتى يوقلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، الله ماڭا ھىدايەت بەردى. الله دادامغا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن.

مەيمۇن مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ، سۆزنى ئاڭلاپ خېلى ۋاقىت ئولتۇردۇم، مەن چىرايىدا ئۇنىڭدىن چىرايلىق، ئەقىل جەھەتتە ئۇنىڭدىن مۇكەممەل، يېشىنىڭ كىچىك، تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىگە قارىغاندا ئۇنىڭدەك ئەدەپلىك ياشنى كۆرمىگەن ئىدىم. كەچ كىرگەندە بىر يىگىت كېلىپ ئۇنىڭغا دېدى:

- الله سىنى سالامەت قىلسۇن، قىلىپ بولدۇق.

ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن:

- ئۇلار قىلىپ بولغان ئىش نېمە؟

- ھاممام.

- قانداق قىلىپ؟

- ئۇنى ماڭا كىشىلەردىن بىكار قىلغان.

- سەن ئۆزەڭنى كىشىلەردىن چوڭ تۇتىدىغان بوپسەندە.

ئۇ چۈچۈپ : ئىننە لىللاھى ۋە ئىننە ئىلەيھى راجىئۇن ( ھەقىقەتەن بىز اللهنىڭ ئىلكىدىمىز، جەزمەن اللهنىڭ دەرگاھىغا بارىمىز ) دەپ مۇنداق دېدى:

- ئۇنداق ئىش يوق تاغا، الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن.

- ئەمىسە مۇنچا سىنىڭمۇ؟

- ياق.

- ئۇ نداقتا ئۆزەڭنى كىشىلەردىن ئۇستۈن قويماقچى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئورنۇڭنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولغاندەك، نېمىشقا ئۇلارنى ھاممامدىن چىقىرىسەن؟ يەنە كېلىپ ھاممامنىڭ كۈندىلىك كىرىمىگىمۇ زىيان سالىسەن، ھاممامغا كەلگەنلەر يۈيۈنماي قايتىپ كېتىدۇ.

- ھاممامنىڭ ئىگىسىگە بىر كۈنلۈك كىرىمنى بېرىپ رازى قىلدىم.]

- بۇ مەنىستمەسلىك ئاربلاشقان ئىسراپخورلارچە چىقىم. ھاممامغا ئەل قاتارى كىرسەڭ بولمامدىكەن؟ سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش تۇرساڭ؟

- ماڭا تۇ سالغۇ بولغىنى بىر بۆلۈك ئاددى كىشىلەر ھاممامغا يالىڭاچ كىرىدۇ، مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرگۈم يوق. ئۇلارنى ئەۋرىتىنى يېپىشقا مەجبۇرلىغۇمىمۇ يوق. بۇ ئۇلارغا ھۆقۇقۇمنى ئىشلەتكەنلىك بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ اللهدىن شۇنىڭدىن ساقلىنىشنى تىلەيمەن. ماڭا پايدا بەرگىدەك نەسىھەت قىلساڭ، الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، مۇشۇ ئىشتا ماڭا بىر چىقىش يولى بەر.

- ئاخشىمى كىشىلەر ھامامدىن چىقىپ، ئۆيلىرىگە قايتىپ بولغانغا قەدەر ساقلاپ تۇر، ئاندىن كىرگىن.

- چۇقۇم شۇنداق قىلاي، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز كۆندۈزى كىرمەيمەن. بۇ يۇرتنىڭ سوغۇقى قاتتىق بولمىغان بولسا، مۇتلەق كىرمەيتتىم.

ئۇ بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك بىر ئاز جىم تۇرۇپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

- مۇشۇ ئىشنى دادامدىن سىر تۇتساڭ، ئۇ ماڭا غەزەپلىنىپ يۈرمىسىكەن دەيمەن. ئۇنىڭ مەندىن رازى بولمايلا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

مەيمۇن مۇنداق دەيدۇ:

مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەقلىنى سىنىماقچى بولۇپ، مۇنداق دېدىم:

- ئەگەر مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى مېنىڭدىن سەندىن بىر ئىشنى كۆردۈڭمۇ دەپ سورىسا يالغان ئېيتسام بولامدۇ؟

- ياق، خۇدا ساقلىسۇن. لېكىن ئۇنىڭغا: ئۇنىڭدا بىر ئىش بار ئىكەن، نەسىھەت قىلىپ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىۋىدىم، ئۇنىڭدىن دەرھال قايتتى، دېگىن. ئۇ سەن ئاشكارە قىلمىغان ئىشنى سورىمايدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ الله ئۇنى يۇشۇرغان ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشتىن ساقلىغان.

مەيمۇن مۇنداق دەيدۇ:

- مەن ئۇلاردەك دادا ۋە ئۇلاردەك بالىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن، الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن.»

* * *

مەدىنىنىڭ ئالىمى، قارىسى، ئۇستازى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ ھەلەپ تەۋەلىكىدىكى خۇناسىرە دېگەن جايدا ئىكەن. ئۇ مەندىن ياشتا چوڭ بولۇپ، بىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ئىدى. ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىن تاپتىم، لېكىن مەن كۆرگەندىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، تونىيالمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇ مەدىنىنىڭ ۋالىسى بولغان ۋاقتىدا كۆرۈشكەن ئىدىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە:

- ئى ئەبۇ ھازىم! يېقىن كەل، - دېدى. مەن يېقىن كېلىپ:

- سەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى - ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەمەسمۇ؟ - دېدىم، ئۇ:

- ھەئە، مەن شۇ، - دېدى.

- ساڭا نېمە بولدى؟ يۈزۈڭ نۇرلۇق، تېرەڭ سىلىق، تۇرمۇشۇڭ بەختىيار ئەمەسمىدى؟

- ھەئە.

- ئالتۇن كۈمۈشكە ئىگە بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە ئايلانغاندىن كېيىن سېنى نېمە

شۇنداق ئۆزگەرتتۇەتتى؟

- ئى ئەبۇ ھازىم! مەندىن نېمە ئۆزگىرىپتۇ؟

- جىسمىڭ ئورۇقلاپتۇ، تېرەڭ يىرىكلىشىپ كېتىپتۇ. چىرايىڭ سارغىيىپتۇ، كۆزۈڭنىڭ نۇرى ئۆچۈپتۇ.

خەلىفە يىغلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

- مېنى قەبرەمدە ئۈچ كۈن بولۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنى كۆزلىرىم ئېقىپ كەتكەن، قۇرۇتلار بەدىنىمدە مىلىقىچ بولغاندىن كېيىن كۆرسەڭ قانداق قىلارسەن؟ ئەبۇ ھازىم! سەن مېنى شۇ ۋاقىتتا كۆرسەڭ، ھازىرقىدىن بەك قارشى چىققان بولاتتىڭ.

ئاندىن ماڭا قاراپ دېدى:

- ئى ئەبۇ ھازىم! مەن ساڭا مەدىنىدە سۆزلەپ بەرگەن بىر ھەدىس يادىڭدا بارمۇ؟

- ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن كۆپ ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن. قايسىسىنى دەيسەن؟

- ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى.

- ھەئە، يادىمدا بار، ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى!

- قايتا بىر سۆزلەپ بەرگىن، سېنىڭدىن ئاڭلىماقچىمەن.

- ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ناھايىتى ئېگىز، خەتەرلىك بىر داۋان بار، ئۇنىڭدىن پەقەت ئىبادەت ۋە جىھاد جاپاسىدىن ئورۇقلاپ كەتكەن يەڭگىل ئادەملا ئۆتەلەيدۇ».

ئۆمەر قاتتىق يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن قورقتۇم. ئاندىن ياشلىرىنى كەينى - كەينىدىن سۈرتۈپ، ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى:

- ئى ئەبۇ ھازىم! مەن شۇ داۋاندىن ئۆتەلمەسمەنمىكىن دەپ قاراپ، شۇنىڭدەك ئۆتۈش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىپ ئورۇقلاۋاتسام، ماڭا مالامەت قىلامسەن؟

* * *

تىبرىي تۇفەيل ئىبنى مىرداس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى- ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىفە بولغاندا، سوغدىنىڭ ۋالىسى سۇلايمان ئىبنى ئەبۇ سەرىغا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازدى:

- دىيارىڭدا مۇسۇلمانلارنى كۈتىۋالىدىغان سارايلارنى سالغىن. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى ئۆتسە، ئۇنى بىر كېچە- كۈندۈز ياخشى كۈتۈپ، ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، ئۇلاق تەييارلاپ بەرگىن. ئەگەر قىيىنچىلىقى بارلىقىنى ئېيتسا، ئىككى كېچە- كۈندۈز ياخشى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار. ئەگەر ئۇزۇق- تۈلۈكى ۋە ئۇلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا،

ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، يۇرتىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار.

ۋالىي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ دىڭگەنلىرى بۇيىچە مېھمانخانىلارنى تەييارلىدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن جاھانغا تارالدى. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى مۇشۇ توغرىلىق سۆزلەشكە، خەلىفىنىڭ ئادىللىقى ۋە تەقۋالىقىنى مەدھىيىلەشكە باشلىدى. سەمەرقەنتنىڭ پېشۋالىرى ۋالىي سۇلايمان ئىبنى ئەبۇ سەرىينىڭ يېنىغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

- سەندىن بۇرۇنقى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىزنىڭ يۇرتىمىزنى خەۋەرلەندۈرمەستىن يۇرتلىرىمىزنى ئىگەللىۋالدى. بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا سىلەر مۇسۇلمانلار تۇتقاندەك يول تۇتمىدى. بىز شۇنى بىلدۇقكى، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىرىدىكەنسىلەر، ئۇنىمىسا جىزيە تۆلەشكە چاقىرىدىكەنسىلەر، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا ئۇرۇش ئېلان قىلىدىكەنسىلەر. لېكىن بۇرۇنقى بىزگە قىلىنغان ئۇرۇش ئۇنداق بولمىدى. بىز سىلەرنىڭ خەلىفەڭلارنىڭ ئادىل ۋە تەقۋالىقىنى بىلىپ، سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلار ئۈستىدىن سىلەرگە شىكايەت قىلىشنى، سىلەر ئارقىلىق سىلەرنىڭ قوماندانىڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى قارار قىلدۇق. ئى ئەمىر! ئىجازەت بەرسەڭ، بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز خەلىفەڭلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىزنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىمىزنى ئېيتسا. ئەگەر بىزنىڭ توغرا بولسا ئېرىشەرمىز، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بارغان يېرىمىز بىلەن قايتىپ كېلىمىز.

ۋالىي سۇلايمان ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ دەمەشىققە، خەلىفىنىڭ يېنىغا بېرىشقا رۇخسەت بەردى. ئۇلار خەلىفىنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئەرزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى- ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە سۇندى. خەلىفە سۇلايمان ئىبنى ئەبۇ سەرىيغا خەت يېزىپ مۇنداق دېدى:

- مەقسەت، مېنىڭ بۇ خېتىم يېتىپ بارسا، سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلايدىغان قازى تۇرغۇز. قازى ئۇلارنىڭكىنى توغرا دەپ ھۆكۈم قىلسا، مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىشقا بۇيرىغىن. شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى ئىختىيارىغا قوي. سىلەر قۇتەيبە ئۇلارنىڭ دىيارىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىڭلارغا قايتىڭلار.

ۋەكىللەر سۇلايماننىڭ ئالدىغا كېلىپ خەتنى بەرگەندە ئۇلارغا ئەڭ يۇقىرى قازى – جۇمەي ئىبنى ھازى ئىناجىنى قازى قىلىپ تەيىنلەپ بەردى. قازى ئۇلارنىڭ شىكايىتىنى كۆرۈپ چىقتى، ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىدىن بىر بۆلۈكىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىدى- دە، ئۇلارنىڭ دەۋاسىنىڭ توغرىلىقى ئايدىڭلاشتى. سەمەرقەنتلىكلەرنىڭكىنى توغرا قىلىپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋالىي مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى يۇرتىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ بارگاھىغا قايتىشقا، ئۇ جايغا كېيىن ياكى سۈلھى بىلەن كىرىش ياكى جەڭ بىلەن غەلىبە قىلىپ كىرىش ۋە ياكى مەغلۇپ بولۇشقا قالدۇرۇشقا بۇيرىدى. سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي قازىسىنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلاپ، ئۆز- ئارا مۇنداق دېيىشتى:

- ھەي، قاراڭلار بىزگە! بىز ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ بىرگە ياشىدۇق. ئۇلارنىڭ ئادىل، راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. ئۇلارنى ئېلىپ قالايلى. ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈپ، بىزمۇ خاتىرجەم، خۇشال ياشايلى.

* * *

ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلھەكىم ئۆزىنىڭ «ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن قىممەتلىك كىتاۋىدا بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ يېنىغا مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك كىرىپ:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بالىلىرىڭنى بۇ مالدىن ئايرىۋەتتىڭ. ئەگەر سەن بۇ بالىلىرىڭنى ماڭا ياكى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرسىگە ۋەسىيەت قىلغان بولساڭ، بەك ياخشى بولاتتى، - دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندە، خەلىفە:

- مېنى ئولتۇرغۇزۇڭلار، - دېدى. ئۇلار ئۇنى ئولتۇرغۇزدى. ئۇ:

- مەسلەمە! سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم. مەن بالىلىرىمنىڭ ئېغىزىنى بۇ مال - دۇنيادىن ئايرىۋەتتىم. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇلارنىڭ شۇ مالدا ھەققى بار تۇرۇپ ئايرىۋەتتىم، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەققى بولمىغان نەرسىنىمۇ بەرمىدىم. ئەمما سېنىڭ بالىلارنى ماڭا ياكى ئائىلە ئىچىدىن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرساڭ، دېگەن سۆزۈڭگە كەلسەك، مەن ئۇلارنى قۇرئاننى ھەق بىلەن نازىل قىلغان اللهغا ۋەسىيەت قىلىپ تاپشۇرىمەن. الله ياخشى كىشىلەرگە ئىگە بولىدۇ. مەسلەمە! بىلگىنكى، مېنىڭ بالىلىرىم ئىككى خىل ئادەمنىڭ بىرى، ياكى تەقۋا، سالىھ. الله ئۇنى ئۆز مەرھەمىتىدىن باشقىلاردىن بىھاجەت قىلىپ چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ. ياكى ناچار، گۇناھقا پاتقان. مەن اللهغا قارشى چىققۇچىغا مال - دۇنيا بىلەن ياردەم قىلمايمەن.

ئاندىن:

- بالىلىرىمنى چاقىرىپ بېرىڭلار، - دېدى. ئۇلار چاقىرىلدى. ئۇلار ئون نەچچە بالا ئىدى. ئۇلارنى كۆرگەندە كۆزىگە ياش ئېلىپ:

- ئۆزۈم بىر قانچە بالىنى يار - يۆلەكسىز قالدۇردۇم، - دەپ، ئۈنسىز ياش تۆكتى، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:

- بالىلىرىم! مەن سىلەرگە نۇرغۇن ياخشىلىق قالدۇردۇم. سىلەر قانداقلا بىر مۇسۇلمان ياكى زىممىيلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەرگە ياخشى قارايدۇ. ئى بالىلىرىم! سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش بار. بىرى، ئۆزەڭلارنى باي قىلىسىلەر، داداڭلار دوزىخقا كىرىدۇ. يەنە بىرى، كەمبەغەل پېتى تۇرىسىلەر، داداڭلار جەننەتكە كىرىدۇ. مەن سىلەرنى بايلىقنى ئەمەس ، داداڭلارنى دوزەختىن قۇتقۇزىدۇ، دەپ قارايمەن، - دېدى، ئاندىن

ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

ـ تۇرۇڭلار! سىلەرنى الله ساقلايدۇ. تۇرۇڭلار! الله سىلەرگە رىزىق بېرىدۇ، ـ دېدى. مەسلەمە ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەندە ئۇنىڭدىن ياخشى ئىش بار.

ـ نېمە ئىش؟

ـ مەندە ئۈچ يۈز مىڭ دىنار بار. بۇنى ساڭا بېرەي، بالىلىرىڭغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىن، ياكى خالىساڭ سەدىقە قىلىۋەت.

ـ مەسلەمە! ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بولسىچۇ؟

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! نېمە ئىش ئۇ؟

ـ ئۇنى ئېلىنغان ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر. ئۇ سېنىڭ ھەققىڭ ئەمەس.

مەسلەمە كۆزىگە ياش ئالدى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله ساڭا مەيلى سەن ھايات ياكى ئۆلۈك بول، رەھمەت قىلسۇن. سەن قاتتىق دىللارنى يۇمشاتتىڭ، ئۇنۇتقان ئىشلارنى ئەسلەتتىڭ. بىزگە ياخشىلار ئىچىدە ئەسلىمە قالدۇردۇڭ.

كىشىلەر خەلىفىدىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىشىغا دىققەت قىلدى. ئۇلار بالىلاردىن ھېچقايسىسىنىڭ مۇھتاجلىقتا ياكى كەمبەغەللىكتە قالغانلىقىنى كۆرمىدى.

بۈيۈك الله راست ئېيتىدۇ: «(كىملەركى) ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) اللەدىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن». (سۈرە نىسا 9ـ ئايەت)

* * *

خەلىفە، تابىئىن ـ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز توغرىسىدىكى سۆزلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سۆزلەردۇر. سىز ئۇنىڭ مىسلىسىز ھايات كۆرۈنۈشىدىن بىرىنى ئوقۇپ، چۈشىنىپ بولماي تۇرۇپلا، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ جەلپكار، تېخىمۇ تەسىرلىك يەنە بىرىگە ئۇچرايسىز. ئالدىدا ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. قېنى بىز ھازىر توغرا يولدا ماڭغان بەشىنچى خەلىفىنىڭ ئۈچ ئىشىدىن بىرلىكتە لەززەت ئالايلى!

**(1)**

رەجە ۋەزنى شائىرلىرىدىن بىرى رۇكەيىن ئىبنى سەئىد دارمى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەدىنىگە ۋالى بولغاندا، مەن ئۇنى مەدھىيەلەپ شېئىر ئوقۇدۇم. ئۇ ماڭا ئېسىل تۆگىدىن ئون بەشنى بېرىشكە بۇيرىدى. تۆگىلەر قولۇمغا تەككەندە، ئۇلارنى

كۆزدىن كەچۈردۈم. دە، ئۇلارنىڭ ھالىتى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن بۇلارنى ئېلىپ، يالغۇز مېڭىشتىن قورقتۇم، سېتىۋېتىشكىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇنداق تۇرۇۋاتقاندا، بىزنىڭ يۇرت نەجدىگە سەپەر قىلماقچى بولۇۋاتقان كىشىلەر كەلدى. مەن ئۇلاردىن مېنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىشنى سورىۋېدىم، ئۇلار:

- قارشى ئالىمىز. بىز كېچىدە يولغا چىقىمىز، يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلغىن، - دېدى.

مەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىغا خوشلاشقىلى باردىم، ئۇنىڭ يېنىدا مەن تونىمايدىغان ئىككى كىشى بار ئىكەن. قايتماقچى بولىۋىدىم، ئۆمەر ماڭا قاراپ:

- ئى رۇكەين! مېنىڭ ئېسىل ئارزۇيۇم بار، ئەگەر مېنىڭ ھازىرقىدىن كۆپرەك نەرسىگە ئېرىشكەنلىكىمنى بىلسەڭ يېنىمغا كەل، ياخشىلىققا ئېرىشىسەن، - دېدى.

- ئى ئەمىر! بۇ سۆزۈڭگە گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلغىن.

- اللەنى گۇۋاھ قىلىمەن.

- ئاتا- ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! مەن سېنى تونۇۋالاي، ئىسمىڭ نېمە؟ - دېدىم ئەمىرگە قاراپ، ئاندىن يەنە بىر كىشىگە قاراپ:

- سېنىڭ قۇربانىڭ بولاي، ئۆزۈڭ كىم؟ - دەپ سورىدىم.

- ئەمىرنىڭ ئازات قىلغان قۇلى ئەبۇ يەھيا، - دېدى ئۇ.

- بۇ ئۆز ئائىلىسىدىن چىققان گۇۋاھچى ئىكەن، - دېدىم، ئاندىن سالاملىشىپ تۆگىلەرنى ئېلىپ، نەجدەدىكى يۇرتۇمغا قايتتىم. اللە بۇ تۆگىلەرنى كۆپ بەرىكەتلىك قىلدى، ھەتتا مەن ئۇنىڭ باللىرىدىن كۆپ تۆگىلىك ۋە خىزمەتكارلىق بولۇپ قالدىم. كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ كەتتى. نەجدىدىكى يەمامە زېمىنىنىڭ بىر سەھراسىدا تۇرىۋاتاتتىم، مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى - سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى يەتكۈزدى، مەن ئۇنىڭدىن:

- ئۇنىڭ ئورنىغا كىم خەلىفە بولدى؟ - دەپ سورىۋىدىم، ئۇ:

- ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، - دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا شام دىيارىغا قاراپ يولغا چىقتىم. دەمەشىققە يېتىپ بارغاندا، خەلىفىنىڭ يېنىدىن قايتىۋاتقان جەرىر (ئۇمەۋىييە دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۈچ شائىرنىڭ بىرى. ئۇلار: جەرىر، پەرەزدەق ۋە ئەختەل) بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭغا سالام قىلىپ دېدىم:

- ئى ئەبۇ ھەزرە! قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟

- كەمبەغەللەرگە بېرىپ، شائىرلارغا بەرمەيدىغان خەلىفىنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىمەن، - دېدى ئۇ.

- كەلگەن يېرىڭگە قايت، شۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى.

- مېنىڭ ئەھۋالىم سىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ..

ـ خالىغىنىڭ بولسۇن.

مەن مېڭىپ خەلىپىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇ ھويلىدا بولۇپ، ئەتراپىنى يېتىملەر، تۇل خوتۇنلار، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار ئورىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ زىچلىقىدىن خەلىپىنىڭ يېنىغا بارالمىدىم۔ دە، ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدىم:

ـ ئالجاناپ قېنىدىشىمدىن قەرزىمنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى قىلىۋەتكەن قۇلى ئەبۇ سەھبا ماڭا ئۇزاق نەزەر سېلىپ، ئاندىن خەلىپىگە قاراپ:

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! سىنىڭ ئالدىڭدا بۇ كۆچمەننىڭ ئىشىغا گۇۋاھ بولغان ئىدىم، ـ دېدى. خەلىپە:

ـ ئۇنى تونۇيمەن، ـ دېدى، ئاندىن ماڭا قاراپ ـ ئى رۇكەيىن، يېقىن كەل، ـ دېدى.

ئالدىغا بارغىنىمدا ماڭا قاراپ:

ـ ساڭا مەدىنىدە مېنىڭ يۈكسەك ئارزۇلىرىم بار دېگەنلىكىم ئېسىڭدىمۇ؟ ـ دېدى.

ـ ئېسىمدە بار، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ـ دېدىم مەن.

ـ مانا، دۇنيالىقتىكى غايەمگە يەتتىم. ئۇ ـ ھۆ قۇق. روھىم ئاخىرەتتىكى غايىگە يېتىشكە تەشنا، ئۇ ـ جەننەت، يەنى ئۇلۇغ اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ـ دېدى خەلىپە ـ پادىشاھلار ھۆقۇقنى دۇنيانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسا، مەن ئۇنى ئاخىرەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئېرىشىدىغان يول قىلىمەن.

ئارقىدىن يەنە مۇنداق دېدى:

ـ ئى رۇكەيىن! الله بىلەن قەسەمكى، مەن خەلىپە بولغاندىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىدىن بىر دىرھەم ياكى بىر دىنار چاغلىق نەرسە ئالمىدىم. مەندە پەقەت مىڭ دىرھەم بار. سەن يېرىمىنى ئال، قالغان يېرىمىنى ماڭا قالدۇرۇپ قوي.

مەن ئۇ ماڭا بەرگەن مالنى ئالدىم. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنداق بەرىكەتلىك مالنى كۆرۈپ باقمىغان.

**(2)**

مۇۋسىلىنىڭ قازىسى يەھيا غەسسائى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز سودا۔ سېتىق ۋە مال باھاسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ھەمسىنىڭ بازىرىنى ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇچىسىدا ئىككى قىزىل تون بار بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! مەن سىنىڭ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلارنى يېنىڭغا كېلىشكە بۇيرىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم.

ـ شۇنداق.

ـ مانا يېنىڭغا ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان بىر ئادەم يىراق جايدىن كەلدى.

- ئائىلەڭ قەيەردە؟
- ئەدەندە.
- الله بىلەن قەسەمكى، ئۆيۈڭ بىزنىڭ جايىمىزدىن ھەقىقەتەن يىراق ئىكەن، - دەپ ئۆلىغىدىن چۈشتى ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا توختاپ:
- قانداق ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئىدىڭ؟ - دەپ سورىدى.
- مېنىڭ بىر تېرىلغۇ يېرىم بار ئىدى. ئۇنى سىلەرنىڭ دائىرەڭلاردىكى بىرى ئىگەللىۋېلىپ، مەندىن تارتىۋالدى.
ئۆمەر ئەدەندىكى ۋالى ئۇرۋە ئىبنى مۇھەممەدكە مۇنداق دەپ خەت يازدى: «مەقسەت: ساڭا مېنىڭ بۇ خېتىم يېتىپ بارغان ھامان، خەت ئاپارغۇچىنىڭ ئىسپاتىغا قۇلاق سال. ئەگەر ئۇنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بەر.» خەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھېلىقى كىشىگە بەردى. ئۇ كىشى قايتماقچى بولغاندا، ئۆمەر ئۇنىڭغا:
- توۋرۇپ تۇر، سەن بىزنىڭ يېنىمىزغا يىراق جايدىن كەلدىڭ. ئېنىقكى سەپىرىڭدە كۆپ چىقىمدار بولدۇڭ، يېڭى كىيىملىرىڭ كونىرىدى. بەلكى ئۇلىغىڭمۇ تو گەشكەندۇ!؟ - دېدى، ئاندىن بۇنىڭ ھەممىنى ھېساپلىۋىدى، 11دىرھەم چىقتى. شۇنىڭ بىلەن خەلىفە بۇ پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىپ:
- كىشىلەرگە ئېيتقىن، زۇلۇم قىلىنغانلار بۇنىڭدىن كېيىن ئورنى قانچىلىك يىراق بولسۇن، سەل قارىمىسۇن، كېچىكمىسۇن، - دېدى.

**(3)**

ئىبادەتكار، تەقۋا زىياد ئىبنى مەيسەرەتەل مەخزۇمى سەمىمىلىك بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
خۇ جايىنىم ئابدۇللا ئىبنى ئاباس مېنى ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرى بىلەن مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى - ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن دەمەشىققە ئەۋەتتى. ئۆمەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇ مەدىنىنىڭ ۋالىسى بولغان ۋاقىتتىن باشلاپلا مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم، يېنىدا ئۇنىڭ خېتىنى يازىدىغان كاتىۋى بار ئىكەن. مەن ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:
- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! - دېدىم. ئۇ:
- زىياد! ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھ - دېدى، ئاندىن خىجالەت ئىچىدە ئۇ تەرەپكە ماڭدىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى دەپ سالام بەرمىگەن ئىدىم. يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:
- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى تەئالا ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! - دېدىم. ئۇ:

- ئى زىياد! بىز سېنىڭ بىرىنچى سالىمىڭغا قارشى چىقمىغان، ئىككىنچىسىگە نەھاجەت؟ - دېدى. كاتىپى ئۇنىڭغا بەسرەدىن كەلگەن ناھەقچىلىق توغرىسىدىكى خەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئىكەن. خەلىفە ماڭا:

- ئى زىياد! ئىشىمىز تۈگىگىچە ئولتۇرۇپ تۇرغىن، - دېدى. مەن ئىشىكنىڭ ياغىچىدا ئولتۇردۇم. كاتىپ ئۇنىڭغا خەتلەرنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى، ئۇ غەمدىن ئېغىر تىناتتى. كاتىپ خەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئىشىغا كەتتى. ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، مەن تەرەپكە كېلىپ ئىشىكنىڭ يېنىدا ئالدىمدا ئولتۇرۇپ، قولىنى تىزىمغا قويۇپ مۇنداق دېدى:

- سېنى تەبرىكلەيمەن ئى زىياد! سەن چاپىنىڭنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتىسەن، بىزدىكى خاپىلىقلاردىن ئازات.

ئۇچامدا يۇڭدىن ئىشلەنگەن چاپان بار ئىدى. ئۆمەر مەندىن مەدىنە كىشىلىرى توغرىسىدا بىر - بىرلەپ سوراشقا باشلىدى، بىرىنمۇ قويماي ھەممىسىنى سوراپ چىقتى. ئاندىن مەدىنىنىگە ۋالى ۋاقتىدا بىزگە بۇيرىغان ئىشلارنى سوراپ چىقتى، ئۇنىڭ بارلىق سوئاللىغا جاۋاپ بەردىم. ئۆمەر چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ:

- ئى زىياد! ئۆمەر گىرىپتار بولغان ئىشقا قارىمامسەن؟ (خەلىفىلىكنى دىمەكچى)

- بۇنىڭ ساڭا كۆپ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

- بەك يىراق، - دەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

- ئى مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئۆزەڭنى ئاسرا، مەن ساڭا كۆپ ياخشىلىق تىلەيمەن، - دېدىم. ئۇ:

- «ئى زىياد! سەن ئۈمىت قىلغان نەرسىگە يېتىش ھەققەتەن تەس. مەن ھازىر باشقىلارغا خاپا بولالايدىغان، باشقىلار ماڭا خاپا بولالمايدىغان، باشقىلارنى ئۇرالايدىغان، باشقىلار مېنى ئۇرالمايدىغان، كىشىلەرگە زىيان سالىدىغان، ماڭا ھېچكىم زىيان سالالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم». - دەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بەردىم. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ خوجايىنىم بۇيرىغان ئىشلارنى تۈگىتىپ قايتماقچى بولغانىدا، خەلىفە خوجايىنىمغا مېنى ئۆزىگە سېتىپ بېرىشنى سوراپ، بىر پارچە خەت يېزىپ ماڭا بەردى. ئاندىن كۆرپىنىڭ ئاستىدىن 20 دىنار چىقىرىپ:

- بۇ نى دۇنيا ئىشلىرىڭغا ئىشلەت، ئەگەر خىراجەتتە ھەققىيانىڭ بولسا ئۇ نى بېرىمەن، - دېدى.

مەن ئالغىلى ئۇنىمىدىم. ئۇ:

- ئال بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مېلى ئەمەس، مېنىڭ مائاشىمدىن ئالغان پۇل، - دېدى. مەن يەنىلا ئۇنىمىدىم، ئۇ: ئۇنىماي، ئاخىرى ئالدىم ۋە يولغا ماڭدىم. مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، مۆئمىنلارنىڭ ئەمىرىنىڭ خېتىنى خوجايىنىمغا بەردىم، ئۇ خەتنى ئېچىپ:

ـ ئۇ سېنى ئازات قىلىۋېتىش ئۇچۇن ئۆزىگە سېتىپ بېرىشىمنى سوراپتۇ. مەن ئازات قىلسام بولمامدىكەن؟! ـ دېدى، ئاندىن مېنى ئازات قىلىۋەتتى.

الله توغرا يولدا ماڭغان بەشىنچى خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن رازى بولسۇن ۋە رازى قىلسۇن. ئۇنىڭ قەبرىسىنى ھەمدە ئوغلى ۋە جىگەر پارىسى ـ ئابدۇلمەلىكنىڭ قەبرىسىنى نۇر بىلەن تولدۇرىۋەتسۇن.

## ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير

« كىم جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىرىگە قاراپ ئۆزىنى خۇرسەن قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرگە قارىسۇن. »

ـ ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان

پېشىن ئالدىدىكى قۇياش ئالتۇن رەڭلىك زەر يىپلىرىنى بەيتۇللادىن ئۆز قويىنىغا تارتىپ، بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشقا ئىزنى قىلىۋاتاتتى... ھايات بار ساھابىلەر ۋە پىشقەدەم تابىئىنلار كەئبىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، تەھلىل ۋە تەكبىر بىلەن ھەممە جايىنى خۇش ـ پۇراققا چۆمدۈردى. ئەڭ ياخشى دۇئا ـ تىلەكلەر بىلەن ئەتراپىنى تولدۇردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەر بەيتۇللانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇيۈك كەئبىنىڭ ئەتراپىغا توپ ـ توپ بولۇپ يىغىلىشقا باشلىدى.

ئۇلار ئۇلۇغ كەئبىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھەيۋىتىگە قاراپ تويمايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىھۇدە خاتا سۆزلەر ئەمەس، بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە پايدىلىق سۆزلەر بولىۋاتاتتى.

ئوڭ تەرەپتىكى تۆۋرۈككە يېقىن جايدا يۈزى نۇرلۇق، نەسەبى ئېسىل، خۇش ھىد پۇراپ تۇرغان تۆت ياش ئولتۇردى. ئۇلار پاكىزە، رەتلىك كىيىملىرى، ئۆز ـ ئارا ئۆيۈز شىقاقلىقى بىلەن گويا مەسجىدنىڭ كەپتەرلىرى ئىدى. ئۇلار ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇسئەب ئىبنى زۇبەير، ئۇ ئىككىسىنىڭ قېرىندىشى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ۋە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئىدى.

ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئاستا سۆز باشلاندى، تۇرمايلا ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دېدى:

ـ ھەر بىرەيلەن اللەدىن ئۆز ئارزۇسىنى تىلىسۇن.

ئۇلارنىڭ خىياللىرى چەكسىز غەيىپ دۇنياغا پەرۋاز قىلىپ، ئارزۇلىرى يېشىل ئۈمىد باغچىسىنى ئايلاندۇردى. ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ ئارزۇيۇم ـ ھىجازنى ئىگەللەپ، خەلىفىلىككە ئېرىشسەم...

مۇسئەب مۇنداق دېدى:

ـ مەن كۇفە ۋە بەسرەگە ئېرىشسەم، ئۇ ئىككىسىنى مەندىن ھېچكىم تالاشمىسا...

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان مۇنداق دېدى:

ـ سىلەر ئاشۇنىڭغا قانائەت قىلساڭلار، مەن پۈتۈن يەر شارىغا ئېرىشمىگۈچە، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياندىن كېيىن خەلىپە بولمىغىچە قانائەت قىلمايمەن.

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير سۆكۈت ئىچىدە ھېچنەرسە دېمىدى،ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ:

ـ ئۇرۋە، نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن؟ ـ دېدى. ئۇرۋە:

ـ اللە سىلەرنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىكى ئارزۇلىرىڭلارغا بەرىكەت بەرسۇن، مەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ كىتاۋىنى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى، دىنى ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىدىغان ئەمەل قىلغۇچى ئالىم بولۇشنى، ئاخىرەتتە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى، اللەنىڭ جەننىتى بىلەن مۇكاپاتلىنىشنى ئارزۇ قىلىمەن....

* * *

كۈنلەر بىرى بىرىنى قوغلاپ ئۆتىۋەردى. مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى يەزىدنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرگە خەلىفە دەپ بەيئەت قىلىنىپ، ئۇ ھىجاز، مىسىر، يەمەن، خۇراسان، ئىراققا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن كەئبىنىڭ قېشىدا ئۆزىنىڭ ئارزۇ سىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئورۇنغا يىراق بولمىغان جايدا ئۆلتۈرۈلدى. مۇسئەب ئىبنى زۇبەير قېرىندىشى ئابدۇللا تەرىپىدىن ئىراقنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولدى، ئۇمۇ ھەم ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش يولىدا ۋاپات بولدى. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا كەلسەك، ئۇ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شۇنداقلا ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ۋە مۇسئەب ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا خەلىفە بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا، دۇنيادىكى پادىشاھلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئىشى قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟...

بىز ئۇنىڭ ھېكايىسىنى باشتىن باشلايلى...

* * *

ئۇرۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىفىلىكى ئاخىرلىشىشتىن بىر يىل بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە مەرتىۋىلىك ئائىلىسىنىڭ بىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ـ ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى، ئىككى كەمەر ئىگىسى دەپ ئاتالغان ئەسما، ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىفىسى، غاردىكى ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق، دادا تەرەپتىن چوڭ ئانىسى ـ ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ قىزى، پەيغەمبەرنىڭ ھاممىسى سەفىيە، ھاممىسى ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە ( اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ) ئىدى. ئۇرۋە ئائىشەنىڭ قەبرىسىگە كىرىپ، ئۇنى يەرلىكىدە ئۆز قولى بىلەن قويۇپ، ئۆزى دەپنە قىلغان.

سىزنىڭچە بۇ نەسەپتىن ئۈستۈن نەسەپ، ئىماننىڭ شەرىپى، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن باشقا

يۇقارقى شەرەپلەردىن ئارتۇق شان ـ شەرەپ بارمۇ؟

* * *

ئۆرۈە ئۆلۈغ كەئبىنىڭ قېشىدا تىلىگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىلىم ئېلىشقا يۈزلىنىپ، بارلىق ۋاقتىنى بىلىم ئېلىشقا ئاتىدى، ساھابىلەرنىڭ ھاياتلىرىنى غەنىمەت بىلدى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردى، ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدى، سورۇنلىرىغا قاتناشتى... شۇنداق قىلىپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى، ئۇسامە ئىبنى زەيد، سەئىد ئىبنى زەيد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە نۇئمان ئىبنى بەشىير قاتارلىقلاردىن نۇرغۇن ھەدىس ۋە بىلىملەرنى ئۆگەندى. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ـ (ھامىسى ) ئائىشەدىن نۇرغۇن بىلىم ئالدى، ئاخىرى مۇسۇلمانلار ئۈز دىنىدا تايىنىدىغان مەدىنىدىكى يەتتە ئالىمنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ يەتتە ئالىمدىن دىيانەتلىك رەھبەرلەر ئەل ـ يۇرتنى باشقۇرۇشتا ياردەم سورايتتى.

ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن مەدىنىگە ۋالى بولۇپ كەلگەندە، كىشىلەر سالامغا كەلدى. پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەدىنە ئۆلىمالىرىدىن ئونىنى چاقىردى، بۇلارنىڭ بېشى ـ ئۆرۈە ئىبنى زۇبەير ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، يۇقىرى ئورۇن بەردى، ئاندىن اللەغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، مۇنداق دېدى:

ـ مەن سىلەرنى بىر ئىشقا چاقىردىم، سىلەر بۇنىڭدىن ئەجىرگە ئېرىشىسىلەر، مېنىڭ ھەققانى بولۇشۇمغا ياردەم بېرىسىلەر، مەن ئىشنى سىلەرنىڭ ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلىمەن. ئەگەر بىرەرىڭلار مېنىڭ بىرەرسىگە ناھەقچىلىق قىلغانلىقىمنى كۆرسەڭلار ياكى قول ئاستىمدىكىلەردىن بىرەرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپساڭلار، ماڭا يەتكۈزۈشۈڭلارنى اللەنىڭ نامى بىلەن تەلەپ قىلىمەن.

ئۆرۈە ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە اللەدىن ئۇنىڭغا دۇرۇس ۋە ھەققانى بولۇشنى ئاتا قىلىشنى تىلىدى...

* * *

ئۆرۈە بىلىم بىلەن ئەمەل قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، تومۇز ئىسسىقلاردا روزا تۇتاتتى، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيتتى، تىلى داۋاملىق اللەنى ئەسلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ اللەنىڭ كىتاۋىنى ئۆزىگە سىرداش ھەمراھ قىلىپ، بېرىلىپ تىلاۋەت قىلاتتى. كۈندۈزى قۇرئانغا قاراپ، قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇيتتى، ئاندىن كېچىسى تۇرۇپ، يادقا تىلاۋەت قىلاتتى... بۇنى ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، پەقەت بىر قېتىملا بىر ئىش تۈپەيلى تەرك ئەتكەن ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىنكى بەتتە چۈشەندۈرىمىز.

ئۆرۈە نامازدا روھى لەززەتنى، دىل ئاراملىقىنى، يەر يۈزىدىكى جەننەتنى تاپاتتى. نامازنى

شۇنداق چىرايلىق ئوقۇيتتى، ئەركانلىرىنى تولۇق ئادا قىلاتتى، نامازنى ناھايىتى ئۇزۇن ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان:

ئۇ بىر كىشىنىڭ يەڭگىل ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئادەم نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

- ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدىن تىلەيدىغان ھاجىتىڭ يوقمۇ؟ اللە بىلەن قەسەمكى، مەن نامىزىمدا اللەدىن بارلىق نەرسىلەرنى، ھەتتا تۇز چاغلىق نەرسىلەرگە قەدەر تىلەيمەن، - دېگەن ئىدى.

ئۇرۋە كەڭ قورساق، كەڭ قول ۋە سېخى ئىدى. ئۇنىڭ سۈيى تاتلىق، دەرەخلىرى سايىلىق، خورمىلىرى باراقسان، ناھايىتى چوڭ بىر بېغى بىر بولۇپ، مېۋىلەرنى يۇلۇۋېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، يىل بويى باغنىڭ ئەتراپىنى تام بىلەن قورشىۋالاتتى. مېۋىلەر سارغىيىپ پىشىپ، كۆڭۈللەر ئىشتىھا قىلغۇدەك بولغاندا، كىشىلەر ئەركىن كىرەلىشى ئۈچۈن، باغنىڭ ئەھاتىسىنى بىر قانچە يەردىن بۇزىۋېتەتتى. باغقا ئۆتكەن - كەچكەنلەر كىرەتتى، كۆڭۈللىرى خالىغاننى يەپ، ئېلىپ كەتكۈدەكلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. ئۇرۋە بۇ بېغىغا كىرگەندە، اللەنىڭ « سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: اللەنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، اللەنىڭ ياردىمى بولمىسا، قولۇمدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ، دېسەڭچۇ! » دېگەن سۆزىنى تەكرارلايتتى.

* * *

ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك يىللىرىنىڭ بىرىدە، اللە ئۇرۋەنى قاتتىق سىناماقچى بولدى. بۇنىڭغا پەقەت ئىمان بىلەن بېزەلگەن، تەقۋادارلىق بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن قەلب ئىگىلىرىلا بەرداشلىق بېرەلەيتتى.

مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۇرۋەنى دەمەشققە ھۇزۇرىغا چاقىرتتى، ئۇرۋە خەلىپىنىڭ يېنىغا ماڭدى، ئۇنىڭ بىلەن چوڭ ئوغلى ھەمراھ بولۇپ بىرگە ماڭغان ئىدى. خەلىپىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، خەلىپە قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن اللە شامالنى كېمىنىڭ يۆنىلىشىگە قارشى چىقارماقچى بولدى. ئۇرۋەنىڭ ئوغلى ئۆز ئېتىغا ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن، خەلىپىنىڭ ئاتخانىسىغا كىرىۋىدى، ئات ئۇنى ئەجەللىك بىرنى تەپتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاياتىدىن ئايرىلدى. مۇسىبەتدار دادا ئوغلىنىڭ قەبرە توپىسىدىن قولىنى قاقا - قاقمايلا، بىر پۇتىغا كېسەل تېگىپ، پۇتى ئىششىپ كەتتى، ئىششىق ناھايىتى تېز كۆچىيىپ، كېڭىيىشكە باشلىدى. خەلىپە مېھمىنى ئۈچۈن ھەر قايسى جايلاردىن دوختۇر چاقىرتتى. ئۇلارنى قانداق ۋاستە بىلەن بولمىسۇن، ئۇرۋەنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئىلھاملاندۇردى. لېكىن دوختۇرلارنىڭ پىكرى بىردەك: ئىششىق پۇتۇن بەدەنگە تاراپ كېتىش ۋە ئۆلۈمگە ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى پۇتنى كەسمەي ئامال يوق، دېگەندىن ئىبارەت بولدى...

ئاخىرى شۇنىڭغا بويسۇنماي بولمىدى . ئوپىراتسىيە دوختۇرى گۆشنى يارىدىغان ئۈستۈرا،

سۆھبەتنى ھەرىدەيدىغان ھەرە ئېلىپ كېلىپ، ئۇرۇھقە مۇنداق دېدى :

- يۈتنى كەسكەندىكى قاتتىق ئاغرىقنى سەزمەسلىك ئۈچۈن، مەست قىلغۇچىدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋەتسىلە بوپتىكەن.

- ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، ساقىيىش ئۈچۈن ھارامنى ئىشلەتمەيمەن.

- ئەمىسە بىخۇتلاشتۇرغۇچى ئىچۈرەيلى.

- ئەزايىمدىن بىرەرىنىڭ ئاغرىق ئازاۋىنى سەزمەستىن ھەمدە يۈنىڭغا اللەدىن ساۋاپ تىلىمەستىن ئېلىۋېتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن.

دوختۇر ئۇرۇھنىڭ پۇتىنى كەسمەكچى بولغاندا، بىر قانچە ئەر ئۇرۇھ تەرەپكە كەلدى. ئۇرۇھ:

- بۇلار نېمە ئىش قىلماقچى؟ - دەپ سورىدى.

- بۇلار سىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن، ئاغرىق كۈچەيگەندە پۇتۇڭنى تارتساڭ ساقا زىيان يېتىدۇ.

- ئۇلارنى قايتۇرىۋېتىڭلار، ئۇلارنىڭ ھاجىتى يوق، مەن زىكرى - تەسبىھ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرىمەن.

دوختۇر گۆشنى ئۇستۇرا بىلەن ياردى - دە، سۆڭەككە يەتكەندە ھەرىنى قويۇپ ھەرىدەشكە باشلىدى، ئۇرۇھ: بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، الله ئۇلۇغدۇر، دەيتتى. دوختۇر ھەرىدەيتتى، ئۇرۇھ تەھلىل، تەكبىر ئوقۇيتتى، ئاخىرى پۇتى كېسىلدى... ئاندىن تۆمۈر ساپلىقتا سۇ ماي قاينىتىلدى. قاننى توختىتىش، جاراھەتنى پىشۇرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇرۇھنىڭ پۇتى مايغا تىقىلدى، ئۇرۇھ ئۇزاق ۋاقىت ھوشىدىن كەتتى. بۇ شۇ كۈنىدىكى اللەنىڭ كىتاۋىدىن ئوقۇيدىغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولدى. مانا بۇ - ئۇرۇھ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ۋاپاتىغا قەدەر ياخشىلىقنى قولدىن بېرىپ قويغان بىر قېتىم ئىدى. ئۇرۇھ ھوشىغا كەلگەندە، كېسىۋېتىلگەن پۇتىنى سوراپ ئەكەلدۈردى، ئۇ ئۇنى قولىدا ئۆرۈپ - چۆرۈشكە باشلىدى، ئۇ مۇنداق دەيتتى:

- كېچىلىرى مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن مېنى ساڭا كۆتەرتكۈزگەن الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ بىلىدۇ، مەن ھەرگىزمۇ سەن بىلەن خاتا ئىشقا ماڭمىدىم. ئاندىن مۇنداق دەپ شېئىر ئوقۇدى:

> ھايات بىلەن قەسەمكى، قولۇمنى گۇمانغا سۇنمىدىم،
>
> خاتالىق تەرەپكە ئاپارمىدى ھەم پۇتۇم.
>
> باشلىمىدى كۆڭلۈم ۋە نە ئەقلىم شۇ يامانلىققا،
>
> كۆرمىدى كۆزۈم ئۇنى ئاڭلىمىدى قۇلىقىم.
>
> بىلىمەن، زاماندىن ماڭا يەتمىدى مۇسىبەت،
>
> ۋە لېكىن ئۇچرىدى، زامان مۇسىبىتىگە شۇ ئوغلۇم.

* * *

ئۇلۇغ مېھمىنىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ۋەلىد ئىبنى ئابدۇل مەلىككە ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇ بىر

قانچە كۈن ئىچىدىلا ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتتى، پۈتىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش، تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. خەلىفىنىڭ قەسرىگە ئەيس جەمەتىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزى ئەما بىر كىشى بار ئىدى. خەلىفە ئۇ كىشىدىن كۆزى تۇتۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

- ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئەيس جەمەتىدە مەن ئەڭ باي، بالا - چاقىسى كۆپ ئادەم ئىدىم. بىر كۈنى مال - مۈلۈك ۋە بالا - چاقىلىرىمنى ئېلىپ، قەبىلىمىزدىكى بىر جىلغىغا چۈشتۇم. تۇيۇقسىز ناھايىتى قاتتىق كەلكۈن بالاسىغا قالدۇق. كەلكۈن مال - مۈلۈك، ئائىلە - بالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى، پەقەت بىر تۆگە ۋە تۇغۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان بىر بالاملا قالدى. تۆگە جاھىل تۆگە ئىدى، قېچىپ كەتتى، بالىنى يەردە قويۇپ، قوغلىدىم، ئازراق ماڭا - ماڭمايلا بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قارىسام، بالىنىڭ بېشى بۆرىنىڭ ئېغىزىدا، ئۇ بالىنى يەۋېتىپتۇ، يۈگۈرۈپ باردىم، لېكىن قۇتقۇزالمىدىم، چۈنكى بالا نەپەستىن قالغان ئىكەن. يېنىپ بېرىپ تۆگىنىڭ كەينىدىن يەتتىم، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا يۈزۈمگە قاتتىق بىرنى تېپىۋەتتى، قاپىقىم يېرىلدى، كۆزۈمنى چاچرىتىۋەتتى... مانا شۇنداق قىلىپ بىر كېچىدىلا ئائىلىدىن، بالىدىن، مال - دۇنيادىن، كۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

خەلىفە ھەمراھىغا مۇنداق دېدى:

- بۇ كىشىنى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن، ئۇنىڭغا ھېكايىسىنى بايان قىلىپ بەرسۇن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىدىنمۇ بەكرەك سىناققا ئۇچرىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلسۇن.

* * *

ئۇرۋە مەدىنىگە ئاپىرىلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلگەندە، ئالدىراپ دېدى:

- كۆرگىنىڭلاردىن چۆچۈپ كەتمەڭلار، الله ماڭا تۆت ئوغۇل بەردى، ئاندىن ئۇلاردىن بىرىنى ئېلىپ كەتتى، ئۈچىنى قالدۇردى، خۇداغا چەكسىز شۈكرى. ماڭا ساغلام تۆت ئەزانى بەردى، ئاندىن بىرىنى ئېلىپ كەتتى، ئۈچىنى قالدۇردى، خۇداغا چەكسىز شۈكرى. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله مەندىن ئازنى ئېلىپ كېتىپ، كۆپنى قالدۇردى. بىر قېتىم سىنىغان بولسا، بىر نەچچە قېتىم سالامەت قىلدى...

مەدىنىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى، ئالىمى ئۇرۋەنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا، تەسەللى بېرىش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپلەردىن كېلىشتى... ئۇنىڭغا دېيىلگەن سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى - ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى تەلھەنىڭ سۆزى بولدى، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

- خۇشخەۋەر، ئى ئابدۇللانىڭ ئاتىسى! سېنىڭ ئەزالىرىڭدىن بىرسى، ئوغۇللىرىڭدىن بىرى جەننەتكە سەندىن بۇرۇن كەتتى. بەدەن ئۆزىنىڭ بىر قىسمىغا ئەگىشىدۇ. الله بىزگە بىز

سەندىن ئەڭ مۇھتاج نەرسىنى قالدۇردى. بىزگە سىنىڭ بىلىمىڭ، دىنى ھۆكۈملىرىڭ، قارىشىڭ بولمىسا بولمايتتى، الله بۇلار ئارقىلىق بىزگە ۋە ساڭا مەنپەئەت يەتكۈزگەي. الله ساڭا ئەجىر بېرىشكە، ھېساۋىڭنى ياخشى قىلىشقا كېپىل.

* * *

ئۇرۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىدايەت مەشئىلى، نىجاتلىق بەلگىسى، بەختكە چاقىرغۇچىسى بولۇپ ياشىدى... ئۇ ئۇمۇمەن مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارغا ھەر بىر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تەلىم بېرەتتى، پايدىلانغىلى بولىدىغانلىكى ۋاقتىدىن تولۇق پايدىلىناتتى. ئۇ باللىرىنى بىلىم ئېلىشقا قىزىقتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى:

- ئى ئوغۇللىرىم! بىلىم ئۆگىنىڭلار، ئۇنىڭغا لايىقىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار. سىلەر تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەردىن بولساڭلار، الله سىلەرنى بىلىم ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن قىلغۇسى.

ئاندىن يەنە مۇنداق دەيتتى:

- ھەي نومۇس، دۇنيادا نادان قېرىلىقتىنمۇ سەت ئىش بارمۇ؟!!!

ئۇرۋە ئۇلارنى الله ئۇچۇن قىلىدىغان سەدىقىلەرنىڭ سۈپىتىگە دىققەت قىلىشقا چاقىرىپ، مۇنداق دەيتتى:

- باللىرىم، كىشىلەرنىڭ كاتتىلىرىغا سوۋغا قىلىشتىن خىجىل بولىدىغان نەرسىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا سوۋغا قىلماڭلار. اللەتائالا ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، مۆتىۋەرلەرنىڭ مۆتىۋىرى، ھۆرمەتلىكلەرنىڭ ھۆرمەتلىكى، سوۋغاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى بېرىشكە لايىق زات.

ئۇ لارغا كىشىلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسى ۋە ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىپ، مۇنداق دەيتتى:

- باللىرىم، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، گەرچە ئۇ كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئەسكى ئادەم ھېساپلانسىمۇ، ئۇنى ياخشى ئادەم دەپ قاراڭلار، ئۇنىڭدا شۇ ياخشىلىقنىڭ قېرىنداشلىرى بار. بىلىڭلاركى، ياخشىلىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، يامانلىقمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنى يامانلىققا باشلايدۇ.

ئۇلارغا ئاددى تىل، شېرىن سۆز، خۇش چىراي بىلەن نەسىھەت قىلاتتى:

- ئى باللىرىم، ئىلىم - ھېكمەتتە مۇنداق يېزىلغان: « سۆزۈڭ ياخشى، چىرايىڭ خۇشخۇي بولسۇن، كىشىلەرگە كۆپ مال - دۇنيا بەرگەن كىشىدىن كۆپرەك مۇھەببەتلىك بولىسەن. »

ئۇ كىشىلەرنىڭ باياشاتلىققا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، ھوزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئاددى - ساددىلىقىنى، ھاياتىنىڭ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىتەتتى. مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر ھېكايە قىلىپ مۇنداق

دەيدۇ:

« ماڭا ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئۇچراپ، قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئابدۇللانىڭ دادىسى! مەن ئانام ئائىشە ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ) نىڭ قېشىغا كىردىم، ئۇ دېدى:

ـ ئوغلۇم! الله بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە، چىراق ياكى باشقا نەرسە بىلەن ئوت ياقماي قىرىق كېچە تۇرغان ئىدۇق.

ـ ئى ئانا! سىلەر نېمە بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ ئىككى قارا ئاش ـ خورما ۋە سۇ بىلەن. »

* * *

ئۇرۋە يەتمىش بىر يىلنى ياخشىلىق، خەيرىيەت ئىشلار بىلەن تولدۇرۇپ، تەقۋادارلىق بىلەن كۆچلەندۇرۇپ ۋە بىزەپ ياشىدى. ئۇنىڭغا پۇتۇلگەن تەقدىر كەلگەندە، ئو روزا تۇتۇغلۇق ئىدى. ئائىلىسى ئۇنى ئىپتار قىلغۇزۇشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئۇ كەۋسەر ئۆستىڭىنىڭ سۈيىنى كۈمۈش جاملاردا ھۆرلەرنىڭ قولى بىلەن ئىچىپ ئىپتار قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

شۇرەيھۇل قازى

« شۇرەيھە بۇ بىلىمگە قانداق ئېرىشتىڭ دەپ سورالغاندا: ئالىملارنىڭ سۆھبىتىدە، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ھەم ئۇلارغا ئۆگىتىپ ئېرىشتىم، دېگەن. »
ـ سۇفيانۇل ئەۋسى

مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تاغلىق بىر ئادەمدىن بىر ئات سېتىۋېلىپ، پۇلىنى بېرىپ، ئاتقا مىنىپ يولغا مېڭىپ كەتتى. لېكىن ئۇزاق ماڭمايلا، ئاتتا ئەيىپ ئاشكارە بولۇپ ماڭالماي قالدى. ئۆمەر كەلگەن يېرىگە قايتىپ بېرىپ، ھېلىقى ئادەمگە:

ـ ئېتىڭنى ئال، ئەيىبى بار ئىكەن، ـ دېدى.

ـ ئالمايمەن، ئى ئەمىرۇل مۇئمىنىن! ئۇنى مەن ساغلام ساتقان.

ـ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەيلەن ھۆكۈم قىلىپ قويسۇن.

ـ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا شۇرەيھە ئىبنى ھارىسىل كىندى ھۆكۈم قىلسۇن.

ـ قوشۇلىمەن.

مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئات ساتقۇچى شۇرەيھەنىڭ ئالدىغا باردى. شۇرەيھە تاغلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا قاراپ:

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئاتنى ساق ئالغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇنداق.

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! ئالغان مېلىڭنى چىڭ تۇت، بولمىسا ئەسلىدىكىدەك قايتۇرۇپ بەر، ـ دېدى. ئۆمەر شۇرەيھەگە قىزىقىپ قارىدى ۋە:

ـ ھۆكۈم شۇنداق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ سۆز ئېنىق، ھۆكۈم ئادىل

ـ كۇفەگە بارغىن، مەن سېنى شۇ يەرگە قازى قىلىپ تەيىنلىدىم.

شۇرەيھە ئىبنى ھارىس ئۆمەر قازى قىلىپ تەيىنلىگەندە جەمئىيەتتە تونۇلمىغان ياكى مۆتىۋەر ساھابىلەر، پېشقەدەم تابىئىنلار ۋە بىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئورنى يوق كىشى ئەمەس ئىدى. پەزىلەتلىك ۋە ئىلغار كىشىلەر شۇرەيھەنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى، مىسلىسىز پاراستى، يۈكسەك ئەخلاقى، ھاياتلىقتىكى مول، ئەتراپلىق تەجرىبىسىنى ئالاھىدە يۇقىرى بىلەتتى. ئۇ يەمەننىڭ كىندى جەمەتىدىن بولۇپ، ھاياتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمى جاھىلىيەت مۇھىتىدا ئۆتكەن. ئەرەپ ئارىلى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورىغان، ئىسلامنىڭ نۇرى يەمەن زېمىنىغا چۈشكەن چاغدا، شۇرەيھە اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىشەنگەن، ھىدايەت ۋە ھەقىقەت دەۋىتىگە تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشقان مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىدى. ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھەسرەتلىنەتتى. پۇرسەت بولسا مەدىنىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيادىن

خوشلىشىشتىن بورۇن بالدۇرراق بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى، ساپ، پاك ھىدايەت جەۋھىرىنى ئۇنىڭدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىشنى، ئىمان نېئمىتىگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ساھابىلىقنىڭ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، بۇ ئارقىلىق ياخشىلىق تۇلۇقى بىلەن قولغا كېلەتتى. لېكىن بۇ نېسىپ قىلىنمىدى.

* * *

ئۆمەرۇل فەرۇق ئىسلام ئاسمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كاتتىلىقى بىلەن چاقناۋاتقان چاغلاردا، تابىئىنلاردىن بولغان بىر ئادەمنى قازىلىق مەنسىۋىگە تەيىنلىگەندە، ئالدىراقسانلىق قىلمىغان ئىدى. كۆنلەر ئۆمەرنىڭ تاللىشىنىڭ توغرا، ئورۇنلاشتۇرىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇرەيھە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۇزۇلدۇرمەي ئاتمىش يىل ئەتراپىدا قازىلىق قىلدى. ئۇنىڭ مەنسىۋى ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى مۇئاۋىيەلەر تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشىپ كەلدى. شۇنىڭدەك، مۇئاۋىيەدىن كېيىن كەلگەن ئۇمەييە جەمەتىنىڭ خەلىفىلىرى تەرىپىدىنمۇ، ھەتتا، ھەججاج ۋالى بولۇپ، شۇرەيھە ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا سورىغانغا قەدەر ئۆز خىزمىتىگە قويۇلۇۋەردى. شان ـ شەرەپ، ئېسىل پەزىلەت بىلەن پاك ھالەتتە ئۇنىڭ ئۆمرى يۈزگە ئۇلاشتى. ئىسلامدىكى قازىلىق تارىخى شۇرەيھەنىڭ ئېسىل تەرجىمھالى بىلەن بېزەلدى، شۇرەيھە ئىجرا قىلغان اللەنىڭ قانۇنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەگىشىشى ۋە بويسۇنىشى بىلەن نۇرلاندى. نۇرغۇنلىغان كىتاپلارنىڭ بەتلىرى بۇ تېپىلغۇسىز كىشىنىڭ قىزىق ھىكمەتلىك سۆزلىرى، خەۋەرلىرى، ئىش پائالىيىتى بىلەن توشتى. بۇلارنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ( الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بەك ئەتىۋارلايدىغان قىممەتلىك ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى يۈقىتىپ قويىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۇفە بازىرىدا سېتىۋاتقان بىر زىممىينىڭ قولىدا تېپىۋالدى. ئەلى كۆرۈپ تونىۋالدى ۋە:

ـ بۇ مېنىڭكى، ئۇ پالانى كېچىدە، پالانى ئورۇندا تۆگەمدىن چۈشۈپ قالغان، ـ دېدى. زىممى:

ـ بەلكى بۇ مېنىڭكى، بۇ مېنىڭ قولۇمدا، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى!

ـ بۇ مېنىڭكى، مەن ئۇنى بىرەرسىگە ساتمىغان ياكى ئۇنى بىرەرسىگە بېرىۋەتمىگەن. سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالغىلى...

ـ ئەمسە ئوتتۇرىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى ھۆكۈم قىلسۇن.

ـ توغرا دېدىڭ، ئەمسە شۇنداق قىلايلى، ـ دېدى ئەلى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار قازى شۇرەيھەنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار قازىخانىغا كىرگەندە شۇرەيھە ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) گە:

ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! نېمە گەپ؟

ـ مەن ساۋۇت دۇبۇلغامنى بۇ ئادەمدە تېپىۋالدىم. ئۇ پالانى كېچە، پالانى جايدا چۈشۈپ قاپتىكەن. ئۇنى بىرەرسىگە ساتمىغان ياكى بېرىۋەتمىگەن.

ـ ھەي كىشى، سەن نېمە دەيسەن؟
ـ بۇ مېنىڭ، ئۇ مېنىڭ قولۇمدا، مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى يالغان ئېيتتىمۇ دېمەيمەن.
شۇرەيھە ئەلىگە قاراپ:
ـ ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! دېگەن گېپىڭىنىڭ راستلىقىدا گەپ يوق. لېكىن دەۋايىڭىنىڭ توغرىلىقىغا گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى گۇۋاھچى كېرەك.
ـ بولىدۇ، گۇۋاھچىم بار. خىزمەتكارىم قەمبەر، ئوغلۇم ھەسەن ماڭا گۇۋاھچى بولىدۇ.
ـ لېكىن بالىنىڭ دادىغا گۇۋاھ بولۇشى دۇرۇس ئەمەس، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى!
ـ سۇبھانەللا. جەننەت ئەھلىدىن بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھ بولۇشى توغرا ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەسەن ۋە ھۈسەيىن جەننەت ۋە ياشلىرىنىڭ رەھبەرلىرى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟
ـ ئاڭلىغان، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! لېكىن بالىنىڭ ئاتىغا گۇۋاھ بولۇشى دۇرۇس ئەمەس.
شۇ ۋاقىتتا ئەلى زىممىغا قارىدى، ۋە:
ـ ئۇنى سەن ئال، مېنىڭ ئۇ ئىككىسىدىن باشقا گۇۋاھچىم يوق، ـ دېدى. زىممى:
ـ لېكىن مەن بۇ ساۋۇت ـ دۇبۇلغىنىڭ سېنىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىمەن، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى، ـ دېدى. يەنە ئەگەشتۈرۈپ:
ـ ھەي خۇدا! مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئۆز قازىسى ئالدىدا سوتلىنىدۇ، قازى مېنىڭ پايدامغا، ئۇنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. مەن شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇ شۇنىڭغا بۇيرىغان دىن ھەقىقەتەن ھەق ئىكەن. مەن بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەدنىڭ شۇ اللەنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى قازى! بىلگىنكى، بۇ ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ئەمىرۇل مۇئمىنىننىڭ. مەن سىففىينگە ماڭغان قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىدىم، بۇ ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ئۇنىڭ تۆگىسىدىن چۈشۈپ قالدى، مەن ئالدىم، ـ دېدى. ئەلى ئۇنىڭغا:
ـ سەن مۇسۇلمان بولدۇڭ، مەن ئۇنى ساڭا سوۋغا قىلدىم، بۇ ئاتنىمۇ قوشۇپ سوۋغا قىلدىم، ـ دېدى.
بۇ ئىشقا ئۇزاق ئۆتمەي، ھېلىقى كىشى «نەھرەۋان» كۈنىدە، ئەلىنىڭ بايرىقى ئاستىدا خاۋارىجلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرى شەھىد بولدى.
ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ مەسىلىلىرىدىن يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئۇنىڭغا:
ـ مەن بىلەن بىر قەۋم ئوتتۇرىسىدا بىر ئىش بار، ئۇنىڭغا قاراپ چىققىن، ئەگەر مېنىڭ توغرا بولسا ئۇلار بىلەن سوتلىشىمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ توغرا بولسا، سوت سىرتىدا كېلىشىمەن، ـ دەپ، ئىشنى بايان قىلىپ بەردى. شۇرەيھە ئۇنىڭغا:
ـ بېرىپ ئۇلارنى سوتقا چاقىرىپ كەل، ـ دېدى.
ئوغلى دەۋاگەرنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنى سوتلىششقا چاقىردى، ئۇلار كەلدى. ھەممىيلەن

شۇرەيھەنىڭ ئالدىغا تەق بولغاندا، شۇرەيھە ئۇلارنىڭ پايدىسى، ئوغلىنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلدى. شۇرەيھە بىلەن ئوغلى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئوغلى دادىسىغا:

ـ دادا! مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ، ساڭا مەسلىھەت سالمىغان بولسام، بۇ ھالغا قالماس ئىدىم، ـ دېدى. شۇرەيھە ئوغلىغا:

ـ ئوغلۇم، سەن ماڭا پۈتۈن دۇنيادىن سۆيۈملۈك، لېكىن ئۇلۇغ الله سېنىڭدىمۇ سۆيۈملۈك. ساڭا ئۇلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى دەپ بەرسەم، ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ھەقلىرىنى يۇقتۇرۇپتىدىغان ھالدا كېلىشۇالسەن. مەن شۇنىڭدىن قورقۇپ يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلدىم، ـ دېدى.

* * *

شۇرەيھەنىڭ بىر ئوغلى بىر ئادەمگە كېپىل بولدى. شۇرەيھە ئۇنىڭ كاپالىتىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئۇ ئادەم قازىنىڭ قولىدىن قېچىپ كەتتى. شۇرەيھە قاچقان ئادەمنىڭ ئورنىغا ئوغلىنى زىندانغا سالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئوغلىغا ئۆز قولى بىلەن تاماق توشۇپ بېرەتتى.

* * *

شۇرەيھە بەزىدە بىر قىسىم گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالاتتى، لېكىن ئادالەت شەرتلىرى تولۇق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى يوققا چىقىرىدىغان سەۋەب تاپالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا:

ـ قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، الله سىلەرگە ھىدايەت بەرسۇن، مەن ئادەمگە سىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىڭلار بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن. مەن دوۋزەختىن سىلەردىن بەك قورقىمەن، سىلەرمۇ قورقۇشۇڭلار كېرەك. سىلەر ھازىر گۇۋاھلىقىڭلاردىن يېنىۋالساڭلارمۇ بولىدۇ، ـ دەيتتى. ئۇلار گۇۋاھلىقىدا چىڭ تۇرسا، قارشى تەرەپكە قاراپ:

ـ خەۋىرىڭدە بولسۇن، مەن ساڭا بۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن. مەنمۇ سېنى خاتا قىلغۇچى دەپ قارايمەن، لېكىن مەن گۇمان بىلەن ھۆكۈم قىلمايمەن، پەقەت گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن. مېنىڭ ھۆكۈمۈم الله ساڭا چەكلىگەن نەرسىنى توغرا قىلالمايدۇ، ـ دەيتتى.

شۇرەيھەنىڭ سوتخانىدا تەكرارلايدىغان شوئارى: «ئەتە (يەنى قىيامەتتە) زالىم زىيان تارتقۇچى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، زالىم جازاغا، زۇلۇم قىلىنغۇچى ئادالەتكە ئېرىشىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، الله ئۈچۈن بىر نەرسە تەقدىم قىلغان ئادەم چۇقۇم شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ.»

* * *

شۇرەيھە الله، رەسۇلۇللا ۋە كىتاب ئۈچۈن نەسىھەت قىلغۇچىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى نەسىھەت بىلەن ھەق يولغا يېتەكلىگۈچى ئىدى. ئۇلاردىن بىرى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

مەن بىر دوستۇمغا دەردىمنى ئېيتىۋاتاتتىم، شۇرەيھە بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ بىر چەتكە تارتىپ، مۇنداق دېدى:

ـ ھەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! اللەدىن باشقىغا دەردىڭنى ئېيتىشتىن ساقلان. سەن دەردىڭنى ئېيتقان ئادەم ياكى سېنىڭ دۈشمىنىڭ ياكى دوستۇڭ. ئەگەر ئۇ دوستۇڭ بولسا بىئارام بولىدۇ. ئەگەر دۈشمىنىڭ بولسا سېنى تىللايدۇ.

ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى:

ـ سەن مېنىڭ بۇ كۆزۈمگە قارا ـ ئۇ بىر كۆزنى كۆرسەتتى ـ اللە بىلەن قەسەمكى، ئون بەش يىلدىن بېرى بۇنىڭدا ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن. لېكىن بۇنى مەن ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم. پەقەت ھازىر ساڭا دېدىم. سەن دىيانەتلىك بەندىنىڭ (يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى): «مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت اللەغىلا ئېيتىمەن» (سۈرە يۇسۇف 86ـ ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ سەن ھەر قانداق شىكايەت، دەرت، غەم ـ قايغۇلىرىڭنى ئۇلۇغ اللەغىلا ئېيت. ئۇ ئەڭ ياخشى مەسئۇل بولغۇچى ۋە ئەڭ ياخشى ئاڭلىغۇچى.

شۇرەيھە بىر كۈنى بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن بىر نەرسە تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئىنساندىن بىر نەرسە سورىغان ئادەم ئۆزىنى قۇل قىلغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇ بەرسە بۇ قۇلغا ئايلىنىدۇ، ئەگەر بەرمىسە، ھەر ئىككىلىسى خورلۇقتا قالىدۇ. ئۇ پېخسىقلىقنىڭ خورلۇقىغا، بۇ قۇرۇق قول قايتىشنىڭ خورلۇقىغا قالىدۇ. ئەگەر سورىساڭ اللەدىن سورىغىن. ياردەم تەلەپ قىلساڭ اللەدىن ياردەم تەلەپ قىل. بىلگىنكى اللەدىن باشقا ھەقىقى ياردەم بەرگۈچى، كۈچ ـ قۇدرەت ئىگىسى، مەدەتكار يوق.

كۇفەدە ۋابا كېسىلى يۈز بەردى. شۇرەيھەنىڭ بىر دوستى بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەجەفكە قېچىپ كەتتى. شۇرەيھە ئۇنىڭغا مۇنداق خەت يازدى:

ـ مەقسەت، سەن تاشلاپ ماڭغان ئورۇن ساڭا ئەجەلنى بالدۇر ئېلىپ كېلىپ، ھاياتىڭنى بالدۇر ئاخىرلاشتۇرالمايدۇ. سەن قېچىپ بارغان جاي ھېچنەرسە قارشى تۇرالمايدىغان، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان زاتنىڭ چاڭگىلىدا. بىز ۋە سەن بىر پادىشاھ ـ اللەنىڭ زېمىنى ئىچىدە. نەجەف ئۇ قۇدرەت ئىگىسىگە يىراق ئەمەس.

بۇنىڭدىن سىرت، شۇرەيھە تىللىرى يۇمۇرلۇق، سۆزلىرى تاتلىق، بايانلىرى چۈشىنىشلىك، ئۇستا شائىر ئىدى. ئۇ توغرىلىق مۇنداق بايان بار:

ئۇنىڭ ئون ياشلارغا كىرگەن بىر بالىسى بولۇپ، ئويۇن تاماشىغا بەك ئامراق ئىدى. بىر كۈنى ئىزدەپ كىرسە يوق، كىتاپلىرىنى تاشلاپ، ئىتى بىلەن كۆڭۈل ئاچقىلى چىقىپ كەتكەن ئىكەن. بالىسى قايتىپ كەلگەندە:

ـ ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
ـ ياق، ـ دەپ جاۋاپ بەردى ئوغلى.
شۇرەيھە قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇستازىغا مۇنداق دەپ يازدى:
بەدقىلىق ئازغۇنلار بىلەن تالاشتۇرۇپ ئىت،
ئويناپ يۈرۈپ نامازنىمۇ ئوقۇماپتۇ، ئىست.
بىر پارچە خەت ئېلىپ بارىدۇ ساڭا،
ئامەت ئەمەس بەختسىزلىك يېزىلغان ئاڭا.
ئۇنى تاپا ـ تەنە بىلەن ئوبدان ئادەم ئەت،
ۋە ياكى ئاقىل ـ ئەدىپلەرچە قىل نەسىھەت.
گەر ئۇرار بولساڭ ئىشلەتكىن دەررە،
ئۆزەڭنى تۇتىۋال بولسا ئۈچ مەررە.
تەربىيەلەشتە بولغىن تەدبىرلىك،
روھى ياخشىدۇر قىلسىمۇ ئەسكىلىك.
اللە ئۆمەرۇل فەرۇقتىن رازى بولسۇن، ئۇ ئىسلام قازىلىقىنى ئېسىل، تېگى ساپ، جۇلالىق، ئۇنچە مەرۋايىت بىلەن زىننەتلىدى، مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇن مەشئەل تەقدىم قىلدى. ئۇلار ھەتتا بۈگۈنگە قەدەر شۇرەيھەنىڭ اللەنىڭ قانۇنىنى بىلىش مەشئىلى بىلەن، ئۆز تۇرمۇشىنى يورۇتىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چۈشىنىش نۇرى بىلەن يول تېپىۋاتىدۇ. ئۇ ئارقىلىق ھەر قايسى ئەللەرگە قىيامەت كۈنىگە قەدەر پەخىرلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.
اللە قازى شۇرەيھەگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ئاتمىش يىل كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزدى، بىرسىگە زۇلۇم قىلمىدى، ھەقتىن ئېغىپمۇ كەتمىدى. ھۆقۇقدار بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىنى ئايرىمىدى...

## «مەن ھۆسەيىن ئىبنى ئەلىدىن پەزىلەتلىك
## بىرەر قۇرەيشلىكنى كۆرۈپ باقمىدىم»
## ــ زوھرى

ئاشۇ نۇرلۇق يىللىرى پارىس شاھلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنىڭ ھاياتلىق بەتلىرى يېپىلدى. پارىسلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ـ يەزدەجىرد قوغلاندى قىلىنغان ھالدا ئۆلدى. ئۇنىڭ قوماندانلىرى، قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئائىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. غەنىمەتلەر مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ زور غەلىبىنىڭ ئەسىرلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە مەدىنە تارىخى كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ، تولۇق ۋە قىممەتلىك ئىدى. ئەسىرلەرنىڭ قاتارىدا يەزدەجىردنىڭ ئۈچ قىزىمۇ بار ئىدى. كىشىلەر كېلىپ ئەسىرلەرنى بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا سېتىۋېلىپ، پۇلنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇردى. ئۇلاردىن پەقەت يەزدەجىردنىڭ ئۈچ قىزىلا قالدى. ئۇلار ئاياللار ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ نۇرانە ۋە ئەڭ گۈزەل ئىدى. ئۇلار سېتىلماقچى بولغاندا خىجالەت ۋە خورلۇقتىن يەرگە قارىۋالدى. ھەسرەت ۋە مەغلۇبىيەتتىن كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. بۇلارغا ئەلى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ ئىچى ئاغرىدى ۋە ئۇلارنى بۇ قىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىشىنى ئۈمىت قىلدى. بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ خورلۇقتا قالغان رەھبىرىگە كۆيۈنۈڭلار». ئەلى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا قارىدى.

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پادىشاھنىڭ قىزلىرىغا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنمىسا بولاتتى.

ـ راست دېدىڭ، بىراق قانداق قىلىش كېرەك؟

ـ ئۇلارغا يېقىدىن يۇقىرى باھا قويۇلسۇن ھەمدە پۇل تاپشۇرغانلاردىن كىمنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسۇن.

ئۆمەر بۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى ۋە شۇ بويىچە قىلدى. ئۇلاردىن بىرى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى تاللىدى. يەنە بىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى تاللىدى. ئۈچىنچىسى، يەنى «شاھى زىنان» دەپ ئاتىلىدىغىنى ئەلىنىڭ ئوغلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ـ ھۆسەيىننى تاللىدى.

* * *

شاھى زىنان ئىسلام كەلتۈرۈپ مۇسۇلمانلاردىن بولدى، اللهنىڭ دىنىنى ياخشى ئۆگەندى ۋە بۇ دىنىنىڭ شەرىپى بىلەن قۇللۇقتىن قۇتۇلدى. دېمەك بولغاندىن كېيىن ھەقىقى ئايالغا ئايلاندى ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئۇ شېرىك بىلەن تولغان ئۆتمۈشى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمەكچى بولۇپ، «شاھى زىنان» يەنى ئاياللارنىڭ شاھى دېگەن ئىسمىنى غەزالە دېگەن ئىسىمغا

ئۆزگەرتتى. غەزالە ئەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىغا ئەڭ لايىقى بىلەن بەختتە چۆمدى. ئۇنىڭ پەقەت بالا يۈزى كۆرۈشتىن باشقا ئارزۇسى قالمىدى. الله ئۇنىڭغا بۇنىمۇ ئاتا قىلىپ، ھۇسەيىنگە چىرايلىق، چىرايى نۇرلۇق بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئۇنىڭغا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ھەم ئۇنى رازى قىلسۇن) نىڭ ئىسمىنى قويدى. لېكىن غەزالەنىڭ خۇشاللىقى بىر نەچچە مىنۇتتىن ئاشمىدى. چۈنكى تۇغۇت قىزتمىسى سەۋەبىدىن ئۇنى ئەجەل چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى، بالىسىغا قېنىۋېلىش پۇرستى بەرمىدى.

بۇۋاق بالىنى بېقىشنى مۇھەممەدنىڭ بىر ئايال خىزمەتچىسى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئانا بۇۋاقتا ئۆزىنىڭ يالغۇز بالىسىغا كۆيۈنگەندىن بەكرەك كۆيىنەتتى. كىچىك ئەلى ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭدىن باشقا ئانىنى تونىمايتتى. ھۇسەيىننىڭ ئوغلى ئەلى ئاق- قارىنى پەرىق ئەتكىدەك بولىشى بىلەنلا ئىشتىياق ۋە قىزغىنلىق بىلەن بىلىم ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۇنجى مەكتىۋى ئۆز ئۆيى بولدى. ئۇنىڭ ئۆيى ھەقىقەتەن ئېسىل ئۆي ئىدى. تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى- دادىسى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى بولدى. ئۇمۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئۇستاز ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى مەكتىۋى- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ئىدى. شۇ كۈنلەردە بۇ مەسجىد ھايات بار ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ پېشىۋالىرى بىلەن قاينام- تاشقىنلىقتا چۆمگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ساھابە- كىراملارنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بۇ يېڭى غۇنچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ قويىننى كەڭ ئېچىپ، ئۇلارغا اللەنىڭ كىتاۋىنى ئۆگىتەتتى، ئۇنىڭ مەنىلىرىنى چۈشەندۈرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى بايان قىلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ مەقسەت- مۇددىئالىرىنى يېشىپ بېرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە غازاتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئەرەپ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، بەدىئىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ يۈمران دىللىرىنى اللەنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش بىلەن تولدۇراتتى- دە، ئۇلار ئالىم، ئەمەلدار، توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە ئۆزىمۇ ماڭغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى.

ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن قۇرئاننى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ سىزىملىرىنى ھېچقانداق نەرسە قۇرئان ئۆزىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بىلەن تىترەتكەندەك تىترىتەلمەيتتى. ئۇ ئەگەر جەننەتنىڭ بايانى بار ئايەت ئوقۇسا، جەننەتكە بولغان ئىشتىياقىدىن قەلبى قانات ياسايتتى. ئەگەر دەۋزەخنىڭ بايانى بار ئايەت ئاڭلىسا، خۇددى جەھەننەمنىڭ ئوتلىرى يۇتۇپ كەتكەندەك قاتتىق ئاھ تارتاتتى. ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن بىلىم ۋە ياخشىلىقتا قۇرامىغا يېتىش بىلەن مەدىنە جەمئىيتى بەنى ھاشىم ياشلىرى ئىچىدە ئىبادەتنى ھەممىدىن بەك قىلىدىغان، قاتتىق تەقۋا، ئەخلاقى پەزىلىتى ھەممىدىن يۇقىرى، خەيرى- ئېھسان قىلىشتا ھەممىدىن كۆپ، نەزەر دائىرىسى ۋە بىلىمى ھەممىدىن كەڭ ئۆلگىلىك بىر ياشقا ئېرىشتى. ئەلى ئىبنى ھۇسەيىننىڭ ئىبادەت، تەقۋادارلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى ئۇ تاھارەت بىلەن ناماز ئارىلىقىدا پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، جۇغۇلداپ كېتەتتى. باشقىلار بۇ توغرىلىق گەپ قىلغاندا:

- ھەي، سىلەرنى! سىلەر مېنىڭ كىمنىڭ ئالدىدا تۇرماقچى بولغانلىقىمنى ئۇقمايدىغاندەك، كىم بىلەن سىرداشماقچى بولغانلىقىمنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسىلەرغۇ؟!

بەنى ھاشىملىق بۇ ياش ئىبادەتنى شۇنچىلىك گۈزەل ۋە ئەستايىدىل قىلغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى «زەينۇل ئابىدىن- (ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ زىننىتى)» دەپ چاقىرىدىغان بولغان. ھەتتا قەۋمى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. ئۇ سەجدىنى بەك ئۇزۇن، بەك بېرىلىپ قىلغانلىقتىن، مەدىنىلىكلەر ئۇنى «سەججاد- (سەجدىنى بەك كۆپ قىلغۇچى)» دەپ چاقىراتتى. روھى پاك، قەلبىنىڭ سۈزۈكلىكىدىن، كۆپچىلىك ئۇنى «زەكى- (گۇناھتىن پاك)» دەپ سۈپەتلەيتتى.

زەينۇل ئابىدىن دۇئانىڭ ئىبادەتنىڭ يىلىكى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ھەمدە كەئبىنىڭ پەردىسىگە ئېسىلىپ دۇئا قىلىشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى- دە، بەيتۇللاغا كىرىپ مۇنداق دەيتتى:

- ئى رەببىم! سەن ماڭا ئۆز رەھمىتىڭنىڭ تەمىنى خالىغىنىڭچە تېتىتتىڭ، ئىنئاملىرىڭدىن خالىغىنىڭچە بەردىڭ. مانا مەن ھازىر ساڭا خاتىرجەم دۇئا قىلىۋاتىمەن. قورقماستىن سەندىن سوراۋاتىمەن. ئى رەببىم! مەن ساڭا شۇنداق يالۋۇرىمەنكى، مەن سېنىڭ ماڭا رەھمەت قىلىشىڭغا، ئىبادەتلىرىڭنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈچ- قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىڭغا بەكمۇ مۇھتاجمەن. سەندىن باشقىسى ئىجابەت قىلالمايدىغان مېنىڭ بۇ ئازغىنا، يول تاپالمايدىغان دۇئالىرىمنى قوبۇل قىلغىن، ئى كەرىمى كەڭ رەببىم!

بىر قېتىم تاۋۇس ئىبنى كەيسان ئۇنىڭ كەئبىنىڭ سايىسىدا سەكراتقا چۈشكەن ئادەمدەك جىم تۇرالمايۋاتقانلىقىنى، ئېغىر كېسەل ئادەمدەك يىغلاۋاتقانلىقىنى، قاتتىق مۇھتاج كىشىدەك دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ساقلاپ تۇردى. يىغىسىدىن توختاپ، دۇئاسىنى قىلىپ بولغاندا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى! سېنى بۇ ھالدا كۆردۈم. سېنىڭ ئۈچ ئارتۇقچىلىقىڭ بار. قورقۇشتىن خاتىرجەم بولۇشۇڭنى ئۈمىت قىلىمەن، - دېدى. زەينۇل ئابىدىن:

- ئى تاۋۇس! ئۇلار قايسى؟ - دەپ سورىدى.

- ئۇلار: بىرى، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى. ئىككىنچىسى، بۇۋاڭ ساڭا شاپائەت قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى ساڭا اللەنىڭ رەھمىتى بار.

- ئى تاۋۇس! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلىشىم مېنى اللەنىڭ غەزىپىدىن خاتىرجەم قىلالمايدۇ. مەن ئۇلۇغ اللەنىڭ: «سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ» (سۈرە مۇئمىنۇن 101- ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇۋامنىڭ ماڭا شاپائەت قىلىشىغا كەلسەك، بۇيۇك اللە: «ئۇلار پەقەت مەن رازى بولغان كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلالايدۇ» (سۈرە ئەنبىيا 28- ئايەت) دېگەن. اللەنىڭ رەھمەت قىلىشىغا

كەلسەك، الله: «مېنىڭ رەھمىتىم ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر» (سۈرە ئەئراف 56- ئايەت) دېگەن.

* * *

تەقۋالىق زەينۇل ئابىدىنغا نۇرغۇن ئىسىل پەزىلەت، ئالىجاناپلىق ۋە كەڭ قۇرساقلىق ئاتا قىلدى. تەرجىمىھال كىتاپلىرى ئۇنىڭ كاتتا خەۋەرلىرى بىلەن زىننەتلەندى، سەھىپىلىرى ئۇنىڭ ئالىجاناپ پۇزىتسىيىسى بىلەن نۇرلاندى. بۇلاردىن بىرى، ھەسەن ئىبنى ھەسەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« مەن بىلەن تاغامنىڭ ئوغلى زەينۇل ئابىدىن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇرادەرلىرى بىلەن مەسجىدتە ئىكەن، مەن تىللاپ ئىچىمنى تازا بوشاتتىم. ئۇ لام- جىم دېمىدى، مەن يېنىپ كەلدىم. كەچ كىرگەندە بىرى ئىشىكنى چەكتى. مەن كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم، زەينۇل ئابىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرىمنى ياندۇرۇپ بېرىشكە كەلگەنلىكىدىن گۇمانلاندىم. لېكىن ئۇ:

- قېرىندىشىم! سەن ماڭا دېگەن سۆزلىرىڭدە راستچىل بولساڭ، الله مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرسۇن. ئەگەر يالغان ئېيتقان بولساڭ، الله سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى كەچۈرسۇن، - دەپ سالام قىلىپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا:

- قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن، - دېدىم. ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى يۇمشاپ:

- سەن دېگىنىڭگە ئەمەل قىلالايسەن، - دېدى.» مەدىنە ياشلىرىدىن بىرى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« زەينۇل ئابىدىن مەسجىد سىرتىغا چىققان ئىدى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇنى تىللاشقا باشلىدىم، سەۋەبىنى بىلمەيتتىم. كىشىلەر مېنى تۇتىۋالماقچى بولۇپ، ماڭا ئېتىلدى. ئەگەر ئۇلار مېنى تۇتىۋالغان بولسا، ئۇستىخانلىرىمنى چېقىۋەتمەي قويمايتتى. زەينۇل ئابىدىن كىشىلەرگە قاراپ:

- ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، - دېدى. ئۇلار ماڭا تەگمىدى. ئۇ مېنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، يېنىمغا خۇشچىراي كەلدى ۋە مېنى تىنچلاندۇرۇپ، خاتىرجەم قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن ماڭا:

- سەن بىزنى بىلىدىغانلىرىڭ بۇيىچە تىللىدىڭ، سەن بىلمەيدىغان ئىشلار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ، - دېدى. ئۇ يەنە:

- سېنىڭ بىز ئادا قىلىپ بېرىدىغان ھاجىتىڭ بارمۇ؟ - دېدى. ئۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ، ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇ مېنىڭ خىجىل بولغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئۇچىسىدىكى كىيىمنى ماڭا يېپىپ

قويدى ھەمدە ماڭا مىڭ دەرھەم بېرىشنى بۇيرىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ھەر قاچان ئۇنى كۆرسەم:

- سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرىدىن، مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ - دەيدىغان بولدۇم.

ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئەلى ئىبنى ھەسەننىڭ خىزمەتكارى ئىدىم. ئۇ مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتتى، مەن كېچىكىپ كەلدىم. ئۇ مېنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى- دە، مەن يىغلىدىم. مېنىڭ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى ئۇ مەندىن بۇرۇن ھېچكىمنى ئۇرۇپ باقمىغان. مەن ئۇنىڭغا:

- اللەدىن قورققىن. سەن مېنى خىزمىتىڭگە سالسەن، ئادا قىلىپ بولسام مېنى ئۇرامسەن؟ - دېدىم. ئۇ يىغلاپ كەتتى ۋە:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن: «ئى اللە! ئەلى ئىبنى ھەسەننىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلغىن» دېگىن. ئەگەر بېرىپ شۇنداق قىلساڭ، سەن اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئازات، - دېدى. مەن بېرىپ ناماز ئوقۇدۇم، دۇئا قىلدىم. ئۇنىڭ ئۆيىگە ھۆر، ئەركىن بولۇپ يېنىپ كەلدىم.

اللە ئەززە ۋەجەللە زەينۇل ئابىدىننىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مول نىئمەت ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىپ تۇرىۋاتقان تىجارىتى، ياخشى بولۇۋاتقان دېھقانچىلىقى بار بولۇپ، بۇلارنى خىزمەتكارلىرى قىلاتتى. دېھقانچىلىق ۋە تىجارىتىدىن كۆپ كىرىم كىرەتتى. لېكىن بايلىق زەينۇل ئابىدىننى قىلچىمۇ ئۆزگەرتىۋەتمىگەن، باياشاتلىق ئۇنى چوڭچى قىلمىغان ئىدى. ئۇ بۇ دۇنيانىڭ مېلىنى ئاخىرەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلغان. ئۇنىڭ بايلىقى ياخشى كىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ياخشى بايلىق ئىدى. خەيرىيەت ئىشلىرىدىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغىنى- مەخفى سەدىقە قىلىش ئىدى. كەچ كىرسە ئۇ ئاجىز ئۈچىسىدا ئۇن خالتىلىرىنى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا يۈدۈپ چىقاتتى. ئۇنى ئېلىپ خىجىلچىلىقتىن كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمىغان ھاجەتمەنلەرگە سەدىقە قىلىش ئۈچۈن مەدىنە كوچىلىرىنى ئايلىناتتى. نۇرغۇن مەدىنىلىك رىزقىنىڭ مول، سەدىقىنىڭ كىمدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئەلى ئىبنى ھۇسەين ۋاپات بولغاندا، سەدىقە كەلمىدى، ئاندىن ئۇلار سەدىقىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلدى. ئۇ يۇيۇلىدىغان جايغا قويۇلغاندا، يۇيغۇچىلار ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئۈچىسىدا قارا ئىزنى كۆرۈپ:

- بۇ نېمە ئىز؟ - دەپ سورىدى. ئۇلارغا:

- بۇ مەدىنىدىكى يۈز ئۆيگە ئۇن خالتىلىرىنى يۈدۈپ ئاپارغاننىڭ ئىزى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن نەپىقە قىلغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، - دېيىلدى.

* * *

ئەلى ئىبنى ھۇسەيننىڭ قۇللارنى ئازات قىلىشى توغرىسىدىكى خەۋەر كارۋانلار بىلەن

زېمىنىنىڭ شەرىق ۋە غەرىپ تەرەپلىرىگە تارقالغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئىشى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ئېشىپ كەتكەن. خىيال قىلغۇچىلارنىڭ خىيالىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ بىر ياخشى ئىش قىلغان قۇلنى ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئازات قىلاتتى، يامان ئىش قىلغان قۇل گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا، تەۋبە قىلغانلىقنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئازات قىلاتتى، ھەتتا بايان قىلغۇچىلار ئۇنى مىڭ قۇل ئازات قىلغان دەپ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

- ئۇ بىر ئەر ياكى ئايال قۇلنى بىر يىلدىن ئارتۇق خىزمەتكە سالمىغان. ئۇ روزا ھېيت كېچىسى ئادەتتىكىدىن كۆپ قۇل ئازات قىلاتتى. ئۇ بۇ مۇبارەك كېچىدە الله ئازات قىلىشقا تەقدىر قىلغان قۇللارنى ئازات قىلاتتى. ئۇلار:

- ئى الله! ئەلى ئىبنى ھۇسەيىنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلغىن، - دەپ سورايتتى. ئاندىن ئۇلارغا بىر ھېيتنى ئىككى ھېيت، بىر خۇشاللىقنى ئىككى خۇشاللىق قىلغۇدەك دەرىجىدە نەرسە-كېرەك، لازىمەتلىكلەرنى بېرەتتى.

ئەلى ئىبنى ھۇسەين كىشىلەرنىڭ قەلبىدە شۇ دەۋىردە ھېچكىم ئېرىشىپ باقمىغان ئورۇنغا ئېرىشتى. ئۇنى كىشىلەر چىن، سەمىمى دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى، ھەقىقى تۈردە ئۇلۇغلايتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ-چىقىۋاتقاندا ياكى مەسجىدكە بېرىپ كېلىۋاتقاندا، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇراتتى.

يەنە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك مەدىنىگە ھەج قىلغىلى كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ ۋەلىئەھدى، يەنى خەلىفىنىڭ ئىز باسارى ئىدى. ئۇ تاۋاپ قىلماقچى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەد (- قارا تاش) نى سۆيۈش ئۈچۈن كەلدى. ئۇنى قورشاپ ماڭغان ئەسكەرلەر كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا، ھىشامغا يول بىكارلاپ بېرىشكە باشلىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭغا قارىمىدى ۋە يول بوشىتىپ بەرمىدى.

چۈنكى بەيتۇللا اللەنىڭ بەيتى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ بەندىسى ئىدى. ئۇلار شۇنداق تۇرۇۋاتقاندا يىراقتىن كەلگەن تەھلىل ۋە تەكبىر ئاۋازى ئاڭلاندى- دە، بۇيۇنلار شۇ تەرەپكە سوزۇلدى. يىراقتىن كىشىلەر توپى ئىچىدە چىرايى نۇرانە، كۆرۈنۈشى ئىللىق، جىسمى ئورۇق، سالماق، سالاپەتلىك بىر ئادەم ئىشتان ۋە رىدا بىلەن كەلدى. پېشانىسىدە سەجدىنىڭ تەسىرى بار ئىدى. كىشىلەر توپى ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ، بېرىشكە، سەپ- سەپ بولۇپ تۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنى كىشىلەر ئىشتىياق ۋە مېھرى- مۇھەببىتى بىلەن قارشى ئالاتتى، ئاخىرى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە يېتىپ كېلىپ، ئۇنى سۆيدى. مۇشۇ ۋاقىتتا قوغدىغۇچىلارنىڭ بىرى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىككە قارىدى ۋە:

- كىشىلەر مۇنداق ھۆرمەتلەپ، ئۇلۇغلىغان كىشى كىم؟ - دېدى. ھىشام:

- ئۇنى تونىمايمەن، - دېدى. پەرەزدەقمۇ بار ئىدى، ئۇ:

ـ ھىشام ئۇنى تونىمىسا، مەن تونۇيمەن، پۈتۈن دۇنيا ئۇنى تونۇيدۇ. ئۇ ـ ئەلى ئىبنى ھۈسەين. اللە ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ دادىسىدىن ۋە بوۋىسىدىن رازى بولسۇن، ـ دېدى.

بۇ كىشىنىڭ سالمىقىنى مەككە چوڭقۇر بىلىدۇ،
بىلىدۇ ئۇنى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر، ھەتتا بەيتۇللامۇ.
پۈتۈن بەندىلەرنىڭ ياخشىسىنىڭ ئوغلى ئۇ،
پاك، تەقۋا، مەشھۇر پەرىزكار كىشى ئۇ.
بۇ فاتىمەنىڭ ئوغلىدۇر گەر بىلمىسەڭ،
پەيغەمبەر ئەۋەتىش تاماملانغان ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن.
سېنىڭ بۇ كىم دېگەن سۆزۈڭ ئۇنىڭغا نۇقسان ئەمەس،
ئۇنى ئەرەپ ۋە ئەجەملەر ھەممىسى بىلىدۇ، بەس.
ئۇنىڭ ئىككى قولى تولۇپ ـ تاشقان بەخت يامغۇرى،
تەلەپ قىلغانلار ھەممىسى تولۇق ئېرىشكۈسى.
كەمتەردۇر، ھەيۋىسىدىن قورقۇش كەتمەيدۇ،
ئۇنى ھامان گۈزەل ئەخلاق، ئالىجاناپلىق زىننەتلەيدۇ.
تەشەھھۇدتىن باشقا جايدا يوق دېمىدى،
تەشەھھۇد بولمىغان بولسا، مەڭگۈ يوق دېمەس ئىدى.
ئۇنىڭ ئېھسانى بىلەن يۇقالدى زۇلمەت،
يوقالدى كەمبەغەللىق، يوقالدى يوقسۇل قىسمەت.
ئەگەر ئۇنى بىرەر قۇرەيش كۆرسە تەرىپلەر،
ئۇ گۈزەل ئەخلاقتا ۋايىغا يەتتى، دەپ.
خىجىللىقتىن يەرگە قارايدۇ، باشقىلارمۇ تارتىنىدۇ،
كىشىلەر ئۇنىڭغا پەقەت تەبەسسۇم قىلغاندىلا گەپ قىلىدۇ.
ئالقىنى بىر گۈل، پۇرىقى خۇشبۇي،
ئالىجاناپ پەزىلىتى، روھى ئۈستۈن.
ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدىندۇر،
ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، خارەكتىرى، تەبىئىيتى ھەقىقەتەن پاكتۇر.

* * *

اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسىدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن. ئۇ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ھەر ۋاقىت اللەدىن قورقىدىغانلارنىڭ، اللەنىڭ ئازاۋىدىن قورقۇپ، ساۋابىنى ئۈمىت قىلىپ روھىنى قاتتىق تىزگىنلەيدىغانلارنىڭ مىسلىسىز ئۈلگىسى ئىدى.